# جۇڭگودا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە غەربكە تارقىلىشى

## ـــــــ ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات



ياسىن ھوشۇرئەلى

## بىرىنچى باب
## مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشى
## بىرىنچى پاراگراف
## ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى
### 1.ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى

مىلادى 12ـ ئەسىردىن 13ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىغا مۇھىم تۆھپە قوشقان يەنە بىر مىللەت回鹘(خۇيگۇ) لاردۇر.

خۇيگۇلار بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولۇپ، ملادى 788-يىلدىن 13-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىغىچە يېزىلغان خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا مۇشۇنداق ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە خاتىرىلەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ملادىدىن بۇرۇنقى3-ئەسىردە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى بىلەن بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى بىپايان زېمىندا ياشىغان «دىڭلىڭ» (丁零)لارغا تۇتىشىدۇ. ملادى3-ئەسىردىن ئىلگىرى دىڭلىڭلار «دى» (狄)لار دەپ ئاتالغان. 3-ئەسىردىن كېيىن «دى»لار «چىلى» (敕勒) ياكى «گاۋچې» (高车 ـــــ ئېگىز ھارۋىلىقلار ـــــ قاڭقىللار) دەپ ئاتالغان. ملادى 390-يىلى خەنزۇچە يازما خاتىرىلەردە «يۈەنخې» (袁纥) دېگەن مىللەت نامى خاتىرىلەنگەن، يۈەنخېلار قاڭقىللار ئېلىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىدى. يۈەنخې ۋە تارىخىي خاتىرىلەردە كېيىنچەرەك ئۇچرايدىغان «ۋېيخې» (韦纥)، «خۇيگۇ» قاتارلىقلار «Uyghur» نىڭ ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋردىكى ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر.

ملادى487-يىلى قاڭقىللار تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدا قاڭقىللار ئېلىنى قۇرغاندا خۇيگۇلار قاڭقىللار قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى بىر ئۇرۇق ئىدى. 541-يىلى(غەربىي ۋېي دەۋرى داتۇڭ سەلتەنەتنىڭ7-يىلى) قاڭقىللار ئېلى زاۋال تاپتى. ملادى627-يىلى(تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەن سەلتەنەتنىڭ 1-يىلى) ئۇيغۇرلار(خۇيگۇ) ئاقساقىلى بۇساتنىڭ باشلىقى بىلەن سىرتاردۇش قاتارلىق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ناھايىتى تېزلا زوركۈچ ھاسىل قىلىپ تۈرك قاغانلىقى(كۆك تۈرك قاغانلىقى)نى ھالاك قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ شىمالى ۋە شەرقىي تەڭرىتاغ ئەترابلىرىدا كۈنسېرى كۈچىيىپ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ سىرتاردۇش خانلىقىنى ھالاك

قىلدى، دەل شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلار قوملۇقنىڭ شىمالىدىن تەڭرىتاغلىرى ۋە تارىم ئويمانلىقىغىچە بولغان زېمىندا سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندى.

مىلادى 9-ئەسىردىن 13-ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلار تۇرپان، دۇنخۇاڭ(دەشتئاتا) قاتارلىق جايلاردا يەرلىك ھاكىمىيەت قۇرغان. بۇ جايلار شەرق-غەرب مەدەنىيىتى ئالمىشىدىغان ئۆتۈشمە يول بولغاچقا شەرق-غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۆرلۈك مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىش تۈگۈنى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرلار تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا سىرتتىن كىرگەن تۆرلۈك دىن ۋە مەدەنىيەتلەرنى سىغدۇرۇپ ۋە قوبۇل قىلىش ئارقىلىق شانلىق مەدەنىيەت يارىتىپ، شەرق-غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالماشتۇرۇلىشى ئۇچۇن مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، مول تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرغان. ئۇيغۇرلار قالدۇرغان بۇ قەدىمىي مىراسلار قەدىمقى غەربىي يۇرت ۋە شەرق-غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

مىلادى745-يىلى ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئوردۇبالىق( قارابالاغاسۇن)نى پايتەخت ۋە سىياسىي مەركەز قىلغان قاغانلىق قۇرغان ھەمدە ئىدۇققۇت، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالى ۋە ئىككى دەريا ۋاداسى (ماۋارائۇننەھر) نى ئۆزىنىڭ كۈچ دائىرىسىگە ئالغان. مىلادى 755-يىلى تاڭ سۇلالىسى زېمىندە ئۆڭلۈگ-سۆيگۈن توپىلىڭى كۆتۈرۈلگەندە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردەم سوراش ئىلتىجاسىغا بىنائەن ئۇيغۇر قاغانلىقى ئىككى قېتىم لەشكەر تارتىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىشىغا ياردەم بەرگەن، شۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قۇدرىتى تازا كۈچىيىپ مەنپەئەت دائىرىسىنى شەرقىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغىچە كېڭەيتكەن. 9-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغا

كەلگەندە ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا ئىچكى نىزا كۆتىرىلىپ، قاغانلىق ۋەزىيىتى داۋالغۇپ ئارقا-ئارقىدىن قاغان ئالماشقان، ئۇدا بىرنەچچە يىل تەبىئىي ئاپەتنىڭ قويۇقى ئۇزۇلمەي قاغانلىق ئىگىلىكى ۋەيران بولغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مىلادى 840-يىلى (تاڭ سۇلالىسى كەيچېڭ سەلتەنەتىنىڭ 5-يىلى) قاغانلىق پۇقرالىرىدىن قىرغىزلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ پايتەخت قارابالاغاسۇنغا باستۇرۇپ كىلىپ قاغانلىقنىڭ ھالاكىتىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ چاغدا پانتېكىن قاتارلىق خان جەمەتى ئەزالىرى ۋەزىر-ۋۇزرالىرىنىڭ ھىمايىسىدە 15قەبىلىنى باشلاپ قاغانلىق ئوردىسىنى غەربكە كۆچۈرۈپ يەتتەسۇ ۋادىسىغا كەلدى ھەمدە پانتېكىن ئۆزىنى 200مىڭ پۇقراغا يابغۇ، دەپ جاكارلاپ كېيىنكى قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالدى (1).

مىلادى 866-يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتامانى بۆكەقۇن (仆固俊) ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ تۇبۇتلەر ئىلكىدىن ئىدۇققۇت، بېشبالىخ، بۇگۇر،كۇسەن قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋېلىپ تەڭرىتاغىنىڭ شەرقى ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى ھەرقايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ كۈچىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىدۇققۇتنى مەركەز قىلغان خاندانلىقنى شەكىللەندۈردى، بۇ تارىختا ئىدۇققۇت ئۇيغۇر ئېلى، دەپ ئاتالدى. «يۈەن سۇلالىستارىخى.بارچۇقئارت تېكىنىنىڭ تەرجىمھالى»دا خاتىرىلىنىشىچە، ئىدۇققۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خان جەمەتى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى خان جەمەتىنىڭ بىۋاستە ئەۋلادلىرىدىن بولغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە گەنجۇ قاتارلىق جايلاردىكى خېشى( غەربىي خۇاڭخې) ئۇيغۇرلىرى گۇرۇھى ياغلاقارنى ئۆزىگە ئاتامان قىلغان. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھەرقايسى قەبىلەر تارقاق بىرلەشمە ھاكىمىيەت بولۇپ، بۇ

هاكىمىيەت تەركىبىگە كىرگەن باشقا مىللەتلەرمۇ ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئالىي هامىيلىقىنى ئېتراپ قىلغان، ئەمما ھەرقايسى قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئۆزلىرى ئىگە بولغان، سۇڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن خوڭ خاۋ « دەشت- چۆل دىيارىدا ئاڭلىغانلىرىم. ئۇيغۇرلار» دا ئۇلار ھەققىدە «گەنجۇ، لياڭجۇ، گۇاجۇ، شاجۇلاردا ھەرقايسى قەۋملەر ئۆز ھۆكۈمرانلىرىنى تىكلىگەن ، تائىپىلەرمۇ ئۆز ئاتامانلىرىغا ئىتائەت قىلغان»دەپ خاتىرىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىللىقى بەكرەك كۈچلۈك بولغان خەنزۇلار ئاتاماندىن جاڭ، ساۋ جەمەتلىرى شاجۇ، گۇاجۇغا ئىگىدارچىلىق قىلغان ھەمدە لياڭجۇدا ئولتۇراقلاشقان تۇبۇتلەرنىڭ جىبلۇڭ، لىۇگۇ قەبىلىلىرىگە باش بولغان. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى سىياسىي جەھەتتە ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىگە تەۋە بولغان..

مىلادى 10- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شەرقتە ئېتىرغول،غەربتە كېنگىت (قاراشەھەر)، كۇسەن، شىمالدا بەشبالىق ئىدىقۇتنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر ئېلىگە قارىغان. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندي مىلادى 981- يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىگە ئەلچىلىككە بارغاندا قالدۇرغان خاتىرىسىدە يېزىلىشىچە ئەينى چاغدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى جەنۇبىي تۈركلەر(كۆكتۈركلەر)، شىمالىي تۈركلەر(كۆكتۈركلەر)، چوڭ چىگىللەر، كىچىك چىگىللەر،ياغما،قارلۇق،قىرغىز، بارمان، ئۈرۈن قاتارلىق نۇرغۇن قەبىلىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ زېمىنى كۈنچىقىشتا قۇمۇلدىن ئۆتۈپ تاڭغۇتلارغا، جەنۇبىي تەكلىماكان قۇملىقىغا، كۈنپېتىشتا قاراخانىلار زېمىنىغا، شىمالدا قۇربانتوڭغۇس قۇملىقىغا تۇتاشقان(2).تۇرپاندىن قىزىلۋېلىنغان بىرتاختايغائويۇلغان ئۇيغۇرچە ھۆججەتتە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر

ئېلىنىڭ زېمىنى كۆنپېتشتا ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىدىكى بارسخانغا تۇتىشىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن(3).

ئىدۇقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ مەمۇرىي مەركىزى ئىدۇقۇت شەھىرى (بۈگۈنكى تۇرپاننىڭ سىڭگىم ئەتراپىدا)گە تەسىس قىلىنغان. بەشبالىخ ئۇيغۇر ئېلى قاغانىنىڭ سالقىندايدىغان جايى ياكى يازلىق ئاستانىسى بولۇشى مۇمكىن. ئىدۇقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى «ئىدۇقۇت» ، دەپ ئاتالغان ، بۇ «مۇقەددەس بەخت» دېگەنلىكتۇر. خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى تۇرپاندىن تاپقان بىر پارچە ئۇيغۇرچە مانى دىنىغا ئائىت ھۆججەتكە خەنزۇچە «大福大回鶻國»( بۈيۈك ئىدۇقۇت ئۇيغۇر ئېلى )دېگەن خەت ئويۇلغان تامغا بېسىلغان(4). ئىدۇقۇتلۇق(پادىشاھلىق) قاغانلىقىنىڭ نەسەبتىن نەسەبكە مىراس قالىدىغان ئالىي پەرمان چىقارغۇچىسى ۋە ئالىي ئىجرائىيە ئەمەلدارى بولغان. ئىدۇقۇت 9 ۋەزىر، تۇتۇقبەگ (ۋالىي)، ئەدلىيە ئەمەلدارى ۋە ھەردەرىجىلىك بەگلەرنى تەيىنلىگەن.

ئىدۇقۇت ئۇيغۇر ئېلى قاغانلىق قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغدىن باشلاپلا نۇرغۇن ئەل ۋە مىللەتلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان، بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد جەھەتتىكى تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئىدۇقۇت ئۇيغۇرلىرى ئۆزىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى شىمالىي سۇڭ، لياۋ سۇلالىرى ۋە ئالتۇن خانلىقى(جىن سۇلالىسى)بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى كۈچەيتكەن.ئىدۇقۇت ئۇيغۇرلىرى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىغا كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ يەرلىك تاۋارلىرىدىن سوۋغا تەقدىم قىلغان. مىلادى 981-يىلى(شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى تەيپىڭ شىڭگو سەلتەنەتىنىڭ 6-يىلى) شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ئۆزئەلچىسى ۋاڭ

يەندېنى ئىدىۇقۇت ئۇيغۇر ئېلىگە ئەۋەتكەن، ۋاڭ يەندېنىڭ ئەلچىلىك خاتىرىسى بۈگۈنكى كۈندە ئىدىۇقۇت ئۇيغۇرلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ قالماقتا.

ئىدىۇقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۈنپېتىش قوشنىسى قاراخانىلار دۆلىتى ۋە پېرسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى ھەمدە ھىندىستان بىلەن بولغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسمۇ ناھايىتى قويۇق ئىدى. بۇدپەرەست ئىدىۇقۇت ئۇيغۇرئېلى بىلەن كاشغەرنى مەركەز قىلغان مۇسۇلمان قاراخانىلار دۆلىتى گەرچە بىربىرىگە مۇخالىپ ئىككى دىنغا ئېتىقاد قىلسىمۇ ئەمما ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ۋە سودا ئالاقىسى تەسىرگە ئۇچرىمىغان.

ئىدىۇقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە بوستانلىقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مول سۇ مەنبەسى ۋە خىلمۇ ئىلغار سۇئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بار ئىدى. بۇ ئەلدە كۈن نۇرىنىڭ يورۇتۇش ۋاقتى ئۇزۇن، كېچە بىلەن كۈندۈزدىكى تېمپىراتۇرا پەرقى بىرقەدەر چوڭ بولۇپ، بۇلار يېزائىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ئىدى. شۇ زاماندا ئىدىۇقۇت ئۇيغۇر ئېلى ئۆزىنىڭ تەرەققىي قىلغان يېزا ئىگىلىكى ۋە باغۋەنچىلىكى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەشھۇر بولغان. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي، شال، ئارپا، كۆمەقوناق، تۈرلۈك پۇرچاق مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى ۋە پاختا، ئۈزۈم، تۈرلۈك مېۋە-چېۋە قاتارلىقلار ئىقتىسادىي زىرائەتلىرى بولغان. تۇرپاندىن چىقىدىغان پاختىنىڭ سورتى ناھايىتى ئەلا بولۇپ، ئەتراپتىكى ئەللەرگە مەشھۇر ئىدى. تۇرپاندا ئۆستۈرۈلىدىغان ئۈزۈمنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولغان ھەم بۇ يەردىن چىقىرىلىدىغان ئۈزۈم ھاراقلىرى ئۆزىنىڭ

خۇشبۇيلىقى ۋە سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن ئەتراپتىكى ئەللەردە داڭق چىقارغان.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە چارۋىچىلىق ھەم قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. بۇ ئەلدىكى ئاتلارنىڭ نەسلى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە مەشھۇر ئىدى. چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا بىپايان يايلاقلار بولۇپ، ئات، كالا، قوي، تۆگە، ئېشەك قاتارلىق ئۆ ھايۋانلىرىنى بېقىشقا تولىمۇ ماس كېلەتتى. ئۇيغۇر ئېتى ئۆزىنىڭ ئەلا نەسلى بىلەن قەدىمدىنلا مەشھۇر بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇيغۇر ئاتلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولىدىغان سودىدىكى ئاساسلىق تاۋار ئىدى. تارىختا ئۇيغۇر ئېلى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدا زور كۆلەملىك ئات سودىسى ئۆزلۈكسىز كەلگەن، ئاز بولغاندا بىرەرمىڭ، كۆپ بولغاندا نەچچە مىڭ ئات سودىسى بولغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، كۆلىمى ئەڭ زور بولغان بىر قېتىملىق ئات سودىسى مىلادى 1085-يىلى( يۈەنفېڭ سەلتەنەتىنىڭ 8-يىلى ) قىلىنغان بولۇپ، 20مىڭ ئۇيغۇر ئېتى سۈڭ سۇلالىسىگە ئېلىپ بېرىلىپ سودا قىلىنغان.

مىلادى1206-يىلى تېمۇرچىن غونان دەرياسى(ئونان دەرياسى؟)نىڭ باش ئېقىنىدا موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنى قۇرۇلتايغا چاقىرىپ ئۆزىنى «چىڭگىزخان»،ئېلىنى«يەكە موڭغۇل ئۇلۇس، Yeke Mongghul Ulusيەنى بۈيۈك موڭغۇل ئېلى»دەپ ئاتىدى. چىڭگىزخان دۆلەت قۇرۇش بىلەن بىللە يەنە موڭغۇل ئېلىنىڭ مىڭبېگى، يۈزبېگى، ھىماتچى قوشۇن،

داروُغاچ ، جاساق قاتارلىق بىرقاتار تۈزۈملىرىگە ئاساس سېلىپ بەردى. چىڭگىزخان ئۆزئېلىنى قۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ئىلگىر-ئاخىر تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى ھەمدە غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارنى بويسۇندۇرۇپ ئاندىن تاڭغۇتلارنى بويسۇندۇردى.

موڭغۇل ئېلى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا ئىدۇقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىدۇقۇتى(بارچۇقئارت تېكىن) چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلىپ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ چوڭقۇرئىشەنچىسىگە ئېرىشتى ھەمدە چىڭگىزخان ئۇرۇق-تائىپىلەرنى ئۆزىگە ئوغۇل قىلىۋالىدىغان ئادىتى بويىچە ئىدۇقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىدۇقۇتىنى ئۆزىگە «5-ئوغۇل»قىلىۋالدى ۋە مەلىكىسى(چوڭ ئوغلى جوُجىنىڭ قىزى) ئالتان بېكەنى ئۇنىڭ نىكاھىغا بەردى. ئۇيغۇرلار كۆپ قېتىم جازا يۈرۈشكە ئاتلىنىپ موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىيا، تاڭغۇتلارنى بويسۇندۇرۇشتا كاتتا تۆھپىلەرنى ياراتتى. شۇ سەۋەبلىك بولسا كېرەك، تارىختا چىڭگىزخاننىڭ ئىدۇقۇت ئۇيغۇر ئېلى بىلەن باشقا بويسۇندۇرۇلغان ئەللەرگە تۇتقان مۇئامىلىسىمۇ ئوخشىمىغان ئىدى، يەنى ئىدۇقۇت ئۇيغۇر ئېلى داۋاملىق تۈردە موڭغۇل ئېلىنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەت سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىدىن خېلىلا يۇقىرى بولغانلىقتىن موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇرلارنى ناھايىتى ئەتىۋارلىدى. موڭغۇل ئېلى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا موڭغۇللارنىڭ يېزىقى يوق ئىدى، شۇڭا نۇرغۇن ئۇيغۇر باخشىلىرى موڭغۇل ئېلىنىڭ ھاكىمىيەت قاتلىمىغا قوبۇل قىلىنىپ ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراستى جارى قىلدۇرۇلدى، يەنە بەزى ئۇيغۇرلار چىڭگىزخاننىڭ ھوزۇرىدا باخشىلىق(ئوقۇتقۇچىلىق) قىلىشقا ئېلىپ قېلىندى، ھەتتا بەزىلىرى

چىڭگىزخاننىڭ خاس مۇشاۋۇرلىقىغا ئېلىپ قىلىندى. مەسىلەن ئۇيغۇر باخشى تاتاتوڭا«پەم-پاراسەتلىك،سۆزمەن،ئۆزئىلىنىڭ تىل-يېزىقىغا پىششىق»بولغانلىقتىن دەسلەپتە نايمان ئوردىسىدا تايانخاننىڭ مۆھۈردارى ۋە خەزىنىچىسى بولغان. چىڭگىزخان نايمان ئېلىنى بويسۇندۇرغاندا تۇتقۇن قىلىنغان ، بۇ زاتنىڭ پاراستى ۋە ئۆزىنىڭ خانىغا ساداقەتمەنلىكى چىڭگىزخانغا ياراپ قالغانلىقتىن چىڭگىزخان ئۇنى ئوغۇللىرىغا ئۇيغۇر يېزىقىدا موڭغۇل تىلىنى يېزىشنى ئۆگىتىشكە بۇيرۇغان(5).

موڭغۇللار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى قولغا ئېلىپ يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ سىياسىي قابىلىيىتى ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدارى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى ھەمدە ئىلگىر - ئاخىر 17 نەپەر ئۇيغۇر يۈەن سۇلالىسىنىڭ قارادىۋان مەھكىمىسىدە ۋەزىپە ئۆتىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ كىشى قارادىۋان مەھكىمىسىدە سولقول ۋەزىر ( رەسمىي 1-دەرىجە )لىككە،يەنە 20ئادەم قىتىم قارادىۋان مەھكىمىسىدە خانلىق مۇئەككىلى [دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى] (قوشۇمچە1-دەرىجە)لىك ۋەزىپىسگە،ئالتە ئادەم قىتىم ئوڭقول ۋەزىر ۋە سولقول ۋەزىر( رەسمىي 2-دەرىجە)لىككە، بەش ئادەم قىتىم دۆلەت ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن ۋەزىر(قوشۇمچە2-دەرىجە) لىككە قويۇلدى(6). ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە ياراتقان تۆھپىلەر ئۇلارنىڭ ئائىلە مۇھىتى ۋە يۈكسەك مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. مەسىلەن، ئارغۇن سالىنى ئالايلۇق، ئۇنىڭ بوۋىسى ئاتا سالى بۇددا ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن بولسا ، ئاتىسى قۇت سالى ترىپىتاكا(بۇددا نوملىرىنىڭ جەمئىيسىنىڭ نامى) نى تولۇق تەفسىر قىلالايدىغان

يېتۈك ئالىم ئىدى، شۇڭا ئۇ مىلادى 1275-يىلى(جىيۇەن سەلتەنەتىنىڭ 12-يىلى)«بۇددا تەفسىر مەھكىمىسىنىڭ ئالىي باشقۇرغۇچىسى، كاھىنلار كېڭىشىنىڭ بېگى، باش چاۋۇش مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى ئەمەلدارى، چاۋۇش بېگى »بولغان. مۇشۇنداق كاتتا مەرتىۋىلىك، ئالىي مەلۇماتلىق ئائىلە مۇھىتىدا ئۆسكەن ئارغۇن سالى«بالا چاغلىرىدىلا ئەقىللىق بولۇپ، دۆلەت ئۇستازى باسپادىن ئىلىم ئۆگەنگەن، ئۇ بىرنەچچە دۆلەتنىڭ تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن، پادىشاھ ئۇنىڭ يەنە نوم – دەستۇرلارغا تەبىر بېرىش،تارىخشۇناسلىق، مۇنەججىملىك، كالېنىدارچىلىق ئىلمى، ئۆلچەش-سىزىش ئىلمى، تېبابەتچىلىك ، دورىگەرلىك ئىلمى ، كۇتۇنۇش ئىلمى قاتارلىقلارغا پىششىق ئىكەنلىكىدىنمۇ خەۋەر تاپتى(7). لىيەن شىشيەنىڭ ئاتىسى بۇرۇلمىش قايا خوجايىنىغا ئەگىشىپ چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ خاس قورۇقچىسى بولغان. چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىغاندا بۇرۇلمىش قايا قوشۇن بىلەن بىللە يولغا چىققان، بۇرۇلمىش قايا قورقۇنچنى، چارچاشنى بىلمەيدىغان باتۇر ئەزىمەت بولغاچقا چىڭگىزخان ئۇنى تارتتۇقلاپ قوي، ئات ۋە چېدىرئىنئام قىلغان ھەمدە قىتان مەلىكىسى يەنى گۇرخاننىڭ قىزى شىموشىنى نىكاھلاپ بەرگەن. سىبانىنىڭ ئاتىسى كۆلبىئۆز(يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن داڭلىق ئۇيغۇر سانغۇن) «چىڭگىزخاننىڭ جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئاتلانغىنىنى ئاڭلاپ، قول ئاستىدىكى لەشكەرلىرىنى باشلاپ چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلدۇ ھەمدە مۇسۇلمان ئۇيغۇر ئېلىنى ئېلىشتا بىرنەچچە قېتىم تۆھپە يارىتىدۇ»(8). ئۇيغۇرلاردىن يەنە تابىن چىڭگىزخان جازا يۈرۈشكە ئاتلانغان چاغدىكى موغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ۋەھشىيلەرچە يۈرگۈزگەن قانخورلۇقلىرىنى كۆرۈپ قاتتىق قايغۇرغان ۋە ئۆكۈنگەن ھەمدە

موڭغۇل قوشۇنىدىكى لەشكەربەگلىرىگە نەسىھەت قىلغان ھەم ئاگاھلاندۇرۇپ : «پۇقرا دۆلەتنىڭ ھۇلى، بۇنداق قىرغىنچىلىق قىلىشنىڭ دۆلەتكە نېمە پايدىسى؟ »دېگەن، ئۇنىڭ بۇنداق پۇقراپەرۋەرلىكىنى كۆرگەن چىڭگىزخان ئۇنى كاتتا ئىنئاملار بىلەن تارتتۇقلىغان (9).

چىڭگىزخان ئۇيغۇر ئېلىنى تىزگىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئۇيغۇرداروغاچ ( داروغاچ ـــــ يەرلىك لەشكىري، مۈلكىي ئەمەلدارلارنى ئۈستىدىن نازارەت يۈرگۈزىدىغان ئەڭ ئالىي ئەمەلدار) ،ئۇيغۇر باش جازا بېگى قاتارلىقلارنى ئەۋەتكەن.قۇبلايخان يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغان چاغدا ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ۋە يۇقىرى تەبەقىلىرىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. بۇرۇلمىش قايانىڭ ئوغلى ليەن شىشيەن بالا چاغلىرىدىن باشلاپلا ئائىلىدە ياخشى تەربىيە ئالغاچقا بۇددا دەستۇرلىرى ۋە تارىخنامىلەرنى شەرھلىيەلەيدىغان قابىلىيەت يېتىلدۈرۈپ «ليەن مېڭزى» دېگەن ئاتاققا نائىل بولغان. مىلادى 1249-يىلى ليەن شىشيەن ئاتىسى بۇرۇلمىش قاياغا ئەگىشىپ خانبالىختىكى قۇبلاي ھوزۇرىغا تاۋابقا بارغان ھەمدە تاۋابتىن كېيىن خانبالىختا قېلىپ قۇبلاي ئوردىسىدا خىزمەتتە بولغان، كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى ئارقىلىق ئوڭقول ۋەزىر، خانلىق مۇئەككىلى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. كېيىنكى كۈنلەردە قۇبلاي بۈيۈك خانلىق تەختكە ئولتۇرغاندا شەنشى-گەنسۇ رايونلىرىدىكى ئەلى بۇقا( ئەركبۇغ ؟ ئارىغ بۆكە؟ـــــ تەرجىمان) گۇرۇھىنىڭ تەسىرىنى تازىلاش قاتارلىق بىر قاتار ۋەقەلەر ۋە موڭغۇللار، رەقدار كۆزلۈكلەر ۋە خەنزۇلار جەمئىيىتىنى ماسلاشتۇرۇش جەھەتلەردە ليەن شىشيەن قاتارلىق ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان(10).

مىلادى 1269-يىلى قايدۇ يۈەن سۇلالىسىگە قارىشى توپىلاڭ كۆتۈرگەندە

ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ جازا يۈرۈش مەيدانىغا ئايلاندى. 1275-يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئاستانىسى ئىدىقۇت شەھىرى مۇنقەرز بولۇپ پۇقرالار تەرەپ-تەرەپكە كۆچۈپ كەتتى، ئىگىلىك ۋەيران بولۇپ دۆلەت زاۋاللىققا يۈزلەندى. 1283-يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خان جەمەتى گەنسۇنىڭ يۇڭچاڭ ئايمىقىغا كۆچۈپ كەتتى، تۇرپان رايونىدا ئۇيغۇر خان جەمەتى بىلەن زىچ ئالاقىسى بولغان بۇددا دىنىمۇ خارابلاشتى.

مىلادى1346-يىلى تۇغلۇق تۆمۈر چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىسلام دىنى شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۇرپان، بەشبالىخ قاتارلىق جايلاردا تەدرىجىي ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى. مىڭ سۇلالىسى يۇڭلې سەلتەنەتىنىڭ 12-يىلى ( مىلادى 1414-يىلى ) چېن چېڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھىرات، سەمەرقەند قاتارلىق جايلارغا ئەلچىلىككە بېرىش يولىدا تۇرپاندىن ئۆتكەندە بۇ يەردە «بۇدداغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ بارلىقىنى، راھىب ۋە بۇتخانىلارنىڭ كۆپلىكىنى»، ئەمما راھىب ۋە بۇتخانىلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ «چۆلدەرەپ» قالغانلىقىنى كۆرگەن. 15-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئەسلىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى زېمىنى تەلتۆكۈس ئىسلاملىشىپ بولغان(11).

دۇنخۇاڭ(دەشتئاتا) تارىخىدا ئۇيغۇرلار نەچچە ئەسىر پائالىيەت قىلغان،ھەتتابۇ يەردە يەرلىك ھاكىمىيەتمۇ قۇرغان. مىلادى1-ئەسىردىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان تېلىلار ۋە قاڭقىللار بۇ يەردە ماكانلاشقان.9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىمالىي چۆللۈك( ئورخۇن) ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشىگە

سەۋەب بولدى، يەنى بۇ چاغدا زور بىرتۈركۈم ئۇيغۇرلار گەنسۇنىڭ جاڭيې، دەشتئاتا (دۇنخۇاڭ)، ۋۇۋېي، خېلەنشەن، تيەنشۈي، ئېرگۇنا دەرياسى ۋادىسى، جيۇچۈەن قاتارلىق جايلىرىغا كېلىپ ماكانلاشتى(12). يۇقىرىقى رايونلار خېشى ئەتراپىدا (خۇاڭخېنىڭ غەربى رايونى) بولغاچقا تارىخي ئەسەرلەردە بۇ رايونغا ماكانلاشقان ئۇيغۇرلارمۇ بىردەك «خېشى ئۇيغۇرلىرى»، دەپ ئاتالدى.

خېشى ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈچى ھەممىدىن زور بولغان. بۇ ئۇيغۇرلار دەسلەپتە تۇپۇتلەرگە قارام بولغان، ئەمما تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى جاڭ يىچاۋ گۇاجۇ، شاجۇ، ئۇۋرغول، سۇجۇ، پىشامشان، گەنجۇ قاتارلىق 11ئايماقتا ھېراۋۇل بولۇپ تۇرغان چاغلاردا ۋاقتىنچە بىر مەزگىل جاڭ يىچاۋ ھاكىمىيىتىگە قارام بولغان. جاڭ يىچاۋنىڭ خېشى رايونىدىكى كۈچى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە يىلىغىچە مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان. بەش دەۋر مەزگىلىدە تۇپۇتلەر زاۋال تېپىپ ئۇيغۇرلار باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى ھەمدە ئوردىسىنى گەنجۇغا قارارلاشتۇردى. كېيىنكى تاڭ سۇلالىسى تيەنچېڭ سەلتەنەتىنىڭ 3-يىلى (مىلادى 928-يىلى) يېڭىلا تەختكە چىققان ئادىيۇ تېكىن(ياغلاقار ئۇرۇقىدىن بولغان قاغان) تاڭ مىڭزۇڭ ئوردىسىغا ناھايىتى چوڭ بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن، تاڭ مىڭزۇڭ بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى شەخسەن ئۆزى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئادىيۇ تېكىنگە«ئىتائەتمەن قاغان»دېگەن ئۇنۇۋان نامى بەرگەن. گۇاجۇ، شاجۇ قاتارلىق ئايماقلار جاڭ يىچاۋنىڭ قولىدىن جاڭ فېڭنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ جاڭ فېڭ ئۆزىنى «ئالتۇنتاغدىكى ئاقيەكتەكلىك تەڭرىنىڭ ئوغلى»دەپ ئاتىۋالغان. دەل شۇ زاماندا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئىچكىرىگە بارىدىغان يولنى

تىزگىنلىۋالغان بولغاچقا ئالتۇنتاغ بەگلىكىنىڭ ئەشەددىي رەقىبى بولۇپ قالغان. بۇ «تەڭرى ئوغلى» بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش بولۇپ، ئاخىرقى ھېساباتا ئۇيغۇرلار غالىب كەلگەن ھەمدە سۇلھى تۈزۈلۈپ جاڭ فېك ئۇيغۇر قاغانىنى «ئاتا» تۇتقان. 10-ئەسىردە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ 300مىڭ ئاھالىسى بارلىقى خاتىرلەنگەن. بۇ مەزگىلدىكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى فېئودال پاترىئارخاللىق جەمئىيەتتە ئىدى، خېشى ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى قاغان ئىدى. قاغانىنىڭ ئاستىدا ۋەزىر، تېكىن، بۇيرۇق، تۇتۇق (باسقاقبەگ) ، سانغۇن قاتارلىقلار بولغان. 10-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈچى تەدرىجىي زورىيىپ دەشتئاتا(دۇنخۇاڭ) رايونىنى ئىلكىگە ئېلىۋالغان، مىلادى 1068-يىلى تاڭغۇت لەشكەرلىرى بۇ رايونغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىغانغا قەدەر ئۇيغۇرلار بۇ رايوندىكى ئاساسلىق سىياسىي كۈچ بولۇپ قالغان(13).

مىلادى 1259-يىلى مۆڭگۆخان تەخت ئۆتكۈزۈپ بېرىشى بىلەنلا ئەلى بۇقا( ئەركبۇغ ؟ ئارىغ بۆكە؟ــــ تەرجىماندىن) تورپىلىقى پارتلاپ ئۇيغۇرلار يېرى ئۇدا بىرنەچچە يىل بالايىئاپەت پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. قۇبلاي ئەلى بۇقانى تىنچىتقاندىن كېيىن يۈەن ئوردىسى ناھايىتى تېزلا ئۇيغۇر يېرىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قوچقار تېكىنىنى داۋاملىق ئىدۇقۇتلۇققا تەيىنلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئوگداينىڭ ئەۋلادىدىن بولغان قايدۇ لەشكەر تارتىپ تەپرىقچىلىك (بۆلۈنمىچىلىك) يۈرگۈزدى، شىمالىي چۆللۈك بىلەن پۈتكۈل غەربىي شىمال قايتىدىن ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. جىيۈەن سەلتەنەتىنىڭ 12-يىلى يەنى مىلادى 1275-يىلى دۇۋا لەشكەر تارتىپ قوچۇنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى، ئىدۇقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىدۇقۇتى قوچقار

تېكىن ئاستانىنى 6 ئايغىچە قاتتىق ساقلىغان بولسىمۇ ئاخىر ئوزۇق – تۈلۈك ئۈزۈلۈپ ئۇرۇشۇپىرىشكە ماجالى قالمىغاندا قىز بېرىپ سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ دۇۋانى مۇھاسىرىنى بوشاتقۇزدى. جىيۇەن سەلتەنەتىنىڭ 14-يىلى يەنى مىلادى 1277-يىلى ئىدۇقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىدۇقۇتى قوچۇدىن ۋازكېچىپ قامىل (قۇمۇل) غا كۆچتى(14). ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي دۇۋا يەنە لەشكەر تارتىپ قامىلغا ھۇجۇم قىلغاندا قوچقار تېكىن ئۇرۇشتا قازا قىلدى، قوچقار تېكىننىڭ ئوغلى نۇرىن تېكىن لەشكەر – ئاۋاملىرىنى باشلاپ شەرق تامان يۆرۈپ گەنسۇنىڭ يۇڭچاڭ ئايمىقىغا كەتتى، شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى ، بۇ كۆچكۈن ئاۋام ئارىسىدا نۇرغۇن بۇددىست ئۇيغۇر ئاۋام بار ئىدى(15).

قانداشلىق ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئىدۇقۇت ئۇيغۇرلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغانلاردىن يەنە قاراخانىلار دۆلىتى بار. 9-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە مەۋجۇد بولغان قاراخانىلار دۆلىتى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى، پامىرنىڭ شىمالى ۋە يەتتەسۇ ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار قارلۇق ۋە باشقا تۈركىي قەۋملەرنى بىرلەشتۈرۈپ قۇرغان ھاكىمىيەت. بۇ خانلىقنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى تەبىقىنىڭ يادروسى ئۇيغۇرلارنىڭ ياغما قەبىلىسى. قاراخانىلار خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى كۆل بىلگە قادىرخاندۇر. قاراخانىلار خانلىقى گۈللەنگەن دەۋردە زېمىنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىنى، ئىلى دەريا ۋادىسىنى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، چۇ دەريا ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، غەربىي چېگرىسى ھەتتا سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى رايونلارغىچە سوزۇلغان. قاراخانىلار خانلىقى بىلەن ئىدۇقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ چېگرىسى كۇچا بىلەن بۈگۈر ئارىلىقىغا توغرا كەلگەن.

قاراخانىلار خانلىقىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى كۆپ تەرەپلەردىن قارلۇق، ياغما قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە سامانىيلار قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈم قۇرۇلمىسىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان. سۇلتان ساتۇق بۇغراخان سەلتەنەت سۈرگەن دەۋردە خانلىق ئومۇمىيۈزلۈك روناق تاپقان، ئىسلام دىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىنغان. مىلادى 955-يىلى يەنى ھىجرىيە 344-يىلى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن تەخت ۋارىسى —— چوڭ ئوغلى بايتاش تەختكە چىقىپ ئۆزىنى ئارسلانخان، دەپ ئاتىغان ھەمدە 960-يىلى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى ، دەپ جاكارلىغان. نەتىجىدە ئەرەب - پارسلارنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇخارا، سەمەرقەند، خارەزم قاتارلىق جايلىرىدىكى تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى قاتتىق كۈچەيگەن(16).

ھارون بۇغراخانIIتەختتە ئولتۇرغان مەزگىل (مىلادى 1074-يىلدىن 1102-يىلغىچە) دۆلەت مۇقىم بولغان، ئىگىلىك گۈللەنگەن، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلغان دەۋر بولغان. قاراخانىلار خانلىقى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى، تاڭغۇتلار بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئىزچىل ئالاقە ۋە بېرىش - كېلىش قىلىپ كەلگەن.

12-ئەسىرنىڭ 20-،30-يىللىرى ئارىلىقىدا قاراخانىلار خانلىقى قىتانلار ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى، بۇ ھال تاكى موڭغۇل كۈچلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاشغەرىيەگە كىرگەنگە قەدەر داۋاملاشتى(17).

### 2. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى

ئىدۇققۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى قەدىمقى شەرق-غەرب مەدەنىيىتى ئۇچرىشىدىغان مۇھىم جايدا بولۇپ، تۇرپان بىلەن دەشتئاتا(دۇنخۇاڭ) يىپەك يولىدىكى مۇھىم سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە سودا مەركىزى بولۇش سۈپىتىدە شەرق بىلەن غەربنىڭ تۆرلۈك مەدەنىيىتى بىلەن دىنلىرى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلىدىغان تۈگۈن بولغان. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ھىندى، ئىران ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قەۋملەرنىڭ مەدەنىيەتلىرى بىلەن مۇشۇ يەردە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىپ بىرىكىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياخشى مۇھىت ھازىرلانغان.

يىللار قىسمىتى، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ گۇمران قىلىشى ۋە سۈنئىي بۇزغۇنچىلىق تۈپەيلىدىن ئەينى چاغدىكى ئىدۇققۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئاستانىسى بولغان ئىدۇققۇت شەھرى ئاللىقاچان خارابىلىككە ئايلانغان، ئۆز ۋاقتىدا جاھانغا نامى پۇر كەتكەن ئىدۇققۇت شەھرىنىڭ ئاۋات، گۈللەنگەن مەنزىرىسىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما ماتېرىياللىرى ۋە تارىخىي ۋەسىقىلەردە خاتىرىلىنىشىچە ھازىر ساقلىنىپ قالغان قەدىمىي شەھەر خارابىسى ئىدۇققۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىدۇققۇت شەھرى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇلغان. شەھەر خارابىسى ئوردا قەلئەسى، ئىچكى قەلئە ۋە تاشقى قەلئەگە ئايرىلغان. تاشقى قەلئە ئايلانمىسىنىڭ ئۇزۇنلىقى تەخمىنەن 10كىلومېتىر بولۇپ، تاشقى قەلئەنىڭ شەرقىي جەنۇبى بىلەن غەربىي جەنۇبىغا ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانا، سودا رايونى ۋە قول سانائەت رايونى جايلاشقان. شەھەر سېپىلى ئېگىز، قېلىن ھەم ھەيۋەتلىك بولۇپ، سېپىل ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 12مېتىر، ساقلىنىپ قالغان

سېپىل خارابىسىنىڭ ئېگىزلىكى 5مېتىردىن 11.5مېتىرغىچە كېلىدۇ، سېپىل تېمى توپىنى چىڭداپ قوپۇرۇلغان، ھازىر ساقلىنىپ قالغان چىڭدالغان سېپىل تېمى خارابىسىنىڭ قېلىنلىقى 8سانتىمېتىردىن 12 سانتىمېتىرغىچە بولۇپ، بەزى جايلىرىغا ئانچە ـ مۇنچە كېسەك قىستۇرۇپ قوپۇرۇلغان. ھازىر ساقلىنىپ قالغان خان ئوردىسىنىڭ خارابىسىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ئۇزۇنلىقى 60 مېتىر، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان كەڭلىكى 30مېتىر بولۇپ، يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستىدىن ئىبارەت ئىككى قەۋەتكە بۆلۈنگەن. ئىچكى قەلئەنىڭ شىمالىدا ئېگىز بىر قەلئە ئىستىھكامى بار، قەلئە ئىستىھكامىنىڭ غەربىي شىمالىدا 15 مېتىر ئېگىزلىكتە بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى مۇنارى بار. قەلئە ئىچىدە قۇرۇلۇش كۆلىمى 10مىڭ كۋادراتمېتىرچە كېلىدىغان بىر ئىبادەتخانا بار. شەھەر سېپىلىنىڭ ئەتراپى مۇداپىئە خەندىكى بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئىزنالىرى ھېلىھەم ساقلىنىپ قالغان(18).

9ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن (بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بالدۇر بولۇشى مۇمكىن) 13ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىل ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە بۇددا دىنىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولغان. بۇددا دىنى گۈللەنگەن دەۋردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ھۆكۈمرانلىرى باشلامچىلىق بىلەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋە بۇددا دىنىنىڭ تەرەققىياتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىغان، نەتىجىدە تۇرپان رايونىدا نەچچە ئەسىرگىچە بولغان تارىخىي دەۋر بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولغان. ھازىرقى ۋاقىتتا تۇرپاننىڭ يارغول قەدىمىي شەھىرى، ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى، بېزەكلىك، تۇيۇق، سىڭگىم قاتارلىق جايلاردىكى مىڭئۆي (تاشكېمىر)خارابىلىرىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى ھەيۋەتلىك، بۇ خارابىلىكتىن تېپىلغان نەفىس تام رەسىملىرى ۋە لاي ھەيكەللەر ناھايىتى

كۆپ، مانا بۇلار بىزنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىدۇققۇت ئۇيغۇر ئېلىدە بۇددا دىنىنىڭ قايسى دەرىجىدە گۈللەنگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزغا يېتەرلىك. مەسىلەن بېزەكلىك مىڭئۆيى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرق شىمالىغا 50نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان مۇرتۇق جىلغىسىنىڭ كۈنپېتىش قىرغىقىدىكى تىك ياردا بولۇپ، ھازىر 80نەچچە تاشكېمىر ساقلىنىپ قالغان، بۇ يەردىكى ئەڭ بالدۇرقى تاشكېمىر تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان بولۇپ، مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇرخانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ، سەل كېيىنرەك ياسالغانلىرىمۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ. كېمىرنىڭ شەكلى ئاساسەن تۆت چاسا كېمىر، ئۇزۇن چاسا كېمىر ۋە مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك كېمىردىن ئىبارەت. تام راسىملىرى ئاساسەن ماھايانا دەستۇرلىرىدىكى مەزمۇنلار تېما قىلىنىپ سىزىلغان. «ئۆزگەرتىلمە»رەسىملىرىمۇ، سەۋەبىيەت ھېكايەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىملەرمۇ، يەنە بەزىلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن ساخاۋەتچى، دەپ قارالغان رەسىملەرمۇ بۇ يەرگە سىزىلغان. تام رەسىملىرىدە نۇرغۇن ساخاۋەتچى شەخسلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، ئادەتتە تاشكېمىر ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تامغا سىزىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە ساخاۋەتچى ئۇيغۇرلارنىڭ رەسىملىرى ھەممىدىن كۆپ. ساخاۋەتچى ئەرلەر يۇمۇلاق ياقىلىق ئۇيغۇر تونى كىيگەن، بەلباغ باغلىغان، بېشىغا تاجسىمان باش كىيىم كىيگەن، بومبا ساقاللىق كىشىلەر بولۇپ، رەسىملەرگە ئۇيغۇرچە بېغىشلىما يېزىلغان. ئۇيغۇر ساخاۋەتچىلەرنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى، راھىب كالانلار، بۇددا ئەھكاملىرىنى قوغدىغۇچى تۆتۇق راھىبلار ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى، ساخاۋەتچى تەقسىر-خانىملارمۇ بار(19).

ئۇيغۇر ئېلىنىڭ يازلىق ئاستانىسى بەشبالىقنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى مۇھىم بۇددا دىنى پائالىيەتلىرى رايونى بولۇپ، تەڭرىتاغىنىڭ شىمالىدىكى بۇددا دىنى مەركىزى. 1979 ـ يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى شىنجاڭنىڭ جىمساردىكى بەشبالىق قەدىمىي شەھرىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىگە تەۋە بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىنى بايقىدى، قېزىۋېلىنغان تېپىندىلارنى C14 بىلەن ئېنىقلاش ۋە قالدۇق ئىزلارنى ئانالىز قىلىش ھەمدە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى يازما مەنبەلەرگە سېلىشتۇرۇپ ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق بۇ ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلغان دەۋرىنىڭ تەخمىنەن 10 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدىغانلىقى ۋە قايدۇ توپىلىڭىدا ۋەيران قىلىنغانلىقىنى دەلىللىدى.

جىمساردىكى ئۇيغۇر بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىن زور مىقداردىكى ئۇيغۇر ساخاۋەتچىلەرنىڭ رەسىمى ۋە ئۇيغۇرچە بېغىشلىما بايقالدى، بۇ بېغىشلىما مەزمۇنىدىن ئۇيغۇر خاقانى، ئۇيغۇر مەلىكىسى ۋە دورغابىلىرىنىڭ رەسىمىنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ، يەنە تېخى بەشبالىق شەھرىنىڭ يازلىق ئاستانە ئىكەنلىكى، ئىبادەتخانا ئورنى ۋە كۆلىمى ھەمدە ھەيكەل ـ تام رەسىملىرىنىڭ نەفىسلىك دەرىجىسى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن تەھلىل قىلىپ بۇنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خان جەمەتى ئىبادەتخانىسى ئىكەنلىكى دەلىللەندى. چوڭ قەسرىنىڭ جەنۇبىدىكى يول ئاغزىدىن خېلى چوڭ بىر پارچە تام رەسىمنىڭ پارچىسى تېپىلغان بولۇپ بۇنىڭدا ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ساخاۋەتچىسىنىڭ رەسىمى، ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنىڭ باياسمان ئالتۇن تاج تاقىغاندا مۆرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان قارا چېچى، قاڭشارلىق بۇرنى، ساقىلى ،

يۇملاق ياقلىق، تار يەڭلىك نىمچا كىيگەن، ئۇزۇن غوللۇق ئالتۇنگۈلنى كۆكسىگە بېسىپ كۆتۈرۈۋالغان تەسۋىرىمۇ سىزىلغا. ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئاق قالغان يەرگە «كۈن-ئاي تەڭرىدە قۇتبولمىش ئەل ئارسلانى، تەڭرىم ئۆز پاناھىدا ساقلىغان دانىشمەن ئىدۇقۇتنىڭ رەسمى»(20). دېگەن ئۇيغۇرچە بېغىشلىما قارا سىياھدا ئۈچ قۇر قىلىپ يېزىلغان. ئىبادەتخانا يان سارىيىنىڭ شىمال تەرىپىنىڭ كۈن چىقىش ئۇچىدىكى S105 نومۇرلۇق سارايدا ساقلىنىپ قالغان كەمتۈك تام رەسىمدە بىرپارچە جەسەت كۆلى تالىشىۋاتقان رەسىم بار، «جەسەت كۆلى تالىشىش» بۇددا دەستۇرلىرىدا يەنە «سەككىز پادىشاھنىڭ جەسەت كۆلى تالىششى» مۇ دېيىلىدۇ، يەنى بۇددا نىرۋاناغا يەتكەندىن كېيىن ئەتراپتىكى ئەللەر لەشكەر تارتىشىپ جەسەت كۆلىگە ئېرىشمەكچى بولغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەشبالىخ بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىكى جەسەت كۆلى تالىشىۋاتقان رەسىمدە ھازىر پەقەت بىرنەچچە پادىشاھلىقنىڭ كۇشىناگارا ئېلىگە يۈرۈش قىلىۋاتقانلىقى، كۇشىناگارا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقى ھەمدە براھمان مۇرىتى رۇننانىڭ قوللىرىغا جەسەت كۆلى قۇتىسى ئېلىۋالغان سەككىز ئەل پادىشاھلىرى بىلەن بىللە تۇرغان كۆرۈنۈشلا ساقلىنىپ قالغان. مۇتەخەسسلەرنىڭ ئانالىزى قىلىشىچە، بۇ رەسىم روشەن ئۇيغۇرچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەن، پېرسوناژلار ئوبرازى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇيغۇرلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ مەزمۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن ئىكەن(21).

سۇڭ سۇلالىسى تەيپىڭ شىڭگو سەلتەنەتىنىڭ 6-يىلى( مىلادى 981-يىلى) سۇڭ تەيزۇڭ خادىمئاغا ۋاڭ يەندې قاتارلىقلارنى ئىدۇقۇتقا

ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. يۇڭشى سەلتەنەتىنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 984-يىلى) 4-ئايدا ۋاڭ يەندې سۇڭ ئوردىسىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئەلچىلىك جەريانى بايان قىلىنغان «ۋاڭ يەندېنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھەت خاتىرىسى»نى يېزىپ چىققان، بۇنىڭ قىسمەن پارچىلىرى «سۇڭ تارىخى»قاتارلىق كىتابلاردا ساقلانماقتا. ئىدۇقۇت رايونىنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ھەققىدە ۋاڭ يەندې«تاڭ سۇلالىسىدىن قالغان بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن 50نەچچىسى بار ئىكەن، ئىبادەتخانىلىرىدا" گادىنجور نومى" (" ترىپىتاكا ") " تاڭ ئاھاڭلىرى " ،" سۆزلەر جەۋھىرى" ، " سۇتراسۇادا " قاتارلىق بۇددا دەستۇرلىرى بارئىكەن» دەپ يازغان. بۇ شۇنىڭدىن بىشارەتكى، ئەينى چاغدىكى ئىدۇقۇت ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئىبادەتخانىلاردا زور مىقداردىكى خەنزۇچە بۇددا دەستۇرلىرى ساقلانغان، شۇنداقلا يەنە خەنزۇ تىلىنىڭ قاپىيە سۆزلىكىگە ئائىت ئەسەرلەرمۇ ساقلانغان. خەنزۇلار رايونىدىكى بۇددا دەستۇرلىرى ۋە باشقا مەدەنىيەتكە ئائىت كىتابلار ئىدۇقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە تارقىلىشى ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇپ قالغان. گېرمانىيەدە ساقلىنىۋاتقان تۇرپاندىن تېپىلغان خەنزۇچە قالدۇق نوم-سۇترالارغا جەمئىي 7مىڭ نومۇر سېلىنغان بولۇپ، ئاساسەن بۇددا دەستۇرلىرىنىڭ قالدۇقلىرىدۇر، مەزمۇنى ئاساسەن بۇددا دىنىدىكى نوم،قانۇن(ۋىنايا)،مۇھاكىمەدىن ئىبارەت "گادىنجور نومى" (" ترىپىتاكا ") نى ئاساس قىلغان. بۇ بۇددا نوملىرىنىڭ قالدۇقلىرى ئېھتىمال ئەينى يىللىرىدىكى ئىدۇقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا ساقلىنىپ كەلگەن كىتابلارنىڭ مىڭ يىللار مابەينىدىكى

قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىدىن پەيدا بولغان قالدۇق بولسا كېرەك(22).

## 3.ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى

ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە. ئۇيغۇرلار ناھايىتى بۇرۇنلا يېزىق ئىجاد قىلىپ ئۇيغۇر تىلىنى يازغان. بايقالغان ۋەسىقىلەردىن ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار ئىلگىرى-ئاخىر تۈرك-رۇنىك يېزىقى، مانى يېزىقى، ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان. بۇنىڭ ئىچىدە مانى يېزىقىنى ئاساسەن مانى دىنىغا كىرگەن ئۇيغۇرلارلا قوللانغان. يۇقىرىقى ئۈچ خىل يېزىقتا قالدۇرۇلغان ۋەسىقىلەر(يازما ھۆججەتلەر) بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە دىنىنى تەتقىق قىلىشتا تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭدىن باشقا يەنە براھمان يېزىقى ، سۇرىيە يېزىقى، باسپا يېزىقى ۋە تىبەت يېزىقىمۇ ناھايىتى تار دائىرىدە ئۇيغۇر تىلىنى يېزىش ئۈچۈن قوللىنىلغان(23).

ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپتە قەدىمقى تۈرك يېزىقىنى قوللانغان ، بۇ يېزىق شەكىل جەھەتتىن قەدىمقى شىمالىي ياۋروپا مىللەتلىرى ئىشلەتكەن رۇنىك يېزىقىغا ئوخشىشىپ كەتكەنلىكتىن تۈرك-رۇنىك يېزىقىمۇ دېيىلىۋاتىدۇ. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى قارا قاغان (مويۇنچۇر قاغان، مىلادى 747-يىلىدىن 759-يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) مەڭگۈ تىشى مۇشۇ يېزىقتا (تۈرك-رۇنىك يېزىقى) خاتىرىلەنگەن. ئادەتتە تۈرك-رۇنىك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى قەدىمقى ئوتتۇرا شەرقتىكى ئارامى يېزىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، بۇ خىل يېزىق ئالدى بىلەن پارسلار ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارس تىللىق

مىللەتلەرگە تارقىلىپ ئاندىن شۇلار ئارقىلىق تۈركلەرگە تارقالغان، دەپ قارالماقتا. تۈرك-رۇنىك يېزىقى ھەرپ ۋە بوغۇم ئۆزئارا ئارىلاش بولغان ئەبجەش يېزىق بولۇپ، 38~40 ھەرپ بار، 5 ھەرپ ئارقىلىق 8 سوزۇق تاۋۇش ئىپادە قىلىنىدۇ؛ 8ئۆزۈك تاۋۇش جۈملىدە كېلىدىغان فونېتىك (تاۋۇش)مۇھىتقا ئاساسەن ئىككى يۈرۈش ئوخشاشمايدىغان ھەرپ ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى دائىم جۈملە ئوتتۇرىسى ۋە جۈملە ئاخىرىدا قىسقىراپ كېتىدۇ. تۈرك-رۇنىك يېزىقى ئادەتتە ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ. يەنىسەي ۋادىسىدىن بايقالغان تۈرك-رۇنىك يېزىقىدىكى مەڭگۈتاشلاردا سولدىن ئوڭغا يېزىلغانلىرىمۇ بار. سۆز-جۈملىلەر ئادەتتە قوشچېكىت (:) ئارقىلىق ئايرىلغان(24). ئۇيغۇرلار ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە تۈرك-رۇنىك يېزىقىنى قوللانغان.

ئۇيغۇرلار سوغدى يېزىقى ئاساسىدا يېڭى بىر يېزىق ئىجاد قىلغان، بۇ يېزىق ئۇيغۇرلار ئىلگىرى قوللانغان باشقا يېزىقتىن پەرقلەندۈرۈلۈش ئۈچۈن ئادەتتە ئۇيغۇر يېزىقى، دەپ ئاتالدى.

ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان دەۋرى توغرىلىق ئېنىق يازما خاتىرىلەر يوق، ئەمما مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، مىلادى9-ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىگە ئائىت كۆپلىگەن يازما ھۆججەتلەر مۇشۇ يېزىقتا خاتىرىلەنگەن. ئۇيغۇر يېزىقى كېيىنكى بىرنەچچە ئەسىردە ئىزچىل تۇردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ يېزىقى بولۇپ، قاغانلىقنىڭ ئەمر-پەرمانلىرى، دىنىي دەستۇرلار، پۇقرالار ئارا ئىقتىسادىي ئېلىم-بېرىم ھۆججەتلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تېبابەت ۋە دورىگەرلىككە ئائىت ۋەسىقىلەر قاتارلىقلارنى خاتىرىلەشتە قوللىنىلغان. ئۇيغۇر يېزىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي

خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىگىمۇ خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر يېزىقى 13-ئەسىردىن 15-ئەسىرگىچە بولغان دەۋردە ئالتۇن ئوردا خانلىقى(قىپچاق خانلىقى)، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسى ۋە چاغاتاي خانلىقىنىڭ يېزىقى بولغان. 11-ئەسىردىكى مەشھۇر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى، شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شاھانە ئەسىرى«قۇتادغۇ بىلىگ» ناملىق ئەسىرنىڭ 1439-يىلى باشقىلار تەرىپىدىن مۇشۇ ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. تۇرپان رايونىدا بۇ يېزىق 15-ئەسىرگىچە قوللىنىلغان. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جىۇچۈەندىكى سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا 17-ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرچە«ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇغ يالتىراغلىق قوپتا كۆتىرىلمىش نوم ئىلىكى ئاتلىغ نوم بىتىك»(«ئالتۇن يارۇق»)نىڭ نۇسخىسى تېپىلدى.

ئۇيغۇرلار قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ قۇرغان قاراخانىيلار تەسەررۇپىدا 10-ئەسىردە ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى خاقانىيە تۈرك يېزىقى قوللىنىلىشقا باشلىدى، بۇ كېيىنكى دەۋردە چاغاتاي يېزىقى شەكىللىنىشىنىڭ مۇھىم ئاساسى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇر يېزىقى قاراخانىلاردىمۇ قوللىنىلغان، بۇ يېزىق ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ كۆچى ئاجىزلىشىپ تاكى تۇرپان قاتارلىق جايلار تەلتۆكۈس ئىسلاملاشقانغا قەدەر قوللىنىلغان، 15-ئەسىرگە كەلگەندە چاغاتاي يېزىقى تەدرىجىي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئالغان. ئۇيغۇر يېزىقى ھەرپلىك يېزىق بولۇپ، 19~20ھەرپتىن تەركىب تاپقان. ھەرپلەرنىڭ باش ھەرپ، ئوتتۇرا ھەرپ ۋە ئاخىرقى ھەرپتىن ئىبارەت ئوخشاشمىغان شەكلى بولغان. دەسلەپتە ئۇيغۇر يېزىقى ئوڭدىن سولغا توغرىسىغا يېزىلغان بولسا، كېيىنچە سولدىن ئوڭغا

تىك(يۇقىرىدىن تۆۋەنگە) يېزىشقا ئۆزگەرتىلگەن. ئۇيغۇر يېزىقى ئۆزىنىڭ خەتتاتلىق شەكلىگە ئاساسەن تېزيازما نۇسخىسى، يازما نۇسخىسى، نوم-سۇترا نۇسخىسى ۋە ئويما مەتبەئە نۇسخىسىدىن ئىبارەت نەچچە خىل شەكىلدىن تەركىب تاپقان. ئادەتتە قوشچېكىت(:) ياكى تۆتچېكىت(::) تىنىش بەلگىسى قىلىنغان. بەزى نوم-سۇترا يازما نۇسخىلاردا دائىم يۇقىرىقى تىنىش بەلگىلىرىدىن باشقا يەنە قىزىل، قارا چەمبەرلەرمۇ قوللىنىلغان.

يېزىق ئىشلىتىشكە باشلىغاندىن كېيىنكى ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. نەچچە ئەسىرگە سوزۇلغان تارىخىي دەۋردە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىي قىسمىدىكى ئالاقە قورالى بولۇپلا قالماستىن يەنە ئىزچىل تۈردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭمۇ قوبۇل قىلىپ قوللىنىشىغا ئېرىشكەن. ئىدۇقۇت ئۇيغۇر ، ئېلى بىلەن قاراخانىيلار تەسەررۇپىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ھەمدە خارەزىم تۈركچىسى ئەدەبىي تىلى (خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن خارەزىم تۈركچىسىنىڭ ئەدەبىي تىلى) موغۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە شەكىللەنگەن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي ئەدەبىي تىلى بولغان چاغاتاي تىلىنىڭ ئىككى مەنبەسىدۇر.

ئۇيغۇر ئېلىپبە جەدۋىلى(1) (نوم-سۇترا نۇسخىسى ئاساس قىلىنغان):

ئۇيغۇر يېزىقىدا سوزۇق تاۋۇش o (ئو) ھەرپى بىلەن u (ئۇ)ھەرپى ۋە ó (ئۆ) ھەرپى بىلەن ú (ئۈ) ھەرپى تېكىستتە پەرقلەندۈرۈلمىگەن. o ھەرپىنىڭ كەينىگە سوزۇق تاۋۇش ھەرپى y (ي) ھەرپىنى قوشۇش ئارقىلىق ó بىلەن ú ھەرپى ئىپادە قىلىنغان. ó بىلەن ú سۆز - جۈملىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا يېرىم سوزۇق تاۋۇش y ۋە ئۈزۈك تاۋۇش k ۋە g دىن كېيىن كەلسە u ياكى o لا

يېزىلىپ يېرىم سوزۇق تاۋۇش بولغانy چۈشۈپ قالغان (قىسقارتىلغان)؛ سۆز بېشى ياكى بىرىنچى بوغۇمدىكى ئۈزۈك تاۋۇشتىن كېيىن (يېپىرىم سوزۇق تاۋۇشy ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن k بىلەن g دىن باشقىلىرى ) كەلگەن يېرىم سوزۇق تاۋۇش ھەرپى y قىسقارتىلمىغان.ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن b(ب) ھەرپى بىلەن p (پ)ھەرپى شەكىلدە ئوخشاش بولۇپ، پەرقلەندۈرۈلمىگەن. ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن s (س)ھەرپى بىلەنš(ش) ھەرپى شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ ئەماš نى ئىپادە قىلىدىغان ھەرپىنىڭ باشقا بىر ئۆزگەرگەن شەكلى بولغان، يەنى s نىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئىككى چېكىت قويۇش ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان. q (ق) ھەرپى بىلەن γ (غ) ھەرپى شەكىل جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈلمىگەن بولسىمۇ ئەمما q نىڭ يەنە بىرخىل ئۆزگىرىش شەكلى بولغان، يەنى qنىڭ سول تەرىپىگە ئىككى چېكىت ياكى بىر سىزىق قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن .سۆز ئوتتۇرىسىدا ۋە سۆز ئاخىرىدا كەلگەن i(ئى) بىلەن y (ي)تاۋۇشى يېزىقتا پەرقلەندۈرۈلمىگەن.

## 4. ئۇيغۇرلارنىڭ تىلشۇناسلىق بىلىملىرى

ئۇيغۇرلار قەدىمقى شەرق-غەرب مەدەنىيتى ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان غەربىي يۇرتتا ياشىغان ، قەدىمقى جۇڭگو مەدەنىيتى ، ھىندىستان مەدەنىيتى ، پارس – ئەرەب مەدەنىيتى، تۈرك ئىسلام مەدەنىيتى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيتى بىلەن بۇ يەردە ئۆزئارا تەسىر كۆرستىشكەن. مانامۇشۇنداق مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۇيغۇرلار شەرق بىلەن غەربنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مول ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇيغۇر مەدەنىيتىنى شەكىللەندۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت تارقىتىش ۋە

ئالماشتۇرۇشقا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى كىشىلەرنى بەكرەك جەلپ قىلىدۇ. ۋېي-جىن دەۋرىدىن سۈي-تاڭ دەۋرىگىچە بولغان غەربىي يۇرتتا بۇددىزىم تازا روناق تاپقان، ئىدىقۇت، كۇسەن، سۇلالغ(كاشغەر يېڭىشەھەر)، ئۇدۇن (خوتەن) قاتارلىق جايلار ئەينى زاماندا بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن ئىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربكە نوم ئىستەپ كەلگەن فاشيەن، شۈەنزاڭ، يىجىڭ قاتارلىق راھىبلار بۇددىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشقان. توخارىستان، ئارساك (بۇخارا)، كانجۇت (سوغدىيانا)، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن شەرققە كېلىدىغان راھىبلارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمىگەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خان جەمەتى ۋە بۇددا دىنى ساھەسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگونىڭ ئىچكىرى جايلىرىغا بۇددا ئەقىدىلىرىنى تەرجىمە-تەرغىب قىلىشقا كەلگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى ئۆز ئالدىغا جاھان كېزىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بۇددا دىنى ساھەسىدىكىلەر بىلەن بۇددا ئەقىدىلىرى ھەققىدە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش باھانىسىدە ھىندىستان ۋە غەربىي يۇرتنىڭ بۇددا دەستۇرلىرى، ئىلمىي نۇجۇم ئىلمى (ئاسترونومىيە ئىلمى)، تەقۋىمچىلىك ئىلمى(كالېندارچىلىق ئىلمى)، تىلشۇناسلىق ئىلمى، تېبابەت ئىلمى، ئاسترولوگىيە ئىلمى(يۇلتۇزلارنىڭ جايلىششىغا قاراپ كېلەچەككە پال ئېچىش ئىلمى) قاتارلىقلارنى تارقىتىش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ ئىچكىرى جايلىرىغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشىدا ئالاھىدە تۆھپە ياراتقىنى ئۈچۈن تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغان. مەسىلەن، ئەنەتكەكنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن(ئوتتۇرا ھىندىستاندىن) كەلگەن سىرامانالاردىن(راھىبلاردىن)

كاسياپاماتانگا، دىھارماراتنا، دىھارماراكسا، غەربىي يۇرت راھىبلىرىدىن جۇدالى، سىروكاشا، سىخار، ئارساكتىن(بۇخارادىن) كەلگەن پارتھاماسىرس، كۇسەنلىك كومراجىۋا، شىمالىي ئەنەتكەكلىك(شىمالىي ھىندىستانلىق) بۇددىرۇتچى، سۇلالىغلىق(كاشغەرلىك) خۇيلان، ھىندىستانلىق مۇنەججىم( ئاسترونومىيە ئالىمى) كاسياپا، گائۇتاما، شاھزادە كومارا قاتارلىقلار جۇڭگونىڭ بۇددا دىنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ھىندىستان ۋە غەربىي يۇرتلۇق راھىبلاردۇر. ئۇلار بۇددا نوملىرىنى كۆپلەپ تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق بۇددا ئەھكاملىرى ۋە بۇددا تەلىماتلىرىنى ئۇيغۇر يېرى ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكىرى رايونلىرىغا تارقىتىپلا قالماستىن بەلكى قەدىمقى ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسيانىڭ تىلشۇناسلىق بىلىملىرىنىمۇ ئۇيغۇر يېرى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىتىپ، قەدىمقى جۇڭگونىڭ تىلشۇناسلىقى ئۈچۈن مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن.

قەدىمقى ھىندىستاندا تىلشۇناسلىق ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، براھمان مۇرىتلىرى نوم-سۇترالارنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە توغرىلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلار نوم-سۇترالارنى ئېغىزدىن قۇلاققا يەتكۈزۈپ ئوقۇشتا قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، يېزىق، فونېتىكا(تاۋۇش) ۋە گراماتىكا ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. قەدىمقى ھىندىستاننىڭ تۆت خىل ماھارىتىنىڭ بىرى بولغان «ئاۋاز ماھارىتى» يەنى تىلشۇناسلىقتا ئائىت بىلىمى مۇشۇنداق ئېجتىھات بىلەن ئىزدىنىش نەتىجىسىدە تەرەققىي قىلغان. قەدىمقى ھىندىستاننىڭ تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىدە فونېتىكا، سۆز يىلتىزى (سۆز تومۇرى)، سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار، سۆزياسىغۇچى ئالدى قوشۇمچىلار، سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرى، ياسالما سۆز ۋە بىرىككەن سۆزلەر ناھايىتى ئەتراپلىق ھەم

ئىنچىكە تەھلىل قىلىنغان. ھىندىستانلىق تىلشۇناس پانىنى(Panini)قەدىمقى ھىندىستاننىڭ تىلشۇناسلىقىنى سىستېمىلىق يەكۈنلەپ زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەسىرى«پانىنى گراماتىكىسى» نى يېزىپ چىقىپ، كېيىنكى ئەسىرلەردىكى تىلشۇناسلىققا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. ھىندىستان تىلشۇناسلىقىدىكى فونېتىكاغا ئائىت بىلىملەرنىڭ قەدىمقى جۇڭگونىڭ فونېتىكا ئىلمىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور بولغان.

شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن بۇددا نوملىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنىپ جۇڭگوغا كىرىشىگە ئەگىشىپ خەنزۇلار رايوندىكى ئىلىم ساھەسىدە تارقالغان«سىددام» سانسكرىت تىلىنىڭ قولدىن قولغا ئۆتۈپ شەكىللەنگەن سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇش بوغۇم جەدۋىلىدۇر. «سىددام» جۇڭگوغا كىرگەندىن كېيىن بۇددا دىنى ساھەسىدىكىلەرلا سانسكرىت تىلىنىڭ فونېتىكا قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ قالماستىن بەلكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر، زىيالىيلار ۋە ئەدىبلەرمۇ «سىددام»تەلىماتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ھازىر بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ بالدۇرقى سانسكرىتچە كىتاب«سىددام تەلەپپۇزى دەستۇرى» بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تاڭ دېزوڭ دەۋران سۈرگەن جېنگۈەن سەلتەنەتى مەزگىللىرىدە(مىلادى 785~805-يىللىرى) يېزىلغان، دېمەك تاڭ دەۋرىدىكىلەر «سىددام» شەكلى(ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى) نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەمدە تىبەت يېزىقى ھەرپلىرى تىزىسلىرى بويىچە خەنزۇ يېزىقىغا ھەرپ ئىجاد قىلىشقان. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنخۇاڭدىن بايقالغان ۋەسىقىلەر ئىچىدىن مۇشۇنىڭغا ئائىت ئىككى پارچە كەمتۈك جىلد تېپىلدى، بۇنىڭ بىرى «30ھەرپكە تەۋە مىساللار»، يەنە بىرى«شوۋۋېن قاپىيەلىرىنىڭ كەمتۈك

جىلدى»دىن ئىبارەت.

«سىددام» تەلىماتىنىڭ تەسىرىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار رايونىدا تەڭداش قاپىيەشۇناسلىق ئىلمى بارلىققا كېلىپ، تەڭداش قاپىيە قوللانمىلىرى يېزىلغان. تاڭ دەۋرىدە، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر خەنزۇ تىلىنىڭ ئوقۇلۇش تەلەپپۇزىغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن، بۇددا ئىلىم ئەھلىلىرى بولسا «قاپىيە ئىلمىنى ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، پۈتۈن ئەقىل-ئىدراكىنى يىغىپ ئۆگىنىپ»، سانسكرىت، خەنزۇ يېزىقىنىڭ تاۋۇش قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپدىكى راھىب يىجىڭ يازغان«سانسكرىتچە-خەنزۇچە مىڭ سۆزلۈك ماقالىلەر»(25)، چۇەنجېننىڭ «سانسكرىتچە-خەنزۇچە ماقالىلەر»نىڭ ھەممىسى خەنزۇچە-سانسكرىتچە سېلىشتۇرمىسى بولغان سانسكرىتچە ئوقۇشلۇق.

«سىددام» تەلىماتى يەنە داۋاملىق شەرققە تارقىلىپ ياپونىيەگىچە بارغان، 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ياپونىيەلىك راھىب ئەنرەن 880-يىلى (ياپونىيە يۈەنچىڭ سەلتەنەتىنىڭ 4-يىلى) يازغان 8جىلدلىق «سىددام دەستۇرى»دا سانسكرىت يېزىقى ھەرپلىرىنىڭ شەكلى، تەرتىپى، ئوقۇلۇش تەلەپپۇزى ھەمدە ھەرپنى زورلاپ قوشۇشنىڭ ئەھمىيتى قاتارلىقلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان(26).

جۇڭگونىڭ بۇددا راھىبلىرى بىلەن زىيالىيلىرى سانسكرىت تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ترانسكرىپسىيە قائىدىسىدىن ئىلھاملىنىپ خەنزۇچە خەتلەرنى ترانسكرىپسىيە قىلىپ يېزىشتا قوللىنىلىدىغان ترانسكرىپسىيە قائىدىسىنى ئىجاد قىلغان(27). سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جېڭ چياۋ يازغان«ئومۇمىي تەزكىرە»36-جىلدىنىڭ «7 تاۋۇشنىڭ بىرىنچىسى» دە : « يەتتە خىل تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان ئوقۇش ھەرپى غەربىي يۇرتتا بارلىققا كېلىپ كېيىنچە

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن، ھىندىستانلىق راھىبلار بۇ ئوقۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ دۇنيا مىقياسىدا دىن تارقىتىش يۈزىسىدىن بۇ كىتابنى يېزىپ چىققان. گەرچە ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان تۆپتىن ئوخشىمايدىغان تىللار بىلەن تەرجىمە قىلىنىپ چۈشىنىش بەك قىيىن بولسىمۇ ئەمما خەتنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە مەناسى بويىچە تارقالغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك راھىبلىرى مۇشۇنىڭغا ئاساسەن يەتتە خىل تاۋۇشنى قايتىدىن سىلىشتۇرۇپ 36 خىل ئەڭ ئاساسىي ئوقۇش ئۇسۇلىنى بەلگىلەپ چىققان، جاراڭسىز تاۋۇش، يىنىك تاۋۇش، جاراڭلىق تاۋۇش، تىترەڭگۈ تاۋۇش قاتارلىقلار ئۆز قانۇنىيىتى بىلەن ئالەمدىكى بارلىق شەيئىلەر چىقارغان تاۋۇشنى ئىپادە قىلغىلى بولىدۇ» دەپ يازغان بولسا يەنە 64-جىلدنىڭ «دەسلەپ ئۆگەنگۈچىلەرئۈچۈن تاۋۇش ۋەزنى»دە« ئوقۇلۇش بەلگىسى بىلەن تاۋۇش بەلگىلەش غەربىي يۇرتتىن كىرگەن بولۇپ، ئۇزۇندىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن 14 خەت بىلەن بارلىق تاۋۇشنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىدۇر، قوللىنىلغان يېزىق (ئوقۇلۇش بەلگىسى) ناھايىتى ئىخچام بولسىمۇ ئەمما ئىپادە قىلغان تاۋۇشلار ناھايىتى كۆپ بولغان، بۇ براھمان دەستۇرى، دېيىلىدۇ، ھالبۇكى تاۋۇشقا بەلگە قويۇش ئۇسۇلىنى مۇكەممەل ، دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، سەل كېيىنرەك 36ئوقۇلۇش بەلگىسى ھەرپى بارلىققا كەلگەندىن كېيىنلا ئوقۇلۇش بەلگە سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيەسى ئاندىن مۇكەممەللەشتى» دەپ يازغان.

بۇددا نوملىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى بۇددا ئىدىيىسى، بۇددا تەلىماتىنىڭ تارقىلىش ئاساسى. شۇڭا ئۇيغۇر راھىبلىرى بۇددا ھەققىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بەس-بەستە سانسكرىت تىلىنى ئىجتىھات بىلەن تەتقىق قىلىپ، سانسكرىت تىلىدىن ناھايىتى كۆپ مۇھىم بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغان. زور

مقداردىكى سانسكرىتچە بۇددا دەستۇرلىرىنىڭ ئۇيغۇر يەرلىرىگە تارقىلىشى ۋە سانسكرىت تىلىنىڭ ئۇيغۇر بۇددا ئىبادەتخانىرىغا كىرىشى بۇددا دىنىنىڭ سانسكرىتچە ئەسلىي دەستۇرلىرىنى ئۇيغۇر بۇددىستلىرى ئىچىدە كەڭ تارقىلىشىغا ئاساس يارىتىپ بېرىپلا قالماستىن بەلكى ئۇيغۇر راھىبلىرىنى ھىندىستاننىڭ تىلشۇناسلىق بىلىملىرىنى ئۆگىنىش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشتۈردى.

10-ئەسىردىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ كىرىشىگە ئەگىشىپ ئەرەب تىلشۇناسلىقىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قاراخانىلار تەۋەلىكىگە ھەم ئۇيغۇر يەرلىرىگە تارقالدى. كاشغەرىيەنىڭ ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيىتىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللىنىش بارلىققا كەلدى، مەكتەپلەردە «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس، ئەرەب تىلى، پارس تىلى، ئىسلام ئەقىدىلىرى نەزەرىيىسى، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى، ماتىماتىكا ۋە ئىلمىي نۇجۇم(ئاسترونومىيە) دەرسلىرى ئۆتۈلدى. نەتىجىدە تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتى روناق تېپىپ، تىلشۇناسلىققىمۇ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىلدى. بۇ مەزگىللەردە بىر تۈركۈم مەشھۇر ئالىملار ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى، ئۇلار ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ئائىت ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ ۋە شەرھلەپ، ئۆلمەس ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، نۇرغۇن تىبىي، ئاسترونومىيە ئەسەرلىرىنى يېزىپ ۋۇجۇدقا چىقاردى، يەنە تېخى شۇ چاغدىكى تىللار ئۈستىدە نەق مەيدانىنى تەكشۈرۈپ، تۈركىي تىللار ۋە شېۋىلەرنى توپلاپ، شۇ زاماندىكى تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسى بويىچە تۈركىي تىللارنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلدى.

11-ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرى دەل شۇلارنىڭ بۈيۈك ۋەكىلىدۇر.

كاشغەر شەھرىدە تۇغۇلغان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بوۋىسى ۋە ئاتىسى

قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ خانزادىلىرىدىن بولۇپ، قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن ھارون بۇغراخانلار جەمەتىنىڭ ئەۋلادى. بالىلىقى ۋە ياشلىقىدا ئۆز يۇرتىدا ياخشى تەربىيە كۆرگەن مەھمۇد كاشغەرى ئەينى زاماندىكى ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزى بولغان باغدادقا بارغان ھەمدە كىيىنچە تۈركىي قەۋملەر ئولتۇراقلاشقان يۇرتلارنى ئارىلاپ چىققان، تارىم ئويمانلىقى، يەتتەسۇ ۋادىسى، ئىلى ياپلاقلىرى، ماۋاراۇننەھر، دەشتى قىپچاق تۈركىي قەۋملىرى ئارىسىدا تۈركىي تىللارنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ۋە شىۋىسىنى نەچچە يىللاپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ، زور مىقداردىكى تىل، تارىخ، ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى، جۇغراپىيە ۋە ئۆرپ-ئادەتكە ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاپ، 1074-يىلى يەنى ھىجرىيە 464-يىلى قامۇس كەبى شاھانە ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تاماملىدى.

مەھمۇد كاشغەرى تەكشۈرۈپ ماتېرىيال توپلاشتىن بۇرۇن ئەتراپلىق تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىنى ئىگىلەپ، ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي ساپا ھازىرلىغان، شۇڭا ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى تۈركىي تىللارنىڭ فونېتىكا ۋە سۆزلىكلىرىنى توغرا خاتىرىلىگەن، ھەتتا ئۇنىڭ «دىۋان»دىكى فونېتىكا ۋە گىراماتىكا ئۈستىدە يۈرگۈزگەن تەھلىل-يەكۈنلىرى، تۈركىي تىللار ئۈستىدىكى ئاجايىب چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىقاتى ھازىرغا قەدەر يىگانىلىقى بىلەن ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

مەھمۇد كاشغەرى بۇ لۇغەتنى تۈزۈشتىن بۇرۇن ئەرەب تىلشۇناسلىقى ۋە لۇغەت تۈزۈش جەھەتتىكى نەزەرىيە ھەم ئەمەلىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولغان. ئۇ ئەرەبلەرنىڭ لۇغەت تۈزۈش جەھەتتىكى ئۇسۇلى ۋە تەجرىبىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، كۆپ تەرەپلەردىكى ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل

قىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»8جىلدقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر جىلدى يەنە ئالدىنقى ۋە كېيىنكى دەپ ئايرىمچە ئىككى جىلدقا يەنى ئىملىق(静词) ۋە پېئىلغا ئايرىلغان، بۇ ئايرىمچە جىلد يەنە كۆرسەتكۈچكە(门)ئايرىلغان، ھەربىر كۆرسەتكۈچتىكى سۆزلۈكلەر سۆزدىكى ھەرپىنىڭ ئاز-كۆپلىكى بويىچە يەنە ئىككى ھەرپلىك سۆزلەر، ئۈچ ھەرپلىك سۆزلەر، تۆت ھەرپلىك سۆزلەر قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلغان. ھەربىر تۈردىكى سۆزلەر يەنە سۆزتۈركۈمى(سۆزقۇرۇلمىسى ۋەشەكلى) ۋە سۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە تىزىلغان. مۇئەللىپ ھەربىر سۆزنىڭ تاۋۇشنى ئىمكان قەدەر توغرا شەرھلەپ بەرگەن، «دىۋان»دا تۈركىي تىللارنىڭ گراماتىكىسى، سۆزياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى ۋە فونېتىكىسىغا ئائىت چۈشەنچە، ئىزاھات ۋە سىلىشتۇرمىلار ئالاقىدار باب-پاراگراف ۋە سۆزلەرنىڭ كەينىگە بېرىلگەن ؛ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى بىلەن باشقا تۈركىي قەۋملەر تىلىنىڭ گراماتىكىلىق ھالەتلىرىنى تەھلىل قىلىش ۋە سېلىشتۇرۇش جەھەتتە ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن.

ئۇيغۇر تىلى ھەققدە توختالغاندا مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان»نىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا: «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچىدۇر،ئۇلارنىڭ ئىچكىي قىسمىدا ئۆزئارا قوللىنىدىغان يەنە بىر تىلى بار. (ئۇلار) بىرخىل تۈرك يېزىقى قوللىنىدۇ، بۇ يېزىق 25ھەرپتىن تۈزۈلگەن، باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك ئۇلار بۇ يېزىق بىلەن يازىدۇ، ئۇلارنىڭ چىنىنىگكىگە (جۇڭگونى) دېمەكچى)ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر يېزىقى بار، ئۇلار بۇخىل يېزىقتا ئىمزا قويىدۇ ياكى تىزىملايدۇ. كاپىرلار ۋە چىنلىقلاردىن باشقىلار بۇ يېزىقنى بىلمەيدۇ»(28).بۇ يەردىكى«چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان يېزىق» خەنزۇ يېزىقى. دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇر بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا خەنزۇ

تىل-يېزىقى مۇھىم تىل-يېزىق بولغان، نۇرغۇن ئۇيغۇر راھىبلار خەنزۇ تىل-يېزىقىنى پۇختا ئىگىلىگەن. ئۇيغۇر راھىبلىرى يەنە خەنزۇ يېزىقىنى ئۇيغۇر يېزىقى ھەرپى بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلغان، بۇ رايوندىن بايقالغان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپى بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىنغان خەنزۇچە بۇددا نوملىرىدىن«تەڭرى ئىبادەتخانىسىدىكى قۇت ئاتىلىغ نوم»بىلەن«ئىتىكاپتىكى بىكسۇ(راھىب)» ھازىر روسىيە ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ سانكت-پېتىربۇرگ شۆبىسىدە ساقلانماقتا(29).

غەربىي يۇرتتىكى ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن تۆرلۈك تىلشۇناسلىق تەلىماتىنىڭ تەسىرىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ۋە دۇنخۇاڭدىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت بىلىملەرنى تەرەققىي قىلدۇرغان. ھازىرغىچە بايقالغان ئۇيغۇرچە بۇددا دىنىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە ئۆزگىچە بىرخىل مەزمۇندىكى يازما يادىكارلىق ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر، بۇ خىل يازما يادىكارلىقلاردا ئۇيغۇرچە تېكىست ئارىلىرىغا خەنزۇچە خەت يېزىلغان ئەھۋال دائىم ئۇچرايدۇ.

ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان يازما يادىكارلىقلار تەھلىلىدىن قارىغاندا، خەنزۇچە خەتلەرنى قىستۇرۇپ يېزىش ھادىسىسى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردىلا ئۇچرايدۇ. بۇ تۆردىكى يازما يادىكارلىقلاردا خەنزۇچە خەتلەرنىڭ تېكىستتىكى رولى ۋە ئورنى بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە خەت قىستۇرۇلغان بىرتۈردىكى خەنزۇچە خەت ئۇيغۇرچە تېكىست مەزمۇنىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبى بولۇپ قالغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرچە«ئابىدارما كۇشاۋاردى شاشترىغا مەدھىيە» بىلەن

«تىلاۋەتتىكى بۇدساتۋا» قاتارلىقلاردا بۇ هال كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرچە«ئابدارما كۇشاۋاردى شاشتىرغا مەدھىيە»نىڭ هازىر سارقىلىنىۋاتقىنى كەمتۈك بىر بەت بولۇپ، باشقا ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار بىلەن بىرلىكتە تۇپلەنگەن، 1907-يىلى مارك ئاۋرېل شتايىن (ستەيىن) دۇنخۇاڭ تاشكېمىرىنىڭ نوم ساقلاش خانىسىدىن ئېلىپ كەتكەن، هازىر بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقنىڭ مەزمۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىنى تەتقىق قىلىشتا مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلشۇناسلىق بىلىملىرىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇهىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

«ئابدارما كۇشاۋاردى شاشتىرغا مەدھىيە»نىڭ بۇ كەمتۈك بېتىدە جەمئىي 13 قۇر ئۇيغۇرچە خەت بولۇپ، ئۇيغۇرچە قۇر ئىچىگە 127خەنزۇچە خەت قىستۇرۇپ يېزىلغان. بۇ خەنزۇچە خەتلەر بىلەن ئۇيغۇرچە خەتلەر ئۇلاپ يېزىلغان بۇ كەمتۈك بەتتە خەنزۇچە خەت تەرجىمىسىز بولۇپ، ئۇيغۇرچە جۈملىنىڭ ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان تەركىبىي قىسمى بولغان، يەنى خەنزۇچە خەتنىڭ ئارقىسىغا ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكا تەركىبىنى ئۇلاپ يازغان، بۇنداق تېكىستتە خەنزۇچە خەت ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم ، تۈپ سۆز قاتارلىقلارنىڭ رولىنى ئوينىغان، خەنزۇچە خەتنىڭ كەينىگە ئۇلاپ يېزىلغان ئۇيغۇرچە خەت بولسا ئاشۇ ئىسىمنىڭ كەينىگە ئۇلانغان قوشۇمچە ياكى كۆپلۈكنىڭ رولىنى ئوينىغان، بەزىلىرىدە ئالماش ئىسىم تەۋەلىك قوشۇمچىسى ۋە سۈپەت ياسىغۇچى تەركىبلەر قاتارلىق گىراماتىكىلىق ياكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە تەركىبلەرنىڭ ئورنىدا كەلگەن. مەسىلەن، (ئىككىنچى قۇر) 无病ـــــ tag، بۇيەردە بۇ خەنزۇچە خەت ئۇيغۇر تىلىدىكى«ساق،ساغلام»دېگەن سۆز

يىلتىزنىنىڭ ئورنىدا كەلگەن(شۇ كەمتۈك يازما يادىكارلىقنىڭ 2-قۇرىدا)؛ 根-lar (4-، 9-قۇردا)، بۇ خەنزۇچە خەت «يىلتىز»دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا كەلگەن؛ يەنە مەسلەن tag-良药 (4-قۇر)، ta-惭愧 (6-قۇر)، intin-相应 (6-، 13-قۇر)، tin-水 (7-قۇر)، li-色 (7-قۇر)، taki-心 (7-قۇر)، l-喻 (10-قۇر)، tag-毒药 (10-قۇر)، ning-无记 (13-قۇر)، si-等起 (13-قۇر) قاتارلىق خەنزۇچە خەتلەر تېكستتە ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز يىلتىزى ياكى تۈپ سۆزنىڭ ئورنىنى ئالغان، بۇ خەتلەر ئىپادىلىگەن مەنا ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان مەناسى بىلەن ئوخشاش، دېمەك، خەنزۇچە خەتلەر شەكىل ۋە گراماتىكىلىق ئىقتىدار جەھەتتە ئۇيغۇر تىلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان. بۇ كەمتۈك يازما يادىكارلىق بېتىدىن شۇنى بايقايمىزكى، ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچە خەتلەرگە ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى ياكى گراماتىكىلىق تەركىبلەرنى قوشۇپ يېزىش تەھلىلى ھازىرقى زامان تۈرك تىلشۇناسلىقىنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن. (7-رەسىم 81~82-بەتلەرگە چۈشىسە مۇۋاپىق). يەنە مەسلەن، پېللىئوت ساقلىغان يادىكارلىقلار ئىچىدە بىر پارچە ئۇيغۇرچە «ئىستىقامەتتىكى بۇدساتۋا»نىڭ كەمتۈك جىلدى بولۇپ، ھازىر فرانسىيە دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا، ئۇنىڭ ھەربىر بېتىدە ئوخشاشلا ئۇيغۇرچە قۇرلار ئارىلىرىغا خەنزۇچە خەت قىستۇرۇپ يېزىلغان. بىر پۇقرىدا تىلغا ئالغان«ئابىدارما كوشاۋاردى شاشترىغا مەدھىيە»گە ئوخشاشلا تېكىستتىكى خەنزۇچە خەتلەرنىڭ ھېچقانداق ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى يوق بولۇپ، ئۇيغۇرچە جۈملىلەرنىڭ ئايرىلماس تەركىبى قىلىنغان، خەنزۇچە خەتلەرگە ئۇلاپ يېزىلغان ئۇيغۇرچە خەتلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراماتىكىلىق ياكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى تەركىبى بولغان، خەنزۇچە خەت ئۇيغۇر

تىلدىكى ئىسىم ياكى پېئىل قاتارلىقلارنىڭ سۆز تۈمۈرلىق رولىنى ئوينىغان(30).

تىلشۇناسلىق بىلىمىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئومۇملىشىشى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر تىلىنى تەھلىل قىلىپ، سۆز يىلتىزى، تۈپ سۆز، تۈرلۈك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ياكى گىراماتىكىلىق ئۇلانمىلارنى پەرقلەندۈرۈپ، تۈرلۈك سۆزلەرگە ئۇلىنىدىغان گىراماتىكىلىق ئىقتىدارلارغا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان. بىز ھازىرغىچە ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغاندا قانداق مۇددىئا-مەقسەتتە ئۇيغۇرچە نوم تېكىستلىرىگە خەنزۇچە خەت قىستۇرۇپ يېزىش شەكلىنى بىلمەيمىز، شۇڭا بۇ ھەقتىكى تارىخي ماتېرىياللار ياكى يازما يادىكارلىقلار بولمىغاچقا بۇ خىل ھادىسىگە ھازىرچە يەكۈن چىقىرىشقىمۇ ئامالسىزمىز. ئەمما خەنزۇچە خەت قىستۇرۇپ يېزىلغان بۇ ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار يەنە بىر نۇقتىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇرچە سۆز ياسىغۇچى ئۇلانمىلاردىن جانلىق پايدىلىنىپ ئۆز تىلىنى خەنزۇچە خەتكە ئۇلاپ يېزىش ئارقىلىق چوڭقۇر ئىدىيۋي مەزمۇنلۇق بۇددا نوملىرىنى ئىپادە قىلغانلىقىدەك بىر پاكىتنى ھەمدە ئۆز تىلىنىڭ قۇرۇلمىسىغا بولغان تونۇش سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرى يادىكارلىقلىرىنىڭ باسما نۇسخىسى بىلەن كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۈپ سۆز ئاخىرى ياكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ بېشىدا كەلگەن بەزى ئۆزۈك تاۋۇشنىڭ جاراڭلىق، بوم بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئاڭلىق رەۋىشتە تۈپ سۆز بىلەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى ئايرىپ يازغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. بۇنداق ئەنئەنە يەنەبىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارئۆز تىلىنىڭ قۇرۇلمىسى، مەسىلەن پېئىل

قوشۇمچىلىرى، ئىسىم قوشۇمچىلىرى ۋە سۈپەت قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى خېلى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىلادى 10-ئەسىر بىلەن 11-ئەسىرنىڭ ئالمىشىش مەزگىللىرىدە ئىدۇقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم يېتۈك ئىلىم ئەھلىلىرى مەيدانغا كېلىپ، بۇددا نوملىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ۋە ئۇيغۇر تىلى ۋەكىللىكىدىكى تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتى ھەم قېلىپلىشىشى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى(31). بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش داۋامىدا سوغدى، توخار، خەنزۇ تىللىرىدىن نۇرغۇن سۆز قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز بايلىقىنى تېخىمۇ موللاشتۇردى؛ نوم تەرجىمە تىلىنىڭ تاۋلىنىشى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ بايان قىلىش ئىقتىدارى سىمانتىكا(سۆز مەنالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى) جەھەتتىن يەنىمۇ تاكامۇللاشتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ نەزمىي ۋە نەسرىي شەكلى تەرەققىي قىلىپ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

گەرچە ئىدۇقۇت ئۇيغۇر ئېلى بىلەن كاشغەرىيەنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئوخشىمىسىمۇ ئەمما قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇرغانلار ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلار ئوخشاشلا ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى خاقانىيە تىلى، دەپ ئاتالغان ئەمەلىيەتتىكى ئۇيغۇر تىلى ئىدى(32).خاقانىيە تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، فونېتىكا، بەزى گرامماتىكىلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار، شىۋە ئامىلى پەرقى ھەم ئالدىنقىسىنىڭ ئەرەب-فارس تىلىدىن كۆپرەك سۆز قوبۇل قىلىش خاھىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان پەرقتىن باشقا بۇ ئىككى تىل ئاساسەن بىر مىللەتنىڭ ——— ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ ئىككى رايوننىڭ

يېزىقمۇ ئوخشمايتتى، ئالدىنقىسى ئەرەب يېزىقىنى قوبۇل قىلغان، كېيىنكىسى بولسا يەنىلا ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىۋاتاتتى. ئەمما شۇنىمۇ كۆرۈۋشىمىز كېرەككى، ئۇيغۇر يېزىقى قاراخانىلار دۆلتىدە يەنىلا ئەرەب يېزىقى بىلەن بىللە قوللىنىلغان، بۇ ئەھۋال ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت داۋام قىلغان(33). ئۇيغۇرلار ئاساسلىق مىللەت بولغان بۇ ئىككى رايوننىڭ دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغىنى بىلەن ئوخشاش بىر مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىگە توسالغۇ بولالمىغان، مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى ۋە يېزىقىغا مەخسۇس ئورۇن بەرگەن. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ نەزەرىدە «ئۇيغۇر تىلى ئەڭ ساپ تۈركچىدۇر»، ئۇ «دىۋان»دا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەممىسىنى مەخسۇس تىزىپ تونۇشتۇرۇپ، قاراخانىلار ئۇيغۇرلىرى قوللىنىۋاتقان ئەرەب يېزىقى بىلەن سېلىشتۇرغان، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، مەھمۇد كاشغەرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى پىششىق بىلگەن.

شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، گەرچە قاراخانىيلار دۆلتىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ئوخشاشمىغان دىنغا ئېتىقاد قىلسىمۇ ئەمما ئىككى ئەل پۇقرالىرى بىلەن ئېلىم ساھەسىدىكىلەر ئارا ناھايىتى قويۇق ئالاقە ساقلىنىپ كەلگەن. ئىدىقۇت بىلەن دەشتئاتا(دۇنخۇاڭ) دىكى ئۇيغۇر راھىبلىرىمۇ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن خەۋەردار بولغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى كەشپ قىلىشىنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى.

## 5. ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى

ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ھاكىمىيەت تىكلەشتىن بۇرۇنلا تۇرپان رايونىدا مانى دىنى بىلەن بۇددا دىنى تازا گۈللەنگەن. كيۇ جەمەتى خانىدانلىقى(鞠氏王朝) دەۋرىدە بۇ يەردە بۇدخانىلار كۆپلەپ قۇرۇلغان بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى مەشھۇر بۇددا دىنى مەركىزى بولۇپ قالغان. تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرگە ئاساسەن بىز تۇرپان رايونىدىلا كيۇ جەمەتى خانىدانلىقى دەۋرىدە 150 نەچچە بۇددا ئىبادەتخانىسى بارلىقىنى بىلىمىز(34).قوچۇدىكى ئىبادەتخانىلاردا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ راھىبلىرى ئۆزئارا ئۆگىنىپ، بۇددا ئەھكاملىرىنى بىرلىكتە مۇتالىئە قىلغان.

غەربىي يۇرتتىكى مۇھىم شەھەر دەشتئاتا(دۇنخۇاڭ) بىلەن تۇرپان راھىبلارنىڭ غەربتىن بۇددا نوم-ئەھكاملىرىنى ئېلىپ كېلىشىدە ئۆتۈدىغان جاي بولغان، مەسىلەن خېشىلىق سىرامان شى تەنشۆ قاتارلىق 8 راھىب ئۇدۇنغا(خوتەنگە) بېرىپ بۇددا دەستۇرلىرىنى تاۋاب قىلغان ھەمدە«بەس-بەستە غۇزچە مۇتالىئە قىلىپ، خەنزۇچە تەفسىر بېرىپ، راۋان ھەم پاساھەتلىك تەرجىمە قىلىپ، ھەرقايسىسى ئىگىلىگەنلىرىنى جىلد قىلىپ قوچۇغا قايتقاندىن كېيىن جەمئىيلەپ كىتاب قىلغان»(35).

«شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى»دا خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن راھىب شۈەنزاڭ غەربكە نوم ئالغىلى مېڭىپ، قۇۋۇقتىن چىقىپ ئىۋىرغولغا كەلگەندىن كېيىن شىمالىي يول ئارقىلىق ماڭماقچى بولۇپ بۇ يەردىكى قاغانلىقنىڭ قاغانبۇت شەھرىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ غەربكە ماڭغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ قاغانى بۇ خەۋەرنى ئېشىتكەندىن كېيىن ۋەزىرلىرىنى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتىپ، شۈەنزاڭنى ئىدىقۇت شەھرىگە ئېلىپ كەلگەن

ھەمدە بۇ تاڭ راھىبنى ئىدىقۇتتا ئېلىپ قالماقچى بولغان. قاغاننىڭ تەكلىپىنى قەتئىي رەت قىلىپ، ئاچلىق ئېلان قىلىش ئارقىلىق غەربكە بېرىپ نوم ئەكىلىش ئىرادىسىنى نامايان قىلغان شۈەنزاڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى قاغاننىڭ ھوزۇرىدا«دىيانەتلىك راجەنىڭ پەرەجناسى»نومىدىن بىر ئاي ساۋاق بېرىپ، ئىدىقۇت قاغانى كيۇۋىنتاي(鞠文泰) بىلەن ئاغا-ئىنى بولۇپ ئاندىن غەربكە يولغا چىقىشنى ۋەدە قىلغان. كۈنۋىنتاي قاغان شۈەنزاڭنىڭ نومدىن تەلىم بېرىشىدىغان ئورنى قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس چېدىر تىكتۈرگەن، «چېدىرغا 300دىن كۆپ ئادەم سىغاتتى، خانىشتىن باشقا يەنە بۈيرۇق-تۇتۇقلار،تارخانبەگلەر ئۆز رەت-تەرتىپلىرى بويىچە ئورۇن ئېلىشقان، ھەر قېتىم ساۋاق باشلىنىش ئالدىدا قاغان تەكەللۇپ سالام-ساھەتلىرى بىلەن قارىشى ئالغىلى چىقىپ مېنى ئورنۇمغا تەكلىپ قىلاتتى، قاغان تېخى ئىبادەتتە يەنە يۈكۈنۈپ ھۆرمەت بىلەن ئولتۇراتتى، بۇ رەسمىيەت ھەر كۈنى شۇنداق داۋام ئەتتى»(36). كۈنۋىنتاينىڭ تاڭ راھىبى شۈەنزاڭغا تۇتقان پوزىتسىيەسىدىن قاغاننىڭ قانچىلىك تەقۋادار بۇددىست ئىكەنلىكى ۋە بۇددا دىنىنىڭ ئىدىقۇتتىكى ئورنىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن.

مىلادى 7-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بۇددا دىنى ئۇيغۇرلارغا خېلىلا زور تەسىر كۆرسەتكەن، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيغۇر قاغانى سۈكۈن ئېركىن« بۇدساتۋادەك دانىشمەن بولغاچقا قەبىلىلەر دانىشمەن بىلىپ باش قىلغان»، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «بۇدساتۋادەك» دېگىنى بۇددا دىنىدىكى «رەھىمدىل، دىيانەتلىك» ئادەم ، دېگەنلىكتۇر، بۇنىڭدىن بۇ ئۇيغۇر قاغاننىڭ ئىسمىنىڭ بۇددا دىنى بىلەن

مۇناسىۋەتلىكلىكنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بۇددا دىنى تۈرك قاغانلىقىدا تارقالغان، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلپىدىكى شاكىرەماتال (شىفالىن، 释法琳) يازغان «بۇددا ئەھكاملىرىغا ئىسپات»نىڭ 3-جىلدىدا شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تەي زۇۋۇپىن يەنى يۇ ۋېنتەيىنى« قاغانلىقنىڭ بۈيۈك ئىنان قاغانى ئۈچۈن تۈرك ئىبادەتخانىسى سالدۇرۇپ بەرگەن»دەپ خاتىرىلىگەن. «سۈينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»دە:«چى بەگلىكىدىكى سىرامان خۇيلىن تۈركلەر ئىلگە بولاپ كېلىنگەندە ئۇ تاسپارقاغانغا‹چى بەگلىكى قۇدرەتلىك ئەل، بۇددا ئەقىدىسى ھۆكۈمراندۇر›دېگەندە، تاسپار قاغان ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنگەن...

ئىدۇقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە بۇ يەردە بۇددا دىنى تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە مانى دىنىمۇ ئۇيغۇرلارئىچىگە تارقىلىپ كىرىپ ئۇيغۇر خان جەمەتى ۋە ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا قوللاشقا ئېرىشىپ بۇددا دىنى بىلەن بىللە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەۋجۇدلىقىنى ساقلاپ كەلگەن. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى تازا روناق تاپقان، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار جۇڭگو، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزگىچە خاس بىرخىل مەدەنىيەت يارىتىپ، شەرق-غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئالماشتۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

مانى دىنى خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا«يورۇق دىن»دەپ ئاتالغان، بۇ دىننى پېرسىيىلىك مانى مىلادى 3-ئەسىردە زوروئاستېر(ئاتەشپەرەست) دىنى ئاساسىدا خرىستيان، بۇددا دىنى ۋە نېستورىيان مەزھىپى ئەھكاملىرىنى يۇغۇرۇپ ئۆزىگە خاس ئېتىقاد ۋە تەلىمات شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق بارلىققا

كەلتۈرگەن. بۇ دىن مىلادى3-ئەسىردىن 15-ئەسىرگىچە ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپانىڭ نۇرغۇن رايونلىرىغا تارقالغان. بىر مەزگىل ئىران ساسانىيلار خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى شاپۇرI (مىلادى 241-يىلدىن 272-يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) تەرىپىدىن قوغدالغان. كېيىنچە ۋەللامI نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. ئۇزاق ئۆتمەي مانى دىنى يەنە بىر قېتىم زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، مانىنىڭ ئۆزى بەھرامI تەرىپىدىن دارغا ئېسىلغان، ئۇنىڭ مۇرتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كېلىپ پاناھلانغان، ھەتتا بەزىلىرى جۇڭگوغىچە قېچىپ بېرىپ پاناھلانغان. مانى دىنى 9-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى بولغان، مانى روھانىيلىرى قاغانلىقتا ھەتتا ھاكىمىيەت قاتلاملىرىغىچە كۆتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر قاغانمۇ مانى مۇرتلىرىغا يۇكسەك ئىمتىيازلارنى بېرىپ مانى ئىبادەتخانىلىرىنى سالدۇرغان، ئۇلارنىڭ دىن تارقىتىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىغان. لى جاۋ يازغان«تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا تولۇقلىما»نىڭ 9-جىلدىدا:«ئۇيغۇرلار ئادەتتە مانى روھانىيلىرى بىلەن ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى كېڭەشەتتى، ئوردۇبالىقتا مانى ئىبادەتخانىلىرى قۇرۇپ بەرگەن ئىدى. مانى ئەھكامىدا ئەتىگەن ۋە كەچتىلا غىزالىنىش، سۇنى ئۇلۇغلاش، توخۇ-ئۆردەك ، بېلىق يېيىش تەرغىب قىلىناتتى، سۈت-قايماق مەنئىي قىلىناتتى. مانىنىڭ ئالىي روھانىيسى نەچچە يىلدا بىر جۇڭگوغا بېرىپ تۇراتتى»دەپ خاتىرىلەنگەن.

مانى مۇرتلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىمۇ ناھايىتى جانلانغان بولۇپ، پائال دىن تەشۋىق قىلىپ، ئىبادەتخانا سېلىپ، قەدەملىرىنى چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىغىچە كېڭەيتكەن.«كىتابلار جەۋھىرى. خارجى ۋەزىرلىكى مەھكىمىسى. ئۆتۈنۈشنامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، يۈەنخې سەلتەنەتىنىڭ

2ـ يىلى(مىلادى 803يىلى) «ئۇيغۇر يالاۋاچلىرى‹ئەلچىلىرى› خېنەن مەھكىمىسى بىلەن تەييۈەن مەھكىمىسىدىن ئۈچ جايدا مانى ئىبادەتخانىسى قۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن» يەنە «بۇددا بۇزرۇگلىرى ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ 54ـجىلدىدا خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ سۇلالىسى دالى سەلتەنەتىنىڭ 6ـ يىلى(مىلادى 771ـ يىلى)«ئۇيغۇرلار جىڭ، ياڭ، خۇڭ، يۈ قاتارلىق ئايماقلاردا يۇرۇق بۇلۇت ئىبادەتخانىسى قۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن، بۇ دىن مۇرىتلىرى ئاق لىباس، ئاق تاج كىيەتتى» دېيىلگەن.

مانى دىنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە داۋاملىق ھامىيلىقتا ئېرىشكەن بولۇپ، خان جەمەتى، ئوردا ئەھلى ۋە ئاقسۆڭەكلەر تەبەقىسىدە نۇرغۇن مۇرىتلىرى بولغان. مانى دىنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن، قاغانلىقنىڭ نۇرغۇن مۇھىم سىياسىي ۋە خارجى قارارلىرىنى كېڭەشىشكە مانى روھانىيلىرى ئىشتىراك قىلغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئەۋەتكەن يالاۋاچلىرىغا كۆپىنچە مانى روھانىيلىرى باش بولغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىمۇ مانى روھانىيلىرى ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئەلچىسى بولغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ۋاڭ يەندي ئۆزىنىڭ ئەلچىلىك خاتىرىسىدە«...قەلئەنىڭ ئارقىسىدا مانى ماناستىرى بار ئىكەن، ئىران راھىبلىرى ئۆز قانۇنلىرىنىڭ مەزھىبىنى قوغدايدىكەن» دەپ يازغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە مەخسۇس مانى ئىبادەتخانىلىرى بولغان، مانى دىنى سۈلۈكى نۇرغۇن تىرىلغۇ يەر، ئۈزۈمزارلىق ۋە چارۋىغا ئىگە بولغان. مانى دىنى سۈلۈكىنىڭ ئىچكىي قىسمىدا قاتتىق دەرىجە ۋە تەبەقە تۈزۈمى بولغان، بۇلار مانى كاھىنلىرى، مانى تەپتىشلىرى، مانى چوپان راھىبى، سايلىغۇچى بودۇن

قاتارلىق تەبەقىلەرگە بۆلۈنگەن (37).

دەشتئاتا(دۇنخۇاڭ) بىلەن ئىدۇققۇت رايونىدا مانى دىنىنىڭ نۇرغۇن نادىر دەستۇرلىرى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىنغان.ھازىرغىچە بايقالغان ئۇيغۇرچە مانى دىنى دەستۇرلىرىدىن «مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋبىنامىسى»، «يورۇق-زۇلمەت دەستۇرى»قاتارلىقلاربار(38). ئۇيغۇر مانى مۇخلىسلىرى مانى دىنى دەستۇرلىرىنى ئۇيغۇرچە ۋە مانىچە يازغان. ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە مانى دىنى ۋەسىقىلىرىدىن مۇھىمراق بولغانلىرى««مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋبىنامىسى» بولۇپ، بۇنىڭ دەسلەپكى ئەسلىي نۇسخىسى ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋردىكى ئىران تىلىدا يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن، ھازىرغىچە بۇنىڭ سوغدى تىلىدىكى كەمتۈك پارچىسى بايقالدى. مەزمۇنى مانى مۇخلىسلىرىنىڭ گۇناھىغا تۆۋە قىلىدىغان تۆۋبىنامىدىن ئىبارەت. ھازىرغىچە بۇ ۋەسىقىنىڭ ئوخشاشمىغان كۆچۈرۈلمىسى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىمراقى ئۈچ خىل بولۇپ، بىرىنچى خىلى مانى يېزىقىدا يېزىلغان يۆگىمە شەكلىدىكى ئۇزۇنلۇقى 454سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 10.5سانتىمېتىرلىق كۆچۈرۈلمىسى. بۇنىڭغا قاتتىق قەلەمدە مانى يېزىقىدىكى مانى دەستۇرى ئەقىدىلىرى ناھايىتى چىرايلىق ۋە رەتلىك قىلىپ يېزىپ يېزىلغان. بۇ يۆگىمە كىتابنىڭ ئاخىرقى بېتىدە يەككە سىزىق بىلەن سىزىلغان مانى مۇخلىسىنىڭ رەسىمى بار. مۇشۇ يۆگىمە كىتاب تېكىستىنىڭ ئالدىنقى قىسمىنىڭ ئارقا يۈزىگە ئۇيغۇرچە«bitigim(a?) »(مېنىڭ مانى دەستۇرنامەم) دېگەن بېغىشلىما يېزىلغان. بۇنىڭدىن مانى يېزىقىدا كۆچۈرگۈچىنىڭ ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىن خەۋىرى بارلىقى مەلۇم. ئېھتىمال كۆچۈرگۈچى بۇ مانى دەستۇرىنى مانى يېزىقىدا كۆچۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭدەك يەنە سوغدى يېزىقى ئاساسىدا

ئىجاد قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقى ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئالاقە قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىنى ئاۋرېل شتايىن (ستەيىن) دۇنخۇاڭدىكى تاشكېمىرلەرنىڭ نوم-دەستۇر ساقلايدىغان خانىسىدىن بايقىغان، ھازىر برىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئىككىنچى خىلى چاررۇسىيەنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى دياكوۋ 1908-يىلى تۇرپان ئاستانىدىن بايقىغان ئۇيغۇرچە يېزىلغان نۇسخىسى، بۇ نۇسخا ھازىر روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى يىراق شەرق تەتقىقات ئورنىنىڭ سانكت-پېتربۇرگ شۆبىسى قولىيازما بۆلۈمدە ساقلانماقتا. ئۈچىنچى خىلى گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1907-يىلى تۇرپاندىن قېزىۋالغان نۇسخا (39).

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارنىڭ تەھلىل قىلىنىشىچە، تۇرپاندىكى ئىغۇققۇت قەدىمىي شەھىرى، يارغول قەدىمىي شەھىرى، بېزەكلىك تاشكېمىردىكى 52كېمىر، سىڭگىم ئېغىزى تاشكېمىرى، تۇيۇق قاتارلىق جايلاردا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلگە ئائىت مانى خارابىسى ساقلانغان. گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىدۇققۇت قەدىمىي شەھىرى خارابىسىدىن مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنى بايقىغان ھەمدە مانى دىنىغا ئائىت قولىيازما چەسقىلەر بايقالغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە مانىچىلىرىمۇ، ئۇيغۇرچىلىرىمۇ بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مانى دىنى ئىبادەخانىسىنىڭ تۇغ-ئەلەملىرى، مانى دىنى مەزمۇنىدىكى شايى رەسىم ۋە تام رەسىملىرىمۇ بايقالدى. مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە تام رەسىملىرى مەزمۇنىنى تەھلىل قىلغاندا، مانى دىنى بۇ يەردە بۇددا دىنى بىلەن ناھايىتى زور دەرىجىدە بىر گەۋدىلىشىپ، بۇ ئىككى دىن ئىناق مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان، ئارخېئولوگلار يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىنمۇ مانى دىنى ۋەسىقىلىرىنىڭ كەمتۈك

پارچىلىرىنى تاپقان(40).

گەنجۇ، شاجۇ ۋە دۇنخۇاڭلاردىكى ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇيغۇرلار گۇرۇھى بۇ يەرلەرنىڭ ھۆكۈمران يادروسىغا ئايلانغاندىن كېيىن ئۇيغۇر خان جەمەتى، ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە پۇقرالىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى بىلەن دۇنخۇاڭدىكى بۇددا دىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلغان، ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى موگاۋ تاشكېمىرى قۇرۇش ۋە بۇددا دىنىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان، نەتىجىدە زور مىقداردىكى بۇددا نوملىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، نۇرغۇن تاشكېمىرلەر يېڭىدىن ياسالغان، تام رەسىملىرى سىزىلغان ۋە رېمونت قىلىنغان. دۇنخۇاڭدىكى نوم-سۇترا ساقلاش ئۆيىدە ساقلانغان زور مىقداردىكى بۇددا نوملىرى، موگاۋ غارىدىكى ئۇيغۇرچە بېغىشلىمىلار ھەمدە ئۇيغۇر خان جەمەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تام رەسىملىرى قاتارلىقلار بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

دۇنخۇاڭ تاشكېمىر ئىبادەتخانىسىدىكى بىر قىسىم تاشكېمىرلەر ئۇيغۇرلارغا تەۋە تاشكېمىرلەردۇر. موگاۋ غارى تاشكېمىرلىرىدىكى ئۇيغۇر ساخاۋەتچىلەرنىڭ رەسىملىرى ۋە بېغىشلىمىلىرى بۇ يەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا تەۋە ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ بىۋاستە ۋە ئەڭ قايىل قىلارلىق ئاساسىدۇر. يەنە بەزى تاشكېمىرلەردىكى ئۇيغۇر سەنئىتى ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۇسلۇبى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تام رەسىملىرىمۇ بۇنىڭ مۇھىم دەلىلىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە تاشكېمىرلەرنىڭ شەكىل قۇرۇلمىسى ۋە تام رەسىملىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئۇيغۇر بۇددا سەنئىتى ھەمدە ئۇنىڭدىكى مىللىيچە ئالاھىدىلىك ۋە دەۋر ئامىلى بولارنىڭ ئۇيغۇرغا تەۋە ئىكەنلىكىنىڭ مۇھىم ئاساسىدۇر. ئالاقىدار

تەتقىقاتچىلار يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن موگاۋ غارى، كۇنپيتىش مىڭ ئۆي، قاراياغاچلىق غارى قاتارلىق جايلاردىكى كېمىرلەرنى ئۇيغۇرلارغا تەۋە، دەپ ئايرىدى. دەسلەپكى تەتقىقاتتا ئاساسلانغاندا، موگاۋ غارىدىكى 306-، 307-، 308-، 363-، 399-، 418-، 244-(ئۆتۈشمە يول)، 409-، 237-(ئۆتۈشمە يول ۋە دالان)، 148-(ئۆتۈشمە يول ۋە ھۇجرا ئۆينىڭ يېرىمى)، 309-، 97-، 330-، 310-، 245-، 207-، 464-قاتارلىق تاشكېمىرلەرنىڭ ئۇيغۇر دەۋرىگە ئائىت ئىكەنلىكىنى تەھقىقلىگەن. يەنە كۇنپيتىش مىڭ ئۆيدىكى 4-، 9-، 10-(ئۆتۈشمە يول)، 12-، 13-دىن ئىبارەت بەش غار ۋە قاراياغاچلىق غارىدىكى 21-(دالان ئۆيدىكى ئۆتۈشمە يول)،39- قاتارلىق غارلارنىڭمۇ ئۇيغۇر دەۋرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى تەھقىقلىدى. دۇنخۇاڭدىكى ئۇيغۇرلارغا تەۋە غارلاردا نۇرغۇن ئۇيغۇر ساخاۋەتچىلەرنىڭ رەسىمى بولۇپ، بۇلار بۇ غارلارنىڭ تولىمۇ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۇيغۇر ساخاۋەتچىلەرنىڭ رەسىمدە ئۇيغۇر خانى ياكى ئاتامانىنىڭ رەسىمى ھەم ئۇيغۇر خانىشىنىڭ رەسىمى بار. مەسىلەن، 100-غارنىڭ كۈنچىقىش تېمىدا «□ تەڭرى قۇنچۇيى(مەلىكىسى) گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ...» ۋە «خاتۇن گەنجۇ قاغانىنىڭ تەڭرى مەلىكىسى بىلەن بىللە خەيرىخاھ بولدى» دېگەندەك بېغىشلىما بار. بۇ بېغىشلىمىلارنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ۋە يۇقىرى تەبىقەلىرىدىكىلەرنىڭ بۇددا دىنىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن(41).

مىلادى 11-ئەسىردە، ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنىسى بولغان تاڭغۇتلارمۇ بۇددا دىنىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چوڭ تىپتىكى ئىبادەتخانا سالغان، بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغان. ئۇيغۇر راھىبلىرى تاڭغۇت خان جەمەتىنىڭ

تەكلىپى بويىچە تاڭغۇت ئېلىگە بېرىپ بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى سېلىش قاتارلىق بۇددا دىنىنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا قاتناشقان. ئۇيغۇر راھىبلىرى تاڭغۇت ئېلىدە ناھايىتى يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە بولغان. تاڭغۇت خانلىقىنىڭ ئىككىنچى خانى تيەنيۇ چۈيشېڭ سەلتەنەتىنىڭ تۇنجى يىلى(مىلادى 1050-يىلى) قىشتا تاڭغۇت ئېلى تەڭرى مەدىتى ئىبادەتخانىسى (چېڭتيەنسى)نى سېلىشقا باشلىغان، بۇ ئىبادەتخانا پۈتكەندىن كېيىن ئۇيغۇر راھىبنى ئىبادەتخانا مۇنارىغا چىقىپ نوم ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان، تاڭغۇتلارنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى خانىش موساڭ بىلەن تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن تەخت ۋارىسى لياڭ زو دائىم كېلىپ نوم تىڭشىغان. ئۇيغۇر راھىبنىڭ يېڭىدىن پۈتكەن ئىبادەتخانىغا تەكلىپ قىلىنىپ نوم ئوقۇغاندا دۆلەت ئانىسى بىلەن بالا ۋەلىئەھد قەدەم تەشرىپ قىلىپ نوم ئاڭلىشىدىن ئۇيغۇر راھىبنىڭ ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. يەنە مەسىلەن«تاڭغۇت خاتىرىلىرى»نىڭ 11-جىلدىدە خاتىرىلىنىشىچە، تاڭغۇت ئېلىنىڭ ئىبادەتخانىلىرى«ئۇيغۇر راھىبلىرىنى كۆپلەپ تەكلىپ قىلىپ نوم تېكىستلىرىگە شەرھ يازدۇراتتى، نوم تەرجىمە قىلدۇراتتى». تاڭغۇت ئېلىنىڭ ھۆكۈمرانى (يىزۇڭ) لياڭ زو ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن زاماندا لياۋ سۇلالىسى بىلەن بۇددا تەلىماتلىرى ئالماشتۇرغان، لياۋ سۇلالىسىغا ئۇيغۇر راھىبلىرىنى، ئالتۇن بۇتلارنى ۋە براھمانچە نوم قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئۇيغۇر راھىبلىرى تاڭغۇت ئېلىدە نوم تەرجىمە قىلىش، نوم-سۇترالارغا تەپسىر-شەرھ يېزىش بىلەنلا قالماي يەنە تېخى ئىككى ئەل بىلەن بولغان باردى-كەلدىدە«سوۋغاتلىق» سۈپىتىدە لياۋ سۇلالىسىگە يوللانغان (42).

ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بىرقانچە يۈز يىلدا ئۇيغۇر راھىبلىرى ۋە تەقۋادار بۇددىستلىرى سانسكرىت، توخار، خەنزۇ، تىبەت تىلىدىن زور مىقداردىكى بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغان. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە روسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى تۇرپان، كۇچا قاتارلىق جايلاردا زور كۆلەمدە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئارقىلىق ئون نەچچە خىل تىل-يېزىقتىكى نۇرغۇنلىغان قەدىمىي ۋەسىقىلەرگە ئېرىشتى، بۇنىڭ خېلى كۆپلىرى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ئىدى(43). بۇ ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ھازىر ئاساسەن روسىيە ئاكادېمىيىسى يىراق شەرق تەتقىقات ئورنى سانكت-پېتېربۇرگ شۆبىسىدە، گېرمانىيە بېرلىن ئاكادېمىيىسى، بېرلىن ھىندىستان سەنئەت مۇزېيى، فرانسىيە دۆلەت كۇتۇپخانىسى، پارىژ گۇيمېت مۇزېيى، ئەنگلىيە كۇتۇپخانىسى، ياپونىيە لوڭگۇ ئۇنىۋېرستېتى كۇتۇپخانىسى، يولىڭگوەن كۇتۇپخانىسى، تيەنلى ئۇنىۋېرستېتى كۇتۇپخانىسى قاتارلىق جايلاردا ساقلانماقتا(44).

ھازىرغىچە بايقالغان ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىن قارىغاندا، بۇددا دىنى ھىنايانا مەزھىپى بىلەن ماھايانا مەزھىپىنىڭ ئاساسلىق دەستۇرى (بالدۇرقى بۇددا دىنى مەزھىپى دەۋرىدىكى سۇدۇر ئاغلىق نوم بىلەن ئابىدارام ئاغلىق نومنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، نوم تەپسىرلىرى، بۇددا راھىبلىرىنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار رايونىدا بارلىققا كەلگەن«گۇمانلىق ساختا سۇترا»(مەسىلەن«ئىلاھى ئەفسۇن سۇترىسى»)لارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ قوليازما ياكى باسما شەكىلدە ئۇيغۇر يېرىدە كەڭ تارقالغان.ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىنغان بۇ بۇددا نوملىرىنىڭ ئىچىدە

سانسكرىتچىدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىنغانلىرىمۇ، توخار تىلى ۋە خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىرىمۇ بار، مەخپىيەت مەزھىبىگە ئائىت يەنە بىر قىسىم ۋەسىقىلەر تىبەتچىدىن تەرجىمە قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە قولىيازما نۇسخىلارمۇ، باسما نۇسخىلارمۇ بار. تۆۋەندە بىرنەچچە خىل مۇھىم ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر تونۇشتۇرۇلدى:

**1. «مائىترى سىمىت»**

بۇ بۇددا دىنىدىكى سەرۋاستە ۋادە مەزھىبىنىڭ ۋىپەشىين دەستۇرى بولۇپ، كەلگۈسىدە يارالمىش مائىترىنىڭ ئىش ئىزلىرى بايان قىلىنغان. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيەنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇرپان سىڭگىم ئېغىزىدىكى بۇددا تاشكېمىرى خارابىسى بىلەن مۇرتۇق جىلغىسى قاتارلىق جايلاردىن بۇ ۋەسىقىنىڭ نەچچە خىل قولىيازما نۇسخىسىنى بايقىغان(45).1959-يىلى قۇمۇلدا يەھيا رەھىم دېگەن پادىچى ئۇيغۇرچە«مائىترى سىمىت»نىڭ 586 بەتلىك كەمتۈك جىلدىنى تېپىۋالغان. بۇ نۇسخىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى بىرقەدەر بۇرۇن بولۇپ، توخار تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان، شۇنى قەيت قىلىش زۆرۈركى، ھازىرغىچە بايقالغان نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسى 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە تەۋە.

**2. «ۋاجرا سۇترىسى»**

بۇ نومنىڭ ھازىر ساقلىنىۋاتقانلىرى ئاساسەن دېگىدەك كەمتۈك جىلد. گېرمانىيە تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى قېزىۋالغان ۋەسىقىلەر ئىچىدە بۇ نومنىڭ تۆرلۈك ھەجىمدىكى 8پارچە كەمتۈك جىلدى بار(46).

**3. «ئالتۇن يارۇق»**

تولۇق نامى«ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالتىراغلىق قوپتا كۆتۈرۈلمىش نوم ئىلىكى ئاتلىغ نوم بىتىك» بولغان بۇ ۋەسىقە تاڭ دەۋرىدە يى جىڭ تەرىپىدىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان، بەش دەۋرنىڭ كېيىنكى تاڭ دەۋرىدە(مىلادى923~936-يىللىرى) بەشبالىقلىق ئۇيغۇر بۇددا ئالىمى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ نومنىڭ بىر بۆلىكى، مەسىلەن بىرىنچى جىلدى تىبەت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان. بۇ نومنىڭ بىرىنچى جىلدىنىڭ خاتىمىسىدە تەرجىمان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ:« män Tübüt tilindin Uyγur tilingä äwirdim» دەپ يازغان(47).بۇ ھازىرغىچە بايقالغان ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ئىچىدىكى ھەجمى بىرقەدەر چوڭراقى بولۇپ، چۈنكى ھازىرغىچە بۇ تۈردىكى ۋەسىقىلەرنىڭ بىرقانچە خىل قولىيازما نۇسخىسى ۋە باسما نۇسخىسى بايقالدى. بۇ نومنىڭ ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسىنى روسىيەلىك تۈركولوگ مالوۋ 1910-يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن ۋىلايىتىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدىن(يۈگۇ رايونىدىن) سېتىۋالغان 1687-يىلى(چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 26-يىلى) كۆچۈرۈلگەن جەمئىي 397ياپراق(بەت)لىق نۇسخىسى بولۇپ، ھازىر روسىيە ئاكادېمىيىسى شەرق تەتقىقات ئورنى سانكت-پېتېربۇرگ شۆبىسى قولىيازما بۆلۈمىدە ساقلانماقتا(48). بۇنىڭدىن باشقا يەنە گېرمانىيە تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتىمۇ تۇرپاندىكى بۇددا خارابىلىكىدىن«ئالتۇن يارۇق» نىڭ كەمتۈك جىلدىدىن بىرنەچچە خىلنى تاپقان بولۇپ، شۇلارنىڭ ئىچىدە ئويىما مەتبەئەدە بېسىلغان كەمتۈك بەتمۇ بار(49).

## 4. «ئەمتايۇر-دىيانا سۇترا»

بۇددا دىنىدىكى سۇكاۋەتى مەزھىبى(پاك ئالەم قارىشىدىكىلەر مەزھىبى)

نىڭ ئۈچ بۆلۈملىك دەستۇرىنىڭ بىرى بولغان «ئەمتايۇر-دىيانە سۇترە»دىكى نوم نامى«ئەمتايۇر»ـــــ ئامىتابا بۇددا بولۇپ، بۇ نومدا ساكيامونىنىڭ ماگات ئېلىنىڭ خانلىق سەدىقە قورغىنىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇماي(تازقارا ـــــ بۇركۇت) تېغىغا ئەرۋاھلارغا سەدىقە بەرگىلى چىققاندا 1250 نەپەر شاگىرتىغا ۋە 32مىڭ شەپقەتچى(بۇدساتۋا)گە خانلىق سەدىقە قورغىنىدا يۈزبەرگەن ئوردا ئىشلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ھەققىدىكى بايانى مەزمۇن قىلىنغان. بۇ نومنىڭ نەسرىي ۋە نەزمىيدىن ئىبارەت ئىككىلا خىل شەكلى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىنغان، بۇلارنىڭ ھەم قولىيازما نۇسخىسى ھەم باسما نۇسخىلىرىنىڭ نەچچە خىل كەمتۈك جىلدى بار. بۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنى گېرمانىيەنىڭ 2-قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1904~1905-يىللىرى ئارىلىقدا تۇرپاندىكى سىڭگىم ئېغىزىدىكى تاشكېمىر خارابىسىدىن ئېلىپ كەتكەن؛ يەنە بىر قىسىم كەمتۈك جىلدلىرىنى ياپونىيەنىڭ ئوتانى باشچىلىقىدىكى3-قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1908~1909-يىللىرى ئارىلىقدا تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن(50).

### 5. «بۇدساتۋانىڭ بۈيۈك تاڭ ئېلىدىكى ترىپىتاكا چارياسىنىڭ تەرجىمھالى» (قىسقارتىپ«شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى»مۇ دېيىلىدۇ)

بۇ شۈەنزاڭنىڭ شاگىرتى خۈي لىنىڭ ئۇستازىنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى بايانى بولۇپ، مىلادى 10-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇيغۇر بۇددا ئالىمى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. قولىيازما نۇسخىسى 1906-يىلى شىنجاڭدا بايقالغاندىن كېيىن بىر قىسمىنى فرانسىيىلىك پېللىئوت فرانسىيەگە ئېلىپ كەتكەن، ھازىر پارىژدىكى گۈيمېت ئاسىيا سەنئەت مۇزېيىدا ساقلانماقتا؛ بىر قىسمىنى يەنى 204پارچە ياپراقنى

چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى يۈەن فۇلى ئەپەندى سىتۇۋېلىپ بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىنىڭ ساقلىشىغا ھەدىيە قىلغان. 1951-يىلى پروفېسسور فېڭ جياشېڭ بۇنى رەتلەپ چىققاندىن كېيىن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىكتە فاكسىمىل نۇسخىسىنى نەشر قىلغان. يەنە بىر قىسمى ھازىر روسىيە ئاكادېمىيىسى شەرق تەتقىقات ئورنى سانكت-پېتېربۇرگ شۆبىسىنىڭ قولىيازمىلار بۆلۈمىدە ساقلانماقتا، بۇ جەمئىي 94 ياپراق بولۇپ، 1991-يىلى تۇگۇشىۋا تەرىپىدىن رەتلىنىپ نەشر قىلىنغان(51).

6. « ManjuŠrinamasamgiti » نومى («مانجۇشرى ئاتلىق نوم بىتىك »)

بۇ بىر مەخپىي دەستۇر. بۇ نوم يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر بۇددا ئالىمى جارۇناداس تەرىپىدىن مىلادى 1302-يىلى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، ھازىر بۇ نومنىڭ نەچچە خىل كەمتۈك جىلدىنىڭ باسما نۇسخىسى ھەم قولىيازما نۇسخىسى بولۇپ، گېرمانىيە تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇرپاندىكى ئۇيغۇر بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن بۇ نومدىن خېلى كۆپ تاپقان، نۆۋەتتە ھەممىسى گېرمانىيە بېرلىن ئاكادېمىيىسىدە ساقلانماقتا(52).

7. «بۇددانىڭ بۈيۈك چوققىسىغا تەلپۈنگەن ئۇلۇغ دەرەنى نومى»

ھازىرغىچە بۇ نومنىڭ نەچچە خىل كەمتۈك جىلدى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە باسما نۇسخىلىرىمۇ، قولىيازما نۇسخىلىرىمۇ بار، ئەمما يەنىلا باسما نۇسخىسى كۆپرەك. باسما نۇسخىسىنىڭ كەمتۈك جىلدى ئاساسەن گېرمانىيە بېرلىن ئاكادېمىيىسىدە ساقلانماقتا. ئاز بىرقىسىم قولىيازما نۇسخىسى روسىيە

ئاكادېمىيىسى شەرق تەتقىقات ئورنى سانكت-پېتېربۇرگ شۆبىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى تۇرپاندىن تاپقان كەمتۈك ياپرىقمۇ بىرنەچچە خىل بولۇپ ھازىر بېيجىڭدا ساقلانماقتا(53).

**8. «ئابىدارما كوشا شاستىرانىڭ شەرھى»**

Abhidharma دېگەن بۇ سۆز سانسكرىت تىلىدا نۇقسانسىز قانۇن، تەڭداشسىز قانۇن، بۈيۈك قانۇن، دېگەنلىكتۇر. ئەسلىسى مىلادى 5-ئەسىردە ھىندىستانلىق بۇددا ئالىمى ئانخۇي تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، بۇددا دىنىدىكى سەرۋاستى ۋادە مەزھىبىگە ئائىت مۇھىم يادىكارلىق. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى تەرجىمان نامەلۇم. دۇنخۇاڭ تاشكېمىرىنىڭ نوم ساقلاش ئۆيىدە ساقلانغان بولۇپ، كېيىن ئاۋرىل شتايىن(ستەيىن) ئەنگلىيەگە ئېلىپ كەتكەن، ھازىر برىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. كىتاب شەكلىدىكى بۇ ۋەسىقە ئىككى كىتابچە قىلىپ تۈپلەنگەن، بىرىنچى كىتابچىسى 67 ياپراق(بەت)، ئىككىنچى كىتابچىسى 82 ياپراق بولۇپ، بۇنىڭ بىرىنچى كىتابچىسىدىكى 12 ياپراق باشقا بىر ئۇيغۇرچە ۋەسىقە«ئاۋالوكىسۇۋارانىڭ تەقەززالىق ھەققىدىكى پەندى-نەسىھەتلىرى»دۇر. بۇ قولىيازمىغا تۇرغان تۇمۇر دېگەن كىشىنىڭ ئىسمى يېزىلغان. بۇ ئۇيغۇرچە ۋەسىقىنىڭ ھەربىر بېتىدە ئاۋۋال خەنزۇچە خەت(سۆز) يېزىلىپ، ئاندىن شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۇيغۇرچە تەرجىمە تېكىستى يېزىلغان(54).

**9. «بۇددا تەلىماتىدا ئەرش-پەرشتىكى سەككىز قۇياش ئىلاھىنىڭ ئەپسۇن نومى»**

ئەسلىي مەنبەسى خەنزۇچە بولغان بۇ نوم بۇددا دىنى ساھەسىدە گۇمانلىق ساختا نوم، دەپ قارالماقتا. ئەمما بۇ نوم ئۇيغۇرلار ئىچىدە ناھايىتى

كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇددا دىنىدىكى ئالتە ئەسلىيەت، سەككىز نىيەت قاتارلىق ئۇقۇملار ھەم بۇ نومنى«ئوقۇش،كۆچۈرۈش»نىڭ ساۋابلىرى مەزمۇن قىلىنغاندىن باشقا يەنە جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋي مەدەنىيەت ئېتىقادچىلىقىدىكى يەرلىك كۆرۈش ئىلمىگىمۇ خېلى كۆپ ئورۇن بېرىلگەن. جۇڭگونىڭ قەدىمقى زامان پەلسەپەسىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى مۇزەككەر-مۇئەننەس بەش ئاناسىر تەلىماتىدۇر. مۇزەككەر-مۇئەننەس بەش ئاناسىر تەلىماتىدىكى يەرلىك كۆرۈش ئىلمى(يەر شارائىتى ئىلمى، سىنچىلىق ئىلمىمۇ دېيىلىدۇ) بىر خىل قورۇ-جاي، قەبرە يېرىنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتىنى ۋە ئەتراپىدىكى مۇھىتنى كۆزىتىپ، بۇ يەرلەرنىڭ ياخشىلىق، بەخت-سائادەت، يامانلىق، بالايىئاپەتتىن بىشارەت بېرىدىغان ئىلىم بولۇپ، ئەينى زاماندىكى ئوردا ۋە پۇقرالار جەمئىيەت بۇنىڭغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن ھەمدە بۇنى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، ئۆلۈم-يېتىم، توي-تۆكۈن ئادەتلىرىدىلا ئەمەس بەلكى جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىششى، دۆلەتنىڭ ئەمىن-ئاسايىشلىقى ھەم زاۋاللىقى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم، دەپ بىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ نومنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە قەدىمقى ئىراننىڭ ناھايىتى قويۇق ئاتەشپەرەستلىك(زوروئاستېر)دىنىنىڭ ئامىللىرى بار، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېدىيىسىنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ھازىرغىچە بۇ نومنىڭ 70 نەچچە خىل تۈرلۈك كەمتۈك جىلدلىرى تېپىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قولیازما نۇسخىمۇ، ئويما مەتبەئەدە بېسىلغان نۇسخىسىمۇ بار. بۇنىڭ ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسىنى ئاۋرېل شتايىن(ستەيىن) دۇنخۇاڭدىكى موگاۋ تاشكېمىرىنىڭ نوم ساقلاش ئۆيىدىن بايقىغان قول يازما نۇسخىسى بولۇپ، يىل دەۋرىمۇ بىرقەدەر بۇرۇن،

ھازىر برىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ ۋەسىقىنىڭ ئارقا تەرىپىدە تۈرك-رۇنىك يېزىقىدا«(مەنىكى) قۇغۇر كۆچۈرگەن» دېگەن سۆز يېزىلغان(55).

ئاۋالوكسۇۋارا ئائىت دەستۇرلارمۇ ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى كەڭرى تارقالغان، ئاۋالوكسۇۋارا ئائىت دەستۇرلارمۇ ناھايىتى كۆپ، ئۇيغۇرلاردا ئەڭ كۆپ ھەم كەڭ تارقالغىنى«ساددارما پۇندارىكا سۇترا»دىكى «ئاۋالوكسۇۋارا بۇدساتۋا سۇترىسى»، بۇ پەقەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا تارقالغان بولۇپ «ئاۋالوكسۇۋارا سۇترىسى»مۇ دېيىلىدۇ، ئاۋالوكسۇۋارا دېگەن بۇ نام سانسكرىت تىلىدىكى«Avalokitešvara »نىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشىدۇر. بۇددا دىنى دەستۇرىغا ئاساسلانغاندا، ئاۋالوكسۇۋارا ھەممىگە قادىر بۇدساتۋا بولۇپ، ئادەم قىيامەتكە يولۇققاندا«ئاۋالوكسۇۋارا بۇدساتۋا» دېگەن ئىسمىنى چاقىرسىلا بۇ بۇدساتۋا ئاۋازنى ئاڭلاپ قىيامەتتە قالغان كىشىنى قۇتقۇزغىلى نەق مەيداندا تەق بولارمىش. بۇ نومنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، تۇرپاندىن تېپىلغان، ھازىر روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرق تەتقىقات ئورنى سانكت-پېتېربۇرگ شۆبىسىنىڭ قولىيازما بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتىدۇ(56).

مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى تۇرپاندىكى قەدىمىي خارابىلىكلەردىن ۋە دۇنخۇاڭ تاشكېمىردىن سانسىزلىغان نوملارنىڭ كەمتۈك جىلدلىرىنى قېزىۋالغان. بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۇيغۇرچە يېزىلغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە قولىيازما نۇسخىلارمۇ، باسما نۇسخىلارمۇ بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە فرانسىيەنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرىدىن ناھايىتى نۇرغۇن ئۇيغۇرچە ياغاچ مىخ مەتبەئە

ھەرپى قىزىتۋالغان. بۇ ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپى ھازىر دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇنقى مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ماددىي پاكىتى، بۇ جۇڭگو ۋە دۇنيا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتىكى تولىمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ، ناھايىتى مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە، مانا بۇ كىتابىمىزدا نۇقتىلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدىغان مەزمۇنلارنىڭ بىرىدۇر.

## ئىككىنچى پاراگراف

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئويما مەتبەئەسى

### 1.ئۇيغۇرلارنىڭ ئويما مەتبەئەسدە بېسىلغان ۋەسىقىلەر خاتىرىسى

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئويما مەتبەئە تېخنىكىسى غەربىي شىمالدىكى ئۇيغۇر ۋە تاڭغۇتلار رايونلىرىغىمۇ تارقالغان. ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئويما مەتبەئە باسمىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تەسىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

دۇنخۇاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاچاندىن باشلاپ ئويما مەتبەئە تېخنىكىسىنى قوللانغانلىقى توغرىسىدا ھازىرغىچە ئېنىق يازما تارىخ ماتېرىيالى بايقالمىدى. ئەمما دۇنخۇاڭدىكى موگاۋ تاشكېمىرىدىن بايقالغان خەنزۇچە ۋەسىيەتنامىلەر ئىچىدە نۇرغۇن ئويما مەتبەئەدە بېسىلغان ماددىي بۇيۇملار ھەم ئويما مەتبەئە باسمىسىغا ئائىت قىسمەن يازما خاتىرىلەر بار. بۇ ماتېرىياللار ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى ئويما مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا قوللىنىلغانلىق ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئويما مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربىي شىمالدىكى ئۇيغۇرلارغا تارقالغانلىقى ۋە بۇ تېخنىكىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قوللانغانلىق دەۋرىنى تەتقىق

قىلىشتا مۇھىم ئۆرنەكلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەنگلىيىدىكى ئاۋرېل شتايىن (ستەيىن) يىغىپ ساقلىغان بۇيۇملار ئىچىدە بىرنەچچە پارچە خەنزۇچە باسما بۇيۇمى بار، بۇنىڭ يىل دەۋرى خېلىلا بۇرۇن بولغاچقا مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ دۇنياۋى رايونىدىكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. مەسىلەن ئىلىم ساھەسىگە مەلۇم بولغان تاڭ سۇلالىسى شيەنتۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 9-يىلى(مىلادى 868-يىلى) بېسىلغان«ۋاجرا سۇترا» يەتتە ۋاراق قەغەز تۇتاش چاپلىنىش ئارقىلىق يۆگىمە تۈپلەنگەن بولۇپ، بۇ يۆگىمە جىلدىنىڭ باش-ئاخىرى مۇكەممەل ساقلانغان. بىرىنچى ۋارىقىنىڭ بېشىغا ئۇزۇنلۇقى 48.8سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 30.5سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە قىستۇرما رەسىم سىزىلغان. تىتولىغا ئېتىكاپخانىدا ئاقساقال سۇبۇتىنىڭ ساكيامونىدىن تەلىم سوراۋاتقانلىق رەسىمى ئويما باسمىدا بېسىلغان، بۇ رەسىم ناھايىتى نەفىس ئويۇلغان بولۇپ، ئويمىچى ئۇستىنىڭ پىچاق ئىشلىتىش ماھارىتىنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكىنى çš كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، سۇترا تېكىستىنىڭ ھەر بىر قۇرىغا 19خەت ئويۇلغان. جىلدىنىڭ ئاخىرقى ۋارىقىغا«شيەنتۇڭنىڭ 9-يىلى 4-ئاينىڭ 15-كۈنى، ۋاڭ جيې ئىككىنچى قېرىندىشىغا ئېھتىرام بىلەن تەقدىم قىلدى» دېگەن خەت يېزىلغان. بۇ ھازىرقى كۈندە ساقلىنىپ قالغان ئېنىق يىل، ئاي، كۈن يېزىلغان، نەفىس تىتول ۋە قىستۇرما رەسىم ئىشلەنگەن ئەڭ بۇرۇنقى باسما كىتابتۇر.

ئەنگلىيىدە ساقلىنىۋاتقان ۋەسىقىلەر ئىچىدە يەنە دۇنياۋىدىكى ھەقىقەتكە قايىتقان لەشكەرلەرنىڭ ھىراۋۇلى ساۋ يۈەنجۇڭ ( مىلادى 974-يىلى ئۆلگەن قازا قىلغان) ساخاۋەت كۆرسىتىپ ئويدۇرۇپ باستۇرغان بىرنەچچە خىل كەمتۈك

جىلد بار، بۇنىڭ ئىچىدە بۇددا، بودساتۋا، ئەرش شاھى قاتارلىقلارنىڭ رەسمى ئويۇلغان ياغاچ ئويما مەتبەئەدە بېسىلغان باسما نۇسخىسى بار، بۇلاردا بۇددانىڭ رەسمى ئوتتۇرىغا، باشقا رەسىم ئۇستىگە، تېكىست ئاستىغا بېرىلگەن، رەسىم ئىچىدە بېغىشلىما بار. ئالايلۇق، G8087 دېگەن نومۇر سېلىنغان ئاۋالوكىسۇۋارا(شەپقەتچى مەبۇدە) نىڭ رەسمى ئاۋالوكىسۇۋارانىڭ دەستۇردىن كالام بېرىۋاتقان رەسمى بولۇپ، سول تەرىپىگە «ھەققەتكە قايتقان لەشكەرلەر ھېراۋۇلى مۇپەتتىش خەلپەتبەگ ساۋ يۈەنجۇڭ ھەزرەتنىڭ ساخاۋىتى بىلەن سىزدۇرۇلغان» دېگەن بېغىشلىما يېزىلغان. بېغىشلىمىنىڭ 13-قۇرىغا ھەققەتكە قايتقان ساۋ يۈەنجۇڭنىڭ تۆھپىلىرى يېزىلغاندىن كېيىن«كەييۈننىڭ 4-يىلى7-ئاينىڭ 15-كۈنى» دېگەن يىل، ئاي، كۈن ئېنىق يېزىلغاندىن باشقا يەنە باسما ئىشچىسىنىڭ «باسقۇچى لىي يەنمىي»دېگەن خەتمۇ يېزىلغان.يەنە بىر پارچە پارىژدا ساقلىنىۋاتقان «ۋاجرا چېدىكا پراجنا پارامىتا سۇترا»نىڭ كەمتۈك جىلدىدىكى بېغىشلىمىدا«ھەققەتكە قايتقان لەشكەرلەرنىڭ ھېراۋۇلى مۇپەتتىش خەلپەتبەگ ساۋ يۈەنجۇڭ ھەزرەتنىڭ ساخاۋىتىدە باستۇرۇلدى»دەپ يېزىلىپ«تيەنفۇ سەلتەنەتىنىڭ 15-يىلى يەنى 6-توخۇ يىلى 5-ئاينىڭ 15-كۈنى» دېگەن يىلنامە يېزىلغان. بۇ مىلادى 949-يىلى 6-ئاينىڭ 14-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغىمۇ «لىي يەنمىي ئۇستام باستى» دەپ يېزىلغان. بۇ يەردە لىي يەنمىي ئىشچىلىقتىن ھېراۋۇل مەھكىمىسى باسمىخانىسىنىڭ ئۇستكارى يەنى مەسئۇلىقا ئۆستۈرۈلگەن(57).

يۇقىرىقى ماتېرىياللاردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، دۇنخۇاڭ رايونىدا مىلادى 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى مەزگىلدە مەتبەئە تېخنىكىسى

خېلىلا ئومۇملاشقان، بىسىش تېخنىكىسىدىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەر بولغان. ساۋ يۈەنجۈك قىسقا ۋاقىتتىلا زور مىقداردا بۇددا نوملىرى، بۇددا رەسىملىرى جىلدلىرىنى باستۇرغان ھەمدە مەھكىمىسىدە باسما زاۋۇتىمۇ قۇرغان. مانا بۇ بىز ھازىرغىچە بىلگەن ھەم زور مىقداردىكى مەتبەئە بۇيۇمى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن دۇنيا بويىچە ئەڭ بالدۇرقى باسما زاۋۇتىدۇر. بۇ باسمىخانىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئېنىقكى، دۇنخۇاڭ رايونىدىكى باسمىچىلىق ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرەۋشكە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ھەم ئوخشاشلا دۇنخۇاڭ رايونىدا ياشاۋاتقان بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇيغۇرچە ئويما مەتبەئە تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرى ۋە رەسىملىرىنى بىسىشى ئۈچۈن ياخشى مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا مۇھىتى بىلەن تەمىن ئەتكەن، بۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇچە ئويما مەتبەئە بۇيۇملىرىنىڭ يىل دەۋرى بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنخۇاڭ بىلەن تۇرپاندا ئويما مەتبەئەچىلىك پائالىيەتلىرىنىڭ يىل دەۋرىگە ھۆكۈم قىلىشتىمۇ ۋاستىلىك پايدىلىنىش ئاساسلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى، كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، دۇنخۇاڭ بىلەن تۇرپاندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ ئويما مەتبەئە تېخنىكىسىنى قوللىنىشقا باشلىغان ۋاقتىمۇ ئانچە كېيىن ئەمەس.

دۇنخۇاڭ بىلەن تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئويما مەتبەئەسىگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن بولغان يەنە بىر ئامىل تاڭغۇتلاردۇر. مەسىلەن مۇشۇ كىتابنىڭ 2-بابىدا بايان قىلىنغىنىدەك(ئۇيغۇرچىغا بۇ بابى تەرجىمە قىلىنمىدى)تاڭغۇتلار ئويما مەتبەئە تېخنىكىسى بىلەن كىتاب بىسىشتا ناھايىتى

ئەھمىيەت بەرگەن، ھازىرغىچە تېپىلغان تاڭغۇتچە ئويما مەتبەئەدە بېسىلغان كىتابلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ بۇلار ئىچىدە بۇددا نوملىرىنىڭ تىراژى ھەم تۈرىمۇ ناھايىتى كۆپ،ئۇنىڭ ئۇستىگە سەۋىيىسىمۇ خېلىلا يۇقىرى. ھازىر ساقلىنىۋاتقان تاڭغۇتچە ئويما مەتبەئە بۇيۇملىرىنىڭ نۇرغۇنلىرىغا ناھايىتى ئېنىق بېغىشلىما ۋە يىل دەۋرى يېزىلغان، مەسلەن دائەننىڭ 11-يىلى(مىلادى1084-يىلى) غا تەۋە «بۇدساتۋا ئامىتا سۇترا»، تيەنيومىنئەننىڭ 5-يىلى(مىلادى1094-يىلى) ئويما مەتبەئەدە بېسىلغان «ماھايانا بۇيۈك ئاپارىمىتايۇرسۇترا» ۋە جېنگۇەننىڭ بىرىنچى يىلى(مىلادى 1106- يىلى) ئويما مەتبەئەدە بېسىلغان «ۋىمالاكىرتى نىردىشا سۇترا» قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالىدۇر. بۇ تاڭغۇت رايونىدا ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ 11-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا خېلىلا گۈللەنگەن ئويما مەتبەئەچىلىكنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. تاڭغۇتلار بىلەن دۇنخۇاڭ، تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، دىن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسى ناھايىتى قويۇق ئىدى، شۇڭا مەتبەئەچىلىك ساھەسىدىمۇ قويۇق ئالماشتۇرۇشنىڭ بولغانلىقى تەبئىي، تاڭغۇتلارنىڭ ئويما مەتبەئە بۇيۇملىرى تەمىنلىگەن ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللار مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ئۇيغۇر يەرلىرىگە تارقالغانلىقى ۋە قوللىنىلغانلىقى توغرىسىدىكى يىل دەۋرىگە ھۆكۈم قىلىشتا ئوخشاشلا ناھايىتى مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ھازىرغا قەدەر ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە ئويما مەتبەئە بۇيۇملىرى ئاز، ئۇنىڭ ئۇستىگە بايقالغانلىرى تولۇق ئەمەس قىلىنمىغاچقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئويما مەتبەئەدە بۇددا نوملىرىنى ۋە بۇددا رەسىملىرىنى بېسىپ تارقاتقانلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك شەرھلەش قىيىن. شۇنداق ئىكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئويما مەتبەئەدە

بۇددا نوملىرىنى بىسىپ تارقاتقانلىق ئەھۋالى ۋە يىل دەۋرىگە ئېنىق ھۆكۈم قىلىش تېخىمۇ قىيىن. ئەمما بىز ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرچە مەتبەئە بۇيۇملىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئويما مەتبەئەدە باسقان كىتابلىرىنىڭ تۈرى بىرقەدەر كۆپ، مەزمۇنىمۇ بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا ۋە نىھايانا مەزھەبلىرى ھەم خۇپىيە مەزھىبى(مەخپىيەت مەزھىبى) ، بۇددا رەسىملىرى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بۇددا دەستۇرلىرىدىكى ئاتالمىش«گۇمانلىق ساختا نوم»قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ. دۇنخۇاڭ رايونىدىكى خەنزۇچە ئويما مەتبەئە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئۇيغۇرلارغا قوشنا بولغان تاڭغۇت ئويما مەتبەئەچىلىكى قاتارلىق ئامىللاردىن پايدىلىنىپ تەھلىل يۈرگۈزگىنىمىزدە ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا نوملىرىنى، بۇددا رەسىملىرىنى ئويما مەتبەئەدە بېسىش ئىشلىرىنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە كۆلەملەشكەنلىكىگە، يۇەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايمىز.

بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇرلار بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش، ئويما مەتبەئەدە بېسىش ۋە تارقىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. كاتتا پەزىلەت ئىگىلىرىدىن بولغان راھىب كالانلار نوم تەرجىمە قىلىشقا ۋە بېسىشقا ئاكتىپ قاتناشقانلىقتىن بۇددا نوملىرى كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ بۇددا تەرغىباتى كۈچلۈك ئېلىپ بېرىلغان ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئاددىي پۇقرالار بۇددادىن ئۆزلىرىنى ئۆز پاناھىدا ساقلاشنى تىلەپ بولسىمۇ ساۋاب تېپىش ئۈچۈن نوم كۆچۈرۈشكە قاتناشقان ياكى پۇل چىقىرىپ خەتتاتلارنى ياللاپ كۆچۈرتكۈزگەن. ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلىرى بۇددادىن ئۆزلىرىنى ئۆز پاناھىدا ساقلاشنى، ھۆل-يېغىنى تىلەپ رازىمەنلىكى بىلەن خەير-ساخاۋەت كۆرسىتىپ ئۇستا خەتتاتلارنى

تەكلىپ قىلىپ نوم كۆچۈرتكۈزگەن ياكى مەتبەئە ئويمىچى ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ نوم باستۇرغان. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپاندىكى بۇددا خارابىلىكىدىن تېپىلغان زور مىقداردىكى ئۇيغۇرچە بېسىلغان بۇددا نوملىرىنىڭ كەمتۈك جىلدلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان بىر پارچە ئويما مەتبەئەدە بېسىلغان بۇددا نومىنىڭ ئاخىرقى بېتىگە :

y(ä)mä kim inčip ol .11

yirtinčü-nüng adi manggal-i alqu .12

:: anaz umuγ-suz-lar-ning yolči-si yirč-si .13

::: adi kötürülmiš burhan bahšimiz-ning .14

:::: y(ä)rliqamiš altun aγizin nomlayu .15

:: alqu ada-lar-ta umuγ boltači .16

:::iligi šita daptri sudur-uγ arviš-lar .17

ačari ayančang kirtgünč köngül-in m(ä)n kamala .18

:::aya yu yüz s äkiz kuun yaqturup ula yu tägindüm .19

:::ariγ bu nom- uγ yaqdurmiš buyan kučintä aniš .20

ašilzun tängridäm alqu qamaγ t(ä)ngri-lär-ning .21 kučläri

( تەرجىمىسى: ئاندىن كېيىن، يەنە بۇ دۇنيادىكى بارلىق بەختسىز ۋە ئۈمىدسىزلەنگەن خالايىقنىڭ يېتەكچىسى، يولباشچىسى بولمىش ئىگەم بۇددا ئالتۇن ئاغزىدا يامان تەقدىردىن قۇتقۇزغۇچى ھەم بەخت ئاتا قىلغۇچى " "arviš-lar iligi šita daptri sudur

ئاتلىغ نومنى ئوقۇدى، مەنكى ئىخلاسمەن كامالا ئاچاريا(ھەزرەت، ئۇستاز) چىن كۆڭلۈمدىن تۆھپە قوشۇشنى خالاپ، پۈتۈن سىغىنىشىم بىلەن 108 جىلد نومنى ئويما مەتبەئەدە بېسىشنى نىيەت قىلدىم. مۇشۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمغا تەڭرىم ئۆزى مەدەت بەرگەي.)(58).

بۇ خاتىمەنىڭ مەزمۇنىدىن بىلىش مۇمكىنكى، بۇ نومنى باسقۇچى «كامالا ئاچاريا» بۇ نومنىڭ 108 جىلدىنى باسقان. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئاخىرقى بەتتە ئۇچرىغان باسما كەسپىگە ئائىت«yaqturup» دېگەن بۇ ئۇيغۇرچە پېئىلنىڭ سۆز تومۇرى «yaq» نىڭ «بېسىش» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان مەتبەئە كەسپىگە ئائىت مەخسۇس ئاتالغۇنىڭ بارلىقىنى كەلگەنلىكىنى بىلىمىز.

يەنە بىر ئۇيغۇرچە ۋەسىقىنىڭ ئاخىرقى ۋارىقىنىڭ كەمتۈك بېتىدە:

... /yaq-] turmiš buyan kučinta : alqu-nung a].2

qaɣan han-imiz-nïng : ančulayu oq 4. .3

:: : ulug-lari-ning qatun-nung altun

alïp bolɣuluq : ada-lari tuda-lari amirilip usun yašap .5

: burhan qutin bulmaq-lari bolzun .6

تەرجىمىسى: (بۇ نومنى ئويۇپ بېسىش ئارقىلىق قىلغان ساۋابلىرىمنىڭ قاغانىم بىلەن قاتۇن ھەم ئۇلارنىڭ ئالتۇن ئۇرۇغىنى يامان كۆزلەردىن نېرى قىلىشىنى، شۇم تەقدىردىن ئامان ساقلىشىنى تىلەيمەن، ئۇلارغا ئۇزۇن ئۆمۈرلەر نېسىپ بولسۇن. ئۇلۇغ بۇدساتۋا ئۇلارنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ ساغلام تەن ۋە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن.)

بۇ بىر ئابزاسنىڭ مەزمۇنىدىن بۇ نومنى ئويۇپ بېسىشتىكى

مەقسەت-مۇددىئانىڭ ھۆكۈمران يەنى قاغانغا ۋە ئۇنىڭ ئالتۇن جەمەتىگە ھەمدە خانىشقا بەخت-سائادەت تىلەش، ئۇلارنى يامانلىقتىن ساقلاش، ئۇلارغا ئامان-ئېسەنلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەش شۇنىڭدەك بۇدساتۋانىڭ ئۇلارنى ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى ئۈمىد قىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ تېكىستتىكى « yaqturmiš buyan kuçinta » (بىسىپ ساۋاپ تېپىپ) دېگەن سۆزدىكى«yaq-» پېئىل تومۇرى بولۇپ،«بېسىش»مەناسىدا قوللىنىلغان سۆز(59). بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھازىر ياپونىيەدە ساقلىنىۋاتقان بىر پارچە ئويما مەتبەئە بۇيۇمىنىڭ كەمتۈك بېتىنىڭ خاتىمىسىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «qamçu-ta yaqduruldi» ( گەنجۇدا بېسىلدى) دەپ يېزىلغان. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئەينى زاماندا ئۇيغۇر تىلىدىكى «-yaq » دېگەن بۇ سۆز تومۇرى «باسماق، بېسىش» ئۇقۇمىدىكى مۇقىم مەنادىكى سۆز بولغان، يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا «بېسىش» دېگەن بۇ ئۇقۇم ئۇيغۇرلاردا ئاللىقاچان مۇئەييەن مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغان، دېمەك ئويما مەتبەئە تېخنىكىسى ئۇيغۇرلاردا خېلى زامانلاردىن بېرى ناھايىتى ئومۇملاشقان ۋە كېڭەيگەن.

بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان باشقا بىر ئۇيغۇرچە ۋەسىقىنىڭ خاتىمىسىدە بۇ نومنى ئويۇپ باسقۇچى :

ayaγuluq bahšim bahši ayaγqa tägimlik qutinga “ tawγaçč-čça-sin turkça-sin tamγa-ta turkçča aqdarip bišrundäči-larqa ulayu oydurup ming wuu yaqdurup ”tägintim

( ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇستازىم باخشىنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ۋە بەختى ئۈچۈن

تۈرك تىلىغا [ئۇيغۇر تىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ] تەرجىمە قىلدىم، خەنزۇچىسى بىلەن تۈركچىسىنىڭ ئويما بىتىنى ئويۇپ چىقىپ مىلك جىلد باستۇردۇم، بۇ پىشۋايى بۇزرۇگلاردىن ئۇدۇم قالغاندۇر) (60) . بۇ خاتىمىنىڭ تېكىستىدە ئۇچرىغان « tamγa-ta oydurup» ( تامغاتا ئويدۇرۇپ) دېگەن سۆزدىكى « tamγa» ئەمەلىيەتتە «مۆھۈر»بولۇپ، مەتبەئەچىلىكتە نىمىشقا بۇ سۆزنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى مەنا جەھەتتىن يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان يەنە بىر ئۇيغۇرچە مەتبەئە بۇيۇمىنىڭ كەمتۈك جىلدىنىڭ خاتىمىسىدىمۇ« tamγa» دېگەن بۇ سۆز ئىشلىتىلگەن(61).

هازىر ياپونىيەنىڭ كيوتودىكى يولىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان بىر پارچە بۇددا نومىنىڭ كەمتۈك جىلدىنىڭ مەزمۇنىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىغا ئائىت يازما مەنبەئە بار، بۇ كەمتۈك جىلدتىكى تۆت قۇر ئۇيغۇرچە تېكىستكە قاراپ باقايلى:

1. t- :: sizqa tükäl-lig bolzunlar.
2. čiing bir otuzunč ud yil üčünč
3. qamču-da yaqdurulti ay bir yangi-qa ::
4. sadu [s] adu ::

تەرجىمىسى:

سىزگە تۆگەللىك (مۇۋەپپەقىيەتلىك) بولسۇنلار! جىجىڭنىڭ 21-يىلى، كالا يىلى، 3-ئاينىڭ 1-كۈنى گەنجۇدا بېسىلدى. سادۇ، سادۇ(بەرىكەت ياغقاي، بەرىكەت ياغقاي)[62].

بۇ يەردىكى qamçu ئەينى چاغدا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ كۈنپېتىش

تەرىپىدىكى مۇھىم شەھەر گەنجۇ بولۇپ ، ئۇيغۇر يەرلىرىنىڭ بىرى ئىدى، بۇ خاتىمىدە گەنجۇنىڭ خېشى كارىدورىدىكى مەدەنىيەت مەركىزى ئىكەنلىكى، بۇددا نوملىرى بېسىلىدىغانلىقى ھەققىدە يىل، ئاي، كۈنلىرىگىچە ئېنىق مەلۇمات يېزىپ قالدۇرۇلغان يەنى بۇ دەۋر مىلادى 1361-يىلغا توغرا كەلگەن.بۇ ئۇيغۇرچە كەمتۈك جىلد يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى دۈنخۇاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەتبەئەچىلىكىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە.

كىتابىمىزنىڭ بېشىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە نۇرغۇن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتىگە خىزمەتكە كىرگەن، يەنە زور مىقداردىكى ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلەر ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىلغان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەدرىجىي ئىسلاملىشىشى نەتىجىسىدە يەنە تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇر بۇددىستلار ئىچكىرىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. ئەلى بۇقا( ئەركىبۇغ ؟ ئارىغ بۆكە؟ـــــ تەرجىمان) توپلىغىدىن كېيىنيەنە تېخىمۇ كۆپ مىقداردىكى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ھەم ئۇلارنىڭ پۇقرالىرى جەمەت-جەمەتى بويىچە ئىچكىرىگە كۆچۈپ كەتكەن. بۇلار ئاساسەن ئىخلاسمەن بۇددىستلار بولۇپ، بۇددا نوملىرىنى كۆچۈرۈش، بېسىش ۋە تەرغىب قىلىش جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن، شۇ سەۋەبلىك يەنە خېلى نۇرغۇن بۇددا نوملىرى ئاستانە يۈەندادۇ(خانبالىق ـــــ بېيجىڭ) ۋە باشقا جايلاردا بېسىلغان.

يۈەن سۇلالىسى تارىخ كىتابلىرىدا ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ ئوردىدا بۇددا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى ھەققىدە يازما مەنبەلەر بار، مەسىلەن، تيەنلى سەلتەنەتنىڭ بىرىنچى يىلى(مىلادى 1328-يىلى) 8-ئايدا »

ئىدۇقۇتلۇق راھىب يەنچۈن قەسرىنىڭ بۇددا ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەيىنلەنگەن». شۇ يىلى 12-ئايدا « ئىدۇقۇتلۇق راھىب باۋسى قەسرىنىڭ بۇددا ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەيىنلەنگەن»(63). يەنە مەسىلەن تيەنلى سەلتەنەتىنىڭ 2-يىلى(مىلادى1329-يىلى) 10-ئايدا «800 ئۇيغۇر راھىب شىڭشىڭ قەسرىگە بۇددا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ئەۋەتىلگەن»، كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئەينى چاغدا ئۇيغۇر راھىبلىرى ئاستانىدە ناھايىتى كۆپ ئىدى ھەم يۈەن سۇلالىسىدە ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشەلەيتتى(64). ئاستانە خانبالىقتىكى نۇرغۇن مۇھىم ئىبادەتخانىلاردا ئۇيغۇر راھىبلار پائالىيەت قىلغان، مەسىلەن «ھەرقايسى دەۋر بۇددا پىركامىللىرىنىڭ تەرجىمىھالى» 22-جىلدىدا «شىبلەنلەن، ئىدۇقۇتلۇق راھىبەدۇر. ئىدۇقۇت بەشبالىققا تەۋەدۇر. تەيزۇخان ئىدۇقۇتقا بارغاندا ئىدۇقۇت قاغانى پۈتكۈل ئېلىنى باشلاپ خانغا بەيئەت قىلغان، خان ئۇنىڭ ساداقەتمەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ ئۇنى ھەرقايسى خانلىق ۋە قەبىلىلەرنىڭ بېشىغا قويغان ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ كۈيئوغلىدەك كۆرگەن. قايدۇ توپىلىڭىدا ئىدۇقۇت ئېلى جەنۇبقا كۆچكەندە شىبلەنلەن ئاران سەككىز ياشتا ئىدى، ئۇمۇ ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىغا ئەگىشىپ خانبالىققا كەلگەن ھەمدە خانىشنىڭ يېنىدا خىزمەتكە كىرگەن. خانىش ئۇنىڭ چىۋەر- ئەقىللىقلىقىدىن سۆيۈنۈپ ئۇنى تولىمۇ ئەتىۋارلاپ ئۇنى ياخشى ئىبادەتخانىغا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئاغىلىق نوملار(غەزىنىدىكى نوملار) دىن پرەجنا(ئەقلىيەت)نى 8مىڭ پارە، پەنجەدەرمە دەرنەدىن(بەش ھامىيلىق نوم)ئون نەچچە جىلد، خەنزۇچە «ئاۋاتامساكا سۇترا»ۋە «سۇراڭگاماسۇترا»،ئۇيغۇرچە«ساددارماپۇنداريكا سۇترا»،«ئالتۇن يارۇق» قاتارلىقلارنى ئالتۇن ھەل بىلەن كۆچۈرۈپ چىققان. ئۇ يەنە خانبالىقنىڭ

كۆنپيتش تەرپىدىكى شىشەندە(غەربىي تاغدا) لوڭچۈەن ئىبادەتخانىسىنى قايتىدىن ياستىپ، نىلۇفەر كۆلىنىڭ ئۈستىگە راۋاقلار سالدۇرغان.تىبەتتىكى بەش ئىبادەتخانا، ئىدۇققۇتتىكى چانتال ئىبادەتانىسى، خانبالىقتىكى ۋەنئەن ئىبادەتخانىسى قاتارلىق ئىبادەتخانىلارغا چىراغ، كۆجە-ئىسرىق ياندۇرۇش ئۈچۈن خەزىنىدىن پۇل-مال سەپلىتىپ بەرگەن. يەنە تېخى سەڭگە(راھىب) لار ئۈچۈن نەچچە يۈز يۈرۈش لازىمەتلىكلەر تەييارلىتىپ باشقا ئەللەردىكى راھىبلارغا ھەدىيە قىلغان» ، دەپ خاتىرىلەنگە(65).

ھازىرغىچە بايقالغان ۋەسىقىلەر ۋە تارىخ ماتېرىياللىرىنى تەھلىل قىلىشتىن قارىغاندا، خانبالىقتىكى(بېيجىڭ) خۇڭفاسى ئىبادەتخانىسى ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئەچىلىكىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتقان. مەسىلەن ھازىر بىرلىندا ساقلىنىۋاتقان بىر پارچە ئۇيغۇرچە نوم باسما نۇسخىسىنىڭ خاتىمىسىدە:

baliq-ta hungwasi atliɣ sangaram-taki Čongdu“ ” inban-tin … yaqturu tägintim

تەرجىمىسى:[ جۇڭدۇ بالىقتىكى خۇڭفاسى ئىبادەتخانىسىنىڭ باسمىخانىسىدا نوم بېسىشنى ئارزۇ قىلىمەن](66). بۇ يەردىكى «جۇڭدۇ بالىق» يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسى خانبالىق يەنى بېيجىڭ، «خۇڭفاسى ئىبادەتخانىسى» ئەينى چاغدىكى خانبالىقتىكى ئەڭ داڭلىق بۇددا دىنى مەركىزى بولۇپ، قىتان خانلىقى(لياۋ سۇلالىسى) دەۋرىدىلا بۇددا نومى باسىدىغان ئويما مەتبەئە باسمىخانىسى بولغان. مەسىلەن«ساكيامۇنىنىڭ ماھايانادا سىرلىق ئىقتىدارىغا مەدھىيە ھەققىدىكى بايانى» نىڭ 10-جىلدىدا«يەنجىڭدىكى خۇڭفاسى ئىبادەتخانىسىدا بېسىلدى» دېگەن تىتول سۆزى يېزىلغان. ئالتان خانلىقى

(ئالتۇن خانلىقى ،جىن سۇلالىسى) دەۋرىدىمۇ خۇڭفاسى ئىبادەتخانىسى ئالتان خانلىقى ئاستانىسى بولغان جىنجۇڭدۇ(خانبالىق ، بېيجىڭ) دىكى مۇھىم ئىبادەتخانا بولغان. مەسلەن«يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دە«جىندادىڭ سەلتەنەتىنىڭ 18-يىلى لۇجۇلۇق سۈي جىنىنىڭ قىزى فاجىن ئوردىغا ھەدىيە قىلىندى، فاجىن ئوردىنىڭ پەرمانى بويىچە شىڭئەنسى ئىبادەتخانىسىدا بىكۈنى(راھىبە) بولدى. دادىڭنىڭ 21-يىلى فاجىن خانبالىققا ئەۋەتىلدى. دادىڭنىڭ 23-يىلى فاجىن ئوردا تەرىپىدىن سۆسۇ تون بىلەن تارتۇقلىنىپ خۇڭفاسى ئىبادەتخانىسىدا نوم-دەستۇر يىغىپ ساقلاشقا قويۇلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بېيجىڭ ئالتان خانلىقى دەۋرىدىمۇ جۇڭدۇ، دەپ ئاتالغان. مۇشۇ ئابزاستىكى يازما خاتىرىلەرنى تەھلىل قىلغاندا ئالتان خانلىقىنىڭ ئاستانىسى بولغان جىنجۇڭدۇدىكى خۇڭفاسى ئىبادەتخانىسىدا زور مىقداردا بۇددا نوملىرىنىڭ باسما نۇسخىسى ساقلانغان بولۇپ، خۇڭفاسى ئىبادەتخانىسى بۇددا نوم-دەستۇرلىرىنى بېسىش جەھەتتە ناھايىتى مەشھۇر بولغان. باشتا بايان قىلغىنىمىزدەك ئۇيغۇرچە نوم باسما بۇسخىسىنىڭ خاتىمىسىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەردىمۇ ئۇيغۇرچە بۇددا نومى باسمىخانىسى بولۇپ، زور مىقداردا ئۇيغۇرچە بۇددا نوم-دەستۇرلىرى بېسىلغان.

## 2 . ئۇيغۇرچە باسما نۇسخىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە ياغاچ ئويما مەتبەئەدە بېسىلغان بۇددا رەسىملىرى

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە ، فرانسىيە ، ئەنگلىيە ، روسىيە ۋە ياپونىيەنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى تۇرپان، دۇنخۇاڭدىن

قولغا چۈشۈرگەن قەدىمقى ۋەسقىلەر ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرچە مەتبەئە بۇيۇملىرىنىڭ كەمتۈك جىلدلىرى بار، تۇرپاندا قېزىلغان ھەربىر يەردىن دېگىدەك زور مىقداردىكى مەتبەئە بۇيۇمى بايقالغان. بۇ مەتبەئە بۇيۇملىرى مۇنداق بىرقانچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى تۈردىكىلىرى قىستۇرما رەسىمى بولمىغان بۇددا نوملىرى؛ ئىككىنچى تۈردىكىلىرى قىستۇرما رەسىم كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرى. بۇ تۈردىكى بۇددا نوملىرىدا قىستۇرما رەسىم بىلەن تېكىست ئوخشاش بىر بەتكە بېرىلگەن بولۇپ، رەسىم ئۈستىگە، تېكىست ئاستىغا بېرىلگەنلىرىمۇ، تېكىست ئۈستىگە، رەسىم ئاستىغا بېرىلگەنلىرىمۇ، سول تەرەپكە رەسىم، ئوڭ تەرەپكە تېكىست بېرىلگەنلىرىمۇ بار. بۇنىڭ ئىچىدە رەسىم ئۈستىگە، تېكىست ئاستىغا بېرىلگەن بۇددا نوملىرىدا رەسىم بىلەن تېكىست ھەرقايسىسى ئوخشاش ئورۇننى ئىگىلىگەن. مەسىلەن گېرمانىيەدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە ۋەسقىلەر ئىچىدە ئۈستىگە رەسىم ئاستىغا تېكىست چۈشۈرۈلگەن توغرىسىغا سەل كەڭرەك بىر پارچە ۋەسقە بولۇپ، رەسىمدە ئون نەچچە ئادەم ياكى ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ نوم ئوقۇۋاتقان ياكى ئات مىنىۋېلىپ پىللارنى ھەيدەۋاتقان تۈرلۈك سىياقتىكى ئوبرازلار ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن. بۇ تۈردىكى ۋەسقىلەر ئىچىدە يەنە قىستۇرما رەسىملەر نوم تېكىستلىرى ئارىلىرىغا كىرىشتۈرۈپ بېرىلگەن بولۇپ ئىگىلىگەن ئورنىمۇ بىرقەدەر كىچىكرەك. بۇ قىستۇرما رەسىملەرنىڭ مەزمۇنى خىلمۇخىل بولۇپ، ئوبرازلار راستتەكلا جانلىق، ئويۇلۇشى نەپىس بولۇپ، ئويمىكارلارنىڭ يۇقىرى ماھارىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن(67).بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرتۈردىكى بۇددا نومىنىڭ باسما نۇسخىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا رەسىم بىلەن كۆپ خىل يېزىقتىكى بۇددا نومى تېكىستى بىر بەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، مەسىلەن«مۇقەددەس

نجادكار ئاۋالوكسۇۋارا بۇدساتۇۋا ئانا ھۆرمىتىگە ئوقۇلىدىغان 21خىل ئىبادەت سۇترىسى» (ھازىر بېيجىڭدا ساقلانماقتا) قاتلىما شەكلىدە بېسىلغان بولۇپ، ئۇسى بىلەن ئاستىغا كونچۇك(توغرا سىزىق) بېرىلگەن، بەت يۈزى توغرىسىغا ئۇچكە بۆلۈنگەن، رەسىم ئۇستىنكى قىسىمدىكى ئۇچتىن بىر قىسىم بەت يۈزىنى ئىگىلىگەن، نوم تېكىستى ئۇچتىن ئىككى قىسىم ئورۇننى ئىگىلىگەن، ئوتتۇرىدىكى ئۇچتىن بىر قىسىم ستونغا سانسكرىتچە بىلەن تىبەتچە نوم تېكىستى بېرىلگەن، ئاستىنقى ئۇچتىن بىر نىسبەتتىكى ستونغا ئۇيغۇرچە نوم تېكىستى بېرىلگەن. يەنە بىر تۈردىكىسى تىتولىغا(باش بېتىگە) رەسىم بېرىلگەن يۆگىمە نوم بولۇپ، بۇ نومنىڭ باش بېتىگە رەسىم بېرىلگەن، مەسىلەن تۇرپاندىن تېپىلغان«佛说大白伞盖总持陀罗尼经» يۆگىمە نوم بولۇپ، باش بېتىدە بۇدساتۇۋانىڭ ئىككى پارچە رەسىمى بار. بېرلىندىكى ھىندىستان سەنئەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بىر پارچە تۇرپان بېزەلىك تاشكېمىر خارابىلىكىدىن تېپىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ رەسىمى ئويۇلغان ياغاچ ئويما رەسىمگىمۇ بۇددا نومنىڭ تىتولىغا بېرىلىدىغان ئويما رەسىم، دېگەن ئارخېئولوگىيىلىك يەكۈن چىقىرىلغان. بۇنىڭدا نوم تېكىستى بولمىغاچقا قايسى نوم ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولمىدى. بۇ رەسىمدە ئۇيغۇر خان جەمەتى ئەزالىرىنىڭ بۇدداغا تېۋىنىۋاتقاندىكى ئوبرازى ئىپادىلەنگەن. ھەربىر رەسىمنىڭ ئاستىغا شۇ كىشىنىڭ ئىسمى يېزىلغان. بۇ كەمتۈك رەسىمدە ئاز دېگەندىمۇ ئۇيغۇر خان جەمەتى ئەزالىرىدىن 47 كىشى بار، مەسىلەن يۈەن سۇلالىسىغا ۋەزىر بولغان مىڭسەرىس(رەسىمدە مىڭسەسە، دەپ يېزىلغان) ھەم ئۇنىڭ خانىمى قۇتەيلۈن قاتارلىقلار(68).ھازىرغىچە بايقالغان ئۇيغۇرچە باسما نۇسخىدىكى بۇددا نومنىڭ كۆپىنچىسى يۆگىمە شەكلىدە تۈپلەنگەن بۇددا

نوملىرىنىڭ كەمتۈك جىلدى بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە قىسمەن پالما ياپرىقىسىمان شەكىلدە بېسىلغان بۇددا نومىمۇ بايقالدى.

ئۇيغۇرچە بۇددا نومىنىڭ قىستۇرما رەسىملىرى ۋە تىتول رەسىملىرىنىڭ بەت شەكلى، مەزمۇنى ۋە بېغىشلىما ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە دۇنخۇاڭ ۋە ئىچكىرىدىكى باشقا جايلاردىكى ئويما بەت قىستۇرما رەسىملەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغۇن جايلىرى بار. بۇ يەنە بىر نۇقتىدىن ئۇيغۇرلار قوللانغان ئويما بەت مەتبەئە تېخنىكىسى بىلەن دۇنخۇاڭ ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ مۇئەييەن ئالاقىسى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ(69).

خەۋەر قىلىنىشىچە، 1980~1981-يىللىرى ئارخېئولوگلار تۇرپان بېزەكلىك تاشكېمىر خارابىلىكىنى تازىلىغاندا يەنە ئويما بەتتە بېسىلغان بۇت ۋە بۇددساتۋا رەسىمىنىڭ كەمتۈك پارچىلىرىنى بايقىغان. بۇنىڭ بىر پارچىسىدىكى بىر بۇت بىلەن ئىككى بۇددساتۋانىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 28.5سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 20.5سانتىمېتىر بولۇپ، رەسىم x99 سانتىمېتىر كاتەكچىگە چۈشۈرۈلگەن، ھەربىر كاتەكچىگە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان بۇت، بۇتنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىك تۇرغان بۇددساتۋا سىزىلغان، ھەربىر كاتەكچىگە سىزىلغان مەزمۇن ئوخشاش بولغان. رەسىمنى سىزىشتا ئاۋۋال ئويما بەتتە ئىنچىكە قارا سىزىق بىلەن رەسىم سىزىلىپ ئاندىن قىزىل، سېغىزرەڭ، ساغۇچ قىزىل رەڭ قاتارلىقلار بىلەن بويالغان، ھەربىر رەسىمنىڭ يۈزى ساغۇچ قىزىلرەڭلىك سىزىق بىلەن ئايرىلغان. كەمتۈك رەسىم يۈزىنى تەھلىل قىلغاندا، رەسىمنىڭ ئاستى بىلەن ئۈستى ئازدېگەندىمۇ ئۈچ قەۋەتكە بۆلۈنگەن. ئوڭ-سول تەرىپىگە ئۈچ قۇر كاتەكچە سىزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر پارچىسىدا بۇت، بۇددساتۋا ۋە مۇرتىنىڭ رەسىمى بولۇپ، ئويما بەتتە بېسىلغان ئىنچىكە قارا سىزىق بىلەن

سىزىلغان، ھازىر ساقلىنىپ قالغان كەمتۈكىنىڭ ئۇزۇنلىقى 26.5 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 16سانتىمېتىر كېلىدۇ. رەسىم يۈزى يىقىرىدىن تۆۋەنگە ئۈچ قەۋەت بولۇپ، ئوڭ-سول تەرىپىدە 6كاتەكچىگە سىزىلغان، رەسىمنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېتىكاپتىكى بۇت سىزىلغان بولۇپ، قولىدا كاككەرە(قەلەي ھالقىلىق ھاسا)سىمان دەرمەگەر تۇتقان، دەرمەگەر ئۈچىدىن نۇر پارقىراپ تۇرغان، ئۈچىدا سايىۋەنلىك بار، ئوڭ تەرەپتە بېشىغا تاج كىيگەن بۇدساتۋا يۈكۈنگەن، سولدا كاسايا يېپىنچاقلىۋالغان بىر مۇرىت يۈكۈنگەن. تەتقىقاتچىلار بۇ رەسىمنىڭ مەزمۇنى ۋە باشقا قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزگەندىن كېيىنكى يەكۈنگە ئاساسەن بۇ ئىككى پارچە ئويما بەتتە بېسىلغان رەسىم سۈڭ دەۋرىدە بېسىلغان، دەپ ھۆكۈم چىقىرىلدى. گەرچە كىمتۈكلا ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ ئەمما ئۇ ناھايىتى نەفىس ئويۇلغان بولۇپ قەدىمكى تۇرپان رايونىنىڭ مەتبەئەچىلىك سەۋىيسىنى بىلىشتە مۇھىم قىممەتكە ئىگە(70).

ئۇيغۇرچە باسما نۇسخىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنى بۇددا دىنىدىكى بەزى مۇھىم نوم-دەستۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مەسىلەن « ۋاجرا سۇترىسى » (71) ، « بۇددىنىڭ تەپسىرگە ئولتۇرۇشى » (72) ، «佛顶心大陀罗尼 (73)»، «八阳神咒经»(74)، « 80 جىلدلىق بۇدداۋاتام ساكا ماھاۋايپۇليا سۇترا»(75)، «مۇقەددەس نىجادكار ئاۋالوكىسۋارا بۇدساتۋا ئانا ھۆرمىتىگە ئوقۇلىدىغان 21 خىل ئىبادەت سۇترىسى»(76)، « ئامىتايۇر-دىياناسۇترا»(77)،«佛、佛说大白伞盖总持陀罗尼经»(78)، «佛顶尊胜陀罗尼经»(79) ۋە بەزى مەخپىيەت مەزھىبىگە تەۋە ۋەسىقىلەرمۇ بار. ھازىر گېرمانىيەدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ئىچىدە ئويما

مەتبەئەدە بېسىلغان«ئالتۇن يارۇق»نىڭ بىرنەچچە ياپرىقى بار(80).

تۇرپاندىكى قەدىمىي خارابىلىكتىن مەتبەئە بۇيۇملىرىدىن باشقا يەنە مەتبەئە باسمىچىلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان گۈللۈك تەگلىك ۋە رەسىملىك باسمىدا ئىشلىتىلىدىغان مەتبەئە بېتى ۋە مەتبەئە قوراللىرى تېپىلدى.

20-ئەسىرنىڭ بېشىدا، گېرمانىيەنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى سىڭگىم ئېغىزىدىكى تاشكېمىر خارابىلىكىدىن مەتبەئەچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان باسما تاختىسىنى بايقىغان، بۇلار ھازىر بېرلىندىكى ھىندىستان سەنئەت مۇزېيىدا ساقلانماقتا. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر بىسما تاختىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 103مىللىمېتىر، كەڭلىكى 175 مىللىمېتىر كېلىدىغان كۋادرات شەكىللىك بولۇپ، نۇرغۇن تەكشى قۇر سىزىقلىرى ئويۇلغان، ئوڭ-سول رامكا سىزىقىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا بىر تىك سىزىق ئويۇلغان. يەنە يارغول قەدىمىي شەھىرىدىن تېپىلغان باسما تاختىسى تىك تۆت تەرەپلىك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 56 مىللىمېتىر، كەڭلىكى 28مىللىمېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭغا ناھايىتى نەفىس ھەم ئىنچىكە قاينام شەكىللىك رەسىم ئويۇلغان، قاپارتما شەكلىنىڭ يۇقىرىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە كۆپىنكى تۇتقۇچ چىقىرىلغان بولۇپ، تۇتقۇچتا ئېسىپ قويىدىغان بىر تۆشۈك بار. يەنە بىر باسما تاختىسى قوچۇ قەدىمىي شەھىرىدىن تېپىلغان بولۇپ، بۇ قېنىق بېغىرەڭ ياغاچ ئۈژمە ياكى قارىياغاچتىن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇزۇنلىقى 134مىللىمېتىر، كەڭلىكى 95مىللىمېتىرلىق بۇ باسما تاختىسىغا گۈللۈك تەگلىك رەسىمى ئويۇلغان بولۇپ، ئويما ناھايىتى نەفىس ئىشلەنگەن، قاپارتما يىزىقمۇ ئويۇلغان. تۇرپاندىن مۇشۇنداق نەفىس گۈللۈك تەگلىك ئويۇلغان ئويما بەت تاختىسىدىن ئون نەچچىسى تېپىلغان بولۇپ، ھەممىسى بېرلىندىكى ھىندىستان سەنئەت مۇزېيىدا ساقلانماقتا. نەفىس

قاپارتما يېزىق ئويۇلغان بۇنداق باسما تاختىسى تۇرپانلىقلارنىڭ ئويما بەت مەتبەئە تېخنىكىسىدىن ئومۇمىيۈزلۈك پايدىلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇ ئويما مەتبەئە تاختىسىدىكى مۇرەككەپ ھەم نەفىس ئويۇلغان رەسىملەردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئويما بەت مەتبەئەچىلىكى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيەگە ئىگە بولغان(81).

## ئۈچىنچى پاراگراف

## ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ بايقىلىشى

### 1. ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ بايقىلىشى ۋە ساقلىنىشى

1908-يىل 2-ئاينىڭ 25-كۈنى فرانسىيەلىك خەنزۇشۇناس پائۇل پېللىئوت (Paul Pelliot) باشچىلىقىدىكى فرانسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى دۇنخۇاڭغا كەلگەن، ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن ئۆلچەش ئۇستىسى لۇئىس ۋايالانت(Vailant Louis) بىلەن فوتوگراف چارلىز نوۋېتتې(Charles Nouvette) مۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. ئۇلار دۇنخۇاڭدىكى تاشكېمىرلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆلچەپ ۋە تەكشۈرۈپ، موگاۋ غارىدىكى بارلىق تاشكېمىرلارغا نومۇر سالدى، زور مىقداردىكى تام رەسىملىرىنى سۈرەتكە ئالدى، تاشكېمىردىكى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، تىبەتچە ۋە باشقا يېزىقتىكى بېغىشلىملارنى بىرمۇ بىر كۆچۈرۈۋالدى. ئۇلار نومخانا غوجدارى ۋاڭ راھىبنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشۋالغاندىن كېيىن نوم ساقلىنىۋاتقان تاشكېمىرلەرگە خالىغىنىچە كىرىپ-چىقىپ، ئۇ يەرلەردىكى ۋەسىقە ۋە رەسىملەرنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇ بىر كۆرۈپ چىقتى. پېللىئوت بۇددىدىنىنىڭ «نوملار دىۋانى(ئۈچ ئاغىلىق نوم بىتىگلەر)» غا كىرگۈزۈلمىگەن بۇددا

ۋەسقىلىرى، ئېنىق يىل دەۋرى يېزىلغان ھۆججەتلەر ۋە شايى قەغەزگە سىزىلغان رەسىم قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق تالاپ ئەرزان باھادىلا سېتىۋالدى. پېللىئوت يەنە موگاۋ غارىنىڭ شىمالىي رايوندىكى 181-نومۇرلۇق تاشكېمىر(دۇنخۇاڭ ئاكادېمىيىسىنىڭ سالغىنى464-نومۇر) دىكى قۇم دۆۋىسىدىن نۇرغۇن ئۇيغۇرچە، تاڭغۇتچە ۋە تىبەتچە ۋەسقىلەرنى ھەمدە ئۇزۇندىن بېرى ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى بايقىدى(82).

موگاۋ غارىنىڭ شىمالدىكى 181-تاشكېمىر تاڭغۇت دەۋرىدە ياسالغان، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قايتا رېمونت قىلىنغان. تاشكېمىر يۇمىلاق تورۇسلۇق بولۇپ، جەنۇب، شىمال ۋە غەرب تېمىغا بۇت تەكچىسى ئويۇلغان. دالان تورۇسىنىڭ پەس تەرىپىدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە سىزىلغان مىڭ بۇتنىڭ رەسىمى بار. جەنۇبىي ۋە شىمالىي تېمىدا يۈەن دەۋرىدە سىزىلغان رەسىملىك ھېكايە بار، بۇ تاشكېمىرنىڭ غەربىي تەرىپى يۈەن دەۋرىدىلا پېچەتلىۋېتىلگەن. دالاندىن سارايغا ئۆتۈشىدىغان كورىدورنىڭ تورۇسىدا يۈەن دەۋرىدە سىزىلغان مىڭ بۇتنىڭ رەسىمى بار، شۇ كورىدور تېمىنىڭ پەس تەرىپىدە تاڭغۇت دەۋرىدە سىزىلغان بۇدساتۋانىڭ رەسىمى بار. جەنۇب ۋە شىمال تېمىدا يۈەن دەۋرىدە سىزىلغان تۆت بۇدساتۋانىڭ رەسىمى بولسىمۇ ئەمما كەمتۈكلا قالغان. سارايى كېمىرنىڭ تورۇسىدا نەفىس بېزەلگەن گۈل نەقىشىدىن سىزىلغان بۇدساتۋانىڭ يۆكۈنۈپ نوم ئوقۇۋاتقان چاغدىكى رەسىمى بار، ئۇنىڭ تۆت تەرىپىگە يۆكۈنۈپ ئولتۇرغان بىردىن بۇدساتۋانىڭ رەسىمى سىزىلغان. غەرب تەرەپتىكى تامغا سەككىز قاناتلىق شىرما سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا «ئاۋالوكسۇۋارا بۇدساتۋا پۇمونپىن»مەزمۇن قىلىنغان بۇدساتۋا، مۇرىت، ئەرش

مۇئەككىلى، خورمۇزتا تەڭرى(قابىل ئالەم ئىلاھى) بىر گەۋدىلەشتۇرۇلگەن ئۇپاساكانىڭ نوم ئوقۇۋاتقان ھالەتتىكى رەسمى سىزىلغان. جەنۇب تەرەپتىكى تامغا ئالتە قاناتلىق شىرما سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا خورمۇزتا تەڭرى، ۋاجرا، ئەرش مۇئەككىلى، مۇرت بىرگەۋدىلەشتۇرۇلگەن ئۇپاساكانىڭ نوم ئوقۇۋاتقاندىكى رەسمى سىزىلغان. شىمال تېمىغا ئالتە قاناتلىق شىرما سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا بۇدساتۋا، ئىلاھلار، ئەرش مۇئەككىلى، خورمۇزتا تەڭرى بىرگەۋدىلەشتۇرۇلگەن ئۇپاساكانىڭ نوم ئوقۇۋاتقان چاغدىكى رەسمى سىزىلغان، شەرقىي تېمىدىكى ئالتە خەتلىك ھېكمەتلەر يېزىلغان، جەنۇب تەرەپتىكى تامنىڭ ئۇل تەرىپىگە تاڭغۇت دەۋرىگە ئائىت نەقىش چۈشۈرۈلگەن. ئوڭ-سول تاملىرىغا ئۇيغۇرچە بېغىشلىمىلار يېزىلغان(83).

پېللىئوتنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى فرانسىيەگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن يىغىپ كەلگەن بۇيۇملىرى ئارىسىدىكى ۋەسىقە-ماتېرىياللارنىڭ ئاز بىر قىسمىنى گۇيمېت مۇزېيىغا ساقلاشقا بەرگەندىن باشقا قالغانلىرىنى فرانسىيە دۆلەت كۇتۇپخانىسى شەرق بۆلۈمىنىڭ ساقلىشىغا بەرگەن. گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى دەسلەپتە پارىژ لۇفۇ سارىيىنىڭ(رۇفېل سارىيىنىڭ فرانسۇزچە ئاتىلىشى —— تەرجىمان) ساقلىشى ئۇچۇن بەرگەن بولسا كېيىنچە پارىژ گۇيمېت ئاسىيا سەنئەت مۇزېيى (تۆۋەندە گۇيمېت مۇزېيى، دەپ ئېلىندى) غا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن(84)، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپىمۇ شۇ چاغدا مانا مۇشۇ گۇيمېت مۇزېيىنىڭ ساقلىشىغا بېرىلگەن. گۇيمېت مۇزېيى كۇتۇپخانىسىنىڭ باشلىقى فغاڭسوۋا ماكوۋەن Francis Macouin) —— ئۇيغۇرچىسى فرانسۇز تىلىدىكى تەلەپپۇزى بويىچە ئېلىندى) ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، گۇيمېت مۇزېيىدا

ساقلىنىۋاتقان بۇ ئۇيغۇرچە 960 تال مىخ مەتبەئە ھەرپى دەسلەپتە لايغا مىلەنگىلىك پېتى مۇزېينىڭ ئامبىرىدا ساقلىنىپ كەلەن ئىكەن، كېيىن ئۇ ھەربىر ھەرپتىكى لايلارنى پاكىز تازىلاپ ھەرپىنىڭ چوڭ-كىچىكلىك نىسبىتى بويىچە ياغاچتىن نەفىس قاپ ياسىتىپ مۇھىم يادىكارلىق قاتارىدا ساقلاپ كەپتۇ. ھازىر بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ناھايىتى نەفىس ئىشلەنگەن ئۈچ تارتمىلىق ئاشۇ ياغاچ قاپتا ساقلانماقتا. ساقلىنىش نومۇرى MG (MG25507 فرانسۇزچە Musée Guimet يەنى گۈيمېت مۇزېينىڭ قىسقارتىپ يېزىلىشى) . ياغاچ قاپتا يەنە ئەينى يىلى پېللىئوت بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپىنى سىناق قىلىپ بېسىپ باققان خاتىرىنىڭ بىر ۋاراقىدا ئون نەچچە مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ باسمىسى ساقلانماقتا. پېللىئوت ئۆزىنىڭ«دۇنخۇاڭ تاشكېمىرى خاتىرىلىرى»دە بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ بايقىلىش جەريانىنى خاتىرىلەپ: « 1908-يىل 5-ئاينىڭ 23-كۈنى، شەنبە، 181-نومۇرلۇق تاشكېمىردە باسما ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇن چاسا شەكىللىك موگغۇلچە مىخ مەتبەئە ھەرپى تېپىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە تاڭغۇتچە باسما بۇيۇملىرىنىڭ كەمتۈكلىرىمۇ تېپىلدى»(85)دەپ يازغان.

ئەينى چاغدا پېللىئوت دۇنخۇاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش بىلەن شۇغۇللانغاندا ئالدىرىغىنىدىن بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ھەرپ ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمايلا يۇقىرىقى نەق مەيدان خاتىرىسىنى قالدۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن پېللىئوت بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپىنى تەتقىق قىلىش ئۇيياقتا تۇرسۇن ھەتتا رەتلەپمۇ باقمىغان.

## 2. ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىگە بولغان ئىلگىرىكى قاراش

1925-يىلى ئامېرىكىلىق مەتبەئە تارىخى مۇتەخەسسىسى كارتېر ئۆزىنىڭ «جۇڭگودا مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە تۇنجى قېتىم 4تال مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ باسمىسىنى ئېلان قىلغان ھەم بۇنى ئۇيغۇرچە ھەرپ، دەپ ئېنىق بېكىتكەن. بۇ 4 تال ھەرپلىك باسما سۈرىتى نۇرغۇن ئەسەرلەردە نەقىل قىلىنغان. ئادەمنى ئويغا سالىدىغىنى شۇكى، كارتېر تاللاپ باسقان بۇ 4تال ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپى دەل سۆز بىرلىك قىلىنغان ھەرپتۇر. كارتېرنىڭ ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى بىلىمى تولىمۇ كەمچىل بولغانلىقتىن ئەينى چاغدىكى ياۋروپا ئىلىم ساھەسى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان بولسىمۇ دۇنخۇاڭنىڭ قەدىمىي تارىخى ۋە بۇ يەردىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە دەسلەپكى تونۇشقىلا ئىگە ئىدى. شۇڭا كارتېر گەرچە ئۆزىنىڭ مول بىلىمى ۋە ئىلمىدىكى ئۆتكۈرلىكى ئارقىلىق بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ دۇنيا مەتبەئە تارىخىدىكى ئورنى ھەم ئىلمىي قىممىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولسىمۇ ئەمما ئاشۇ نەچچە تال مىخ مەتبەئە ھەرپىدىن ۋاڭ جېن كەشىپ قىلغان سۆز بىرلىك قىلىنغان مىخ مەتبەئە ھەرپى قاتارىدا دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ خاراكتېرىگە خاتا يەكۈن چىقاردى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولغان«جۇڭگودا مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى» دېگەن كىتابىدا:

«ئۇيغۇر يېزىقى ئارامى يېزىقىدىن كەلگەن ھەرپلىك يېزىق. ئۇيغۇرلار مىخ مەتبەئەنى قوللىنىشقا باشلىغاندا دەرھال يەككە ھەرپلىك مىخ مەتبەئەنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇپ يەتكەن، بۇ سىستېما جۇڭگومىخ

مەتبەئەسىدىن كۆپ قولايلىق ئىدى. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مىخ مەتبە ھەرپى پۇتۇنلەي سۆز بىرلىك قىلىنغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىدىن تەركىب تاپقان، ئۇ پۇتۇنلەي جۇڭگونىڭ مىخ مەتبەئەسىدىن دوراپ ياسالغان. بەلكىم ئۇلارنىڭ(ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى ——— ئاپتور) ھەرپلىك يېزىق مىخ مەتبەئەسى بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بىزدە ھازىرغىچە بۇ ھەقتىكى يازما مەنبەئە يوق، شۇنىڭدەك ھەرپلىك يېزىق مىخ مەتبەئەنىڭ ماددىي پاكىتىمۇ بايقالمىدۇق. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مىخ مەتبەئە ھەرپى(ئۇيغۇرچە مىخ مەتبە ھەرپى كۆزدە تۇتۇلىدۇ——— ئاپتور) يەنىلا جۇڭگونىڭكىنى دوراپ ياسالغان،ئۇ ھەرپلىك يېزىق مىخ مەتبەئە ھەرپى بولماستىن بەلكى بىربىرىگە ئۇلاپ ياسالغان مىخى مەتبەئەدۇر»(86).

كارتېر بۇ ساھەنىڭ نوپۇزى بولغاچقا ئۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا كارتېرنىڭ بۇ بىر ئابزاس سۆزى ئۆزلۈكسىز نەقىل قىلىنىپ، كىشىلەرنى بۇ ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپى سۆز بىرلىك قىلىنغان، ھەرپ ياكى بوغۇم بىرلىك قىلىنمىغان، ئۇنىڭ خاركتېرى خۇددى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئىختىرا قىلىنغان خەت(سۆز)بىرلىك قىلىنغان مىخ مەتبەئەگە ئوخشاشتۇر، دەيدىغان خاتا قاراشقا كەلتۈرۈپ قويدى. تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئەينى چاغدىكى كارتېرنىڭ ئەسىرىدە ئاڭلىق يوسۇندا سۆز بىرلىك قىلىنغان ئاشۇ تۆت تال ھەرپ تاللانغان، سۆز بىرلىك قىلىنغان بۇ تۆت تال ھەرپنىڭ سۈرىتى كۆپ خىل ئەسەرلەرگە نەقىل قىلىنىپ، ئەمەلىيەتتە ئىلىم ساھەسىدە خاتا يېتەكچىلىك رول ئوينىغان. ھەتتىمىگە مەلۇمكى، كارتېر ئۇيغۇر تىلى جەھەتتىكى مۇتەخەسسىس ئەمەس، تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى قىلچە بىلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. زادى قانداق نەرسە شەرقشۇناسلىق ساھەسىدىكى بىر ئەۋلاد ئىلىم گىگانتىدا

مۇشۇنداق خاتالىق سادىر قىلغاندۇ؟ ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتكەندە بىز بۇ قەدىمقى مەدەنىيەت مىراسلىرىغا قايتا قاراپ چىققاندا ۋە ئۇنى قايتا تەتقىق قىلغاندا ئەينى چاغدا كىملەر كارتىپرغا «ياردەملشىپ» بۇ ئۇيغۇرچە مىخ مەتبە«ئەۋرىشكىسى»نى «تالىلشىپ» ۋە «پەرق ئېتىشىپ» بەرگەندۇ؟ زادى قانداق مۇددىئادا مەخسۇس ئاشۇ 4 تاللا سۆز بىرلىك قىلىنغان مىخ مەتبەئە ھەرپى تاللانغاندۇ؟ دېگەن بۇ ئادەمنى ئويلاندۇرىدىغان سوئالنى سورىماي تۇرالمايمىز. كارتىپرنىڭ ئەسىرى دۇنياغا كېلىپ نەچچە ئون يىلدىن كېيىنمۇ ئىلىم ساھەسىدە تەسىرى بار بەزى ئەسەرلەر يەنىلا كارتىپرنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئۇنىڭ كۆزقارشىنى ياقلىماقتا. ھەتتا ئىلىم ساھەسىدە تېخى بىرمەھەل بۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپى يوقاپ كېتىپتۇدەك، دېگەن ئۆسەك تارقالدى، مەسىلەن ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئالىم جوسېف نىدھام باش بولۇپ تۈزۈلگەن «جۇڭگو پەن-تېخنىكىسى تارىخى»دېگەن كىتابنىڭ 5-تومنىڭ 1-قىسمى بولغان«قەغەز ۋە مەتبەئە»(چىيەن سۈنشۈن قەلەم تەۋرەتكەن)دە: «ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپىنى 1907-يىلى پېللىئوت بايقىغان، يېقىنقى خەۋەرلەرگە قارىغاندا بۇ بىر يۈرۈش مىخ مەتبەئە ھەرپىنى تاپقىلى بولمىغانمىش»(87). دەپ يازدى.

ئەمما، بۇ كىتابنىڭ قەلەم تەۋرەتكۈچىسى بولغان مەشھۇر مەتبەئە تارىخى مۇتەخەسسىسى چىيەن سۈنشۈن ئەپەندى ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپى ئۈستىدە توختالغاندا كارتىپرنىڭ كونا تەلىماتىنى ياقلىماي بىرقەدەر ئېھتىياتچان پوزىتسىيەدە بولدى. ئۇ يۇقىرىقى كىتابتا:«... يەنىلا دۇنخۇاڭدىن بىر يۈرۈش ئۇيغۇرچە ياغاچتىن ياسالغان مىخ مەتبەئە ھەرپى تېپىلدى، بۇ نەچچە يۈزلىگەن ھەرپنىڭ يىل دەۋرى تەخمىنەن 1300-يىللىغا توغرا كېلىدىكەن.بۇ ،

ياۋروپا يېزىقىدىن باشقا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مۇشۇنداق ھەرپلىك يېزىقنىڭ ئويما بەت مەتبەئەسىدىن مىخ مەتبەئەگە كۆچۈشمۇ ناھايىتى تەبىئىي ئىككەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ»(88).

بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپى بايقىلىپ 80 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدىمۇ ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ ھەققىي ئەھۋالىغا بولغان تونۇشى ئىنچىكە مۇجمەل بولۇپ كەلدى. گەرچە بەزى ئالىملار ئالاقىدار ئەسەرلىرىدە بۇ ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە ساقلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە ئازدۇر-كۆپتۇر تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ ئەمما چوڭقۇر تەتقىق قىلمىدى، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ مۇھىم ئىلمىي قىممىتىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىدى، ئۇلارنىڭ بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ئۈستىدە سىستېمىلىق ۋە ئومۇمىي يۈزلۈك تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ دۇنيا مەتبەئە تارىخىدىكى ئورنى ھەققىدە توغرا باھا بېرىشىدىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن بولمىدى(89). بۇ ھال بۈگۈنكى كۈندىكى جۇڭگو ۋە چەتئەل ئىلىم ساھەسىدە دۇنخۇاڭشۇناسلىقنىڭ تازا راۋاجلانغانلىقىدەك ياخشى ۋەزىيىتى بىلەن زادىلا ماس كەلمەيدۇ ھەم بۇ دۇنيا مەتبەئە تارىخىدىكى يېشىلمىگەن بىر سىر بولۇپ قالدى.

دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەش ئۈچۈن مۇشۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ياسىن ھوشۇر ئەلى ب د ت پەن-مائارىپ-مەدەنىيەت تەشكىلاتى پىششەن يۈفۇ (خرايىاما)يىپەك يولى تەتقىقاتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن 1995-يىلى ئەنگلىيىدە دۇنخۇاڭ ۋەسىقىلىرىنى تەتقىق قىلىۋاتقان چېغىدا مەخسۇس فرانسىيە پايتەختى پارىژغا بېرىپ، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان بۇ ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ دېرىكىنى

قىلدى، ئاخىرى پارىژ گۇيمېت ئاسىيا سەنئەت مۇزېيىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىسكىلاتىدا 800 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولدى ھەممە نەچچە يۈز يىل تارىخ تۇزاندىلىرىغا كۆمۈلۈپ يېتىپ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يات ئەلگە ئېلىپ كېتىلگەن 960 تال ياغاچتىن ياسالغان مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن چوڭ بەش ۋاراق بامبۇك قەغەزگە بېسىپ، بۇ ياغاچتىن ياسالغان مىخ مەتبەئە ھەرپى ۋەكىللىك قىلغان يېزىق بەلگىلىرىنى ناھايىتى ئېنىق نامايەن قىلدى.

ھازىر پارىژدىكى گۇيمېت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان 960 تال ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپى ئەينى چاغدا ئىشلىتىلگەن مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ بىر قىسمىلا بولۇشى مۇمكىن، نەچچە يۈز يىل تاشلىنىپ ئاندىن تېپىلغىچە بولغان ئۇزاق تارىخ قىسمەتلىرىدە زور بىر قىسمى يوقىلىپ كەتكەن ياكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. بەختكە يارىشا دۇنخۇاڭ غەربىي شىمالدىكى قۇرغاق كىلىماتلىق جاي بولغانلىقتىن، ساقلىنىپ قالغان بۇ نەچچە يۈز تال ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپى چىرىپ كەتمەي ئۇبدان ساقلىنىپ قالغان، بۇ بەلكىم مۇشۇ ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپىنى ياسىغۇچىنىڭ مىخ مەتبەئە ياغاچ ماتېرىياللىرىنى خىمىيىلىك بىر تەرەپ قىلىشتىن ئۆتكۈزگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. بىرنەچچە تال مىخ مەتبەئە ھەرپىدىن باشقىلىرى ناھايىتى مۇكەممەل بولۇپ، خەتلىرى ۋە سىزىقلىرى شۇنداق نۇقسانسىز ساقلانغان. فرانسىيەدە ئىشلەنگەن ھۆكۈمەت ئالاقىسىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇرۇختا چىلاپ ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن بامبۇك قەغەزگە بېسىپ نۇسخا ئېلىنغاندا ئۇنۇمى ناھايىتى ياخشى بولغان، سۇرۇخ يېيىلىپ كەتمىگەن. بېسىپ چىقىرىلغان خەت ئوچۇق بولۇپ،

هازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئۇيغۇرچە مەتبەئە بۇيۇملىرى(ھەققىي بۇيۇم) بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇنۇمى يۈزدىن يۈز ئوخشاش بولغان، بۇ ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تەتقىق قىلىشقا ناھايىتى پايدىلىق.

دۇنخۇاڭ ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى پېڭ جىنجاڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى تۈر تەتقىقات گۇرۇپپىسى دۇنخۇاڭ تاشكېمىرى شىمالىي رايوندىكى تاشكېمىرلەرنى تازىلىغاندا 48تال ئۇيغۇرچە ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپىنى (بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي رايوندىكى 59-نومۇرلۇق تاشكېمىردىن 16 تال، شىمالىي رايوندىكى 162-نومۇرلۇق تاشكېمىردىن 2تال، 464-نومۇرلۇق تاشكېمىرنىڭ مەركىزىي كېمىردىن 2تال، 464-نومۇرلۇق تاشكېمىرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى يان كېمىردىن 17تال، شىمالىي رايوندىكى 56-نومۇرلۇق تاشكېمىردىن 1تال، شىمالىي رايوندىكى 163-نومۇرلۇق تاشكېمىردىن 10تال) بايقىغان، بۇنىڭغا دۇنخۇاڭ ئاكادېمىيىسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىسكىلاتىدا ساقلىنىۋاتقان 6تال(بۇمۇ شىمالىي رايوندىن تېپىلغان) مىخ مەتبەئە ھەرپىنى قوشقاندا جەمئىي 54تال ھەرپ بولغان. بۇلار فرانسىيەدە ساقلىنىۋاتقان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى بىلەن ئوخشاش بىر تۈردىكى ھەرپ بولۇپ، ھازىرغىچە دۇنيادا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپى 1014كە يەتكەن.

دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىدىن بېسىپ چىقىرىلغان مەزمۇننى ئوقۇش ۋە تۈرگە ئايرىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تېپىلغان خەنزۇچە ۋە تاڭغۇتچە مىخ مەتبەئە ھەرپىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ، خەنزۇچە ۋە تاڭغۇتچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىدە خەت(سۆز) بىرلىك قىلىنغان، ھالبۇكى ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە

ھەرپلىرىدە بولسا سۆز، بوغۇم، تاۋۇش بىرلىك قىلىنغان بولۇپ، ئارىلىق تاۋۇش بىرلىك قىلىنغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى بىلەن خەنزۇچە مىخ مەتبەئە خېتى ئارىلىقىدىكى ھەرپلەردۇر، بۇ ناھايىتى مۇھىم ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى مىخ مەتبەئە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن بەلكى مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى ھەم ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەمدە مىخ مەتبەئەنىڭ جۇڭگودىن غەربكە تارقىلىش يوللىرى ۋە ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىشتە مۆلچەرلىگۈسىز قىممەتكە ئىگە.

## تۆتىنچى پاراگراف

## ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ شەكلى، ماتېرىيالى، ياسىلىش ئۇسۇلى ۋە تۈرى

### 1. ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ شەكلى، ماتېرىيالى ۋە ياسىلىش ئۇسۇلى

دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى تەتۈر كۆپىنكى قاپارتما ھەرپ بولۇپ، مۇتلەق كۆپىنچىلىرىنىڭ كەڭلىكى 1.3سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 2.2سانتىمېتىر، ئۇزۇن-قىسقىلىقى ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن بېكىتىلگەن. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ ياغاچ ماتېرىيالى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، كۆزىتىلىشىچە بەزىلىرى قىزغۇچ، بەزىلىرى ساغۇچ قوڭۇر بولۇپ، چىلان ياكى نەشپۈت ياغىچىدىن ياسالغانلىقى مەلۇم. چىلان ياغىچى بىلەن نەشپۈت ياغىچى ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا كۆپ ئۇچرايدىغان مېۋىلىك دەرەخ تۈرى بولۇپ، غەربىي شىمالدا ناھايىتى كۆپ تارقالغان، ياغىچى سەل ئىنچىكە، ئويۇشقا

ئاسان، مەنبەسى مول، باھاسىمۇ ئەرزان. بۇ ياغاچ ماتېرىياللىرى مىخ مەتبەئەگە ئىشلىتىلىشتىن بۇرۇن چىداملىق بولسۇن ئۈچۈن پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، قۇرت چۈشۈشنىڭ ئالدى ئېلىنغان. بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ كۆپىنچىلىرى ئۇزاققىچە ئىشلىتىلگەنلىكتىن بولسا كېرەك، سىرتى قارىداپ كەتكەن، نەچچە يۈز يىل ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ خېتى ناھايىتى ئېنىق تۇرغان.

ئۇيغۇرچە ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى تەپسىلىي كۆزىتىش ۋە سېلىشتۇرۇش، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇچە خەتنىڭ ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى ياساش توغرىسىدىكى يازما خاتىرىلەردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق مۇشۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇيغۇرچە ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ ئىككى خىل ياساش ئۇسۇلى بار ، دەپ قارىدى:

① ئادەتتە ئاۋال ھەرپ نۇسخىسى تاختايغا يېزىۋېلىنىپ،ھەرپ شەكلى ئويۇلىدۇ، ئاندىن بىرلىكى بويىچە كېسىۋېلىنىپ سىلىقدىلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ؛

② كونا ئويما بەتتىكى يېزىق مەزمۇنىدىن پايدىلىنىپ ئېھتىياجغا ئاساسەن سۆز ياكى بوغۇمنى ھەرىدىۋېلىنىدۇ، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ئىچىدە بەزى ئارتۇققىچە ھەرپ بەلگىلىرى ئۇچرايدۇ، قارىغاندا بۇ كونا ئويما بەتتىكى ھەرپلەر ئارىسىدا ئەسلىدىنلا بولغان بولسا كېرەك.

يەنە بەزى مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ يۈزى ۋە ئارقا تەرىپىدە ئۇيغۇرچە ھەرپ شەكلى ۋە تىنىش بەلگىلىرى بار، بۇ بەلكىم ۋاقىتلىق ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ماتېرىيال تېجەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ بىر يۈزىدە بۇزۇپ قويۇلغان ھەرپ شەكلى

ئۇچرايدۇ، بۇنداق ھەرپلەردە ماتېرىيال تېجەش ئۈچۈن يەنە بىر يۈزىگە قايتىدىن ئۇيغۇرچە ھەرپ ئويۇلغان.

2.ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ تۈرى

دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى ئوقۇش، تۈرگە ئايرىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا بۇ ھەرپلەر ئىپادىلىگەن يېزىق بەلگىلىرىنى 7 تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1 .ھەرپ بىرلىك قىلىنغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى

بۇ ئۇيغۇر تىلى تاۋۇشلىرىنىڭ بارلىق بوغۇملىرىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلگەن. ھازىر ساقلىنىۋاتقان بۇ ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ئىچىدە بەزىلىرى سۆز بېشىدا، سۆز ئارىلىقىدا ۋە سۆز ئاخىرىدا كېلىدىغان ئۈچ خىل شەكلى بار★.

ھەرپ بىرلىك قىلىنغان مىخ مەتبەئە ھەرپ بەلگىلىرى بىلەن شۇ بەلگىلەر ۋەكىللىك قىلغان تاۋۇشنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى(جەدۋەل2) تۆۋەندىكىچە:

★★(بۇنىڭ ئارقىسىغا2-،3-جەدۋەل كېلىدۇ)

2 . سۆز بىرلىك قىلىنغان مىخ مەتبەئە ھەرپى

سۆز بىرلىك قىلىنغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ئىچىدە ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، رەۋىش، ئارقا ياردەمچى سۆز ۋە ئۇلانما قاتارلىقلار بولۇپ، ئىسىملارنىڭ بىر قىسمى بۇددا دىنىنىڭ خاس ئاتالغۇلىرىدۇر. يەنە بىر قىسىملىرى پېئىلنىڭ گرامماتىكىلىق شەكلى(مەسىلەن رەۋىشداش) ياكى باشقا شەكىللىرى ئىپادىلەنگەن مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى بولۇپ، ئىپادىلىگەن سۆز مەنالىرى ناھايىتى مۇكەممەل، شۇڭا چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئۇلار بۇ يەردە مۇھاكىمىگە قويۇلدى، مەسىلەن: (4-جەدۋەل)

3.پېئىل تومۇرى بىرلىك قىلىنغان مىخ مەتبەئە ھەرپى

پېئىل ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى، ھالىتىنى، ئۆزگىرىشىنى ۋە روھىي ھالەت ھەرىكىتىنىڭ جەريانىنى ھەمدە ھەرىكەت ھالىتىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز تۈركۈمى. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ دەرىجە، راي، زامان، شەخس، بولۇشلۇق ياكى بولۇشسىز قاتارلىق گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بار. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى پېئىل تومۇرىغا قوشۇلىدىغان سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرىغا تۈرلۈك گىراماتىكىلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىل تومۇرىنىڭ ئارقىسىغا يەنە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق يېڭى سۆز ياسىغىلى، شۇ ئارقىلىق سۆز مەناسىنى ئۆزگەرتكىلى ۋە كېڭەيتكىلى ھەم سۆز خاراكتېرىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا سۆز تومۇرى(تۈپ سۆز) گىراماتىكىلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلغاندىلا ئاندىن گىراماتىكىلىق مەناغا ئىگە بولۇپ، سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى ياكى سۆز بىلەن سۆز بىرىكمىسى ئوتتۇرىسىدىكى گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتلەرنى نامايان قىلىپ، شۇ ئارقىلىق مۇكەممەل مەنانى ئىپادىلەيدۇ، ئەمما بەزىدە يەنە پېئىلنىڭ سۆز تومۇرىمۇ مۇكەممەل گىراماتىكىلىق مەنانى ئىپادىلەيدۇ. (5-جەدۋەل).

4.سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىرلىك قىلىنغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى

ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى سۆز ياكى تۈپ سۆز ئارقىسىغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلۇش ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، بىرىنچى تۈردىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار سۆزنىڭ سۆزلۈك —— گىراماتىكىلىق مەناسىنى ئىپادىلەپ، سۆزنىڭ سۆزلۈك مەناسىنى ئىزاھلاپ، سۆزلۈكنى مەلۇم تۈردىكى

سۆزلۈك ـــــــ گرامماتىكىلىق كاتېگورىيەگە ئىگە قىلىدۇ. ئىككىنچى تۈردىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ پەقەت گرامماتىكىلىق ئىقتىدارىلا بار، بۇ تۈردىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلغان مەلۇم سۆزنىڭ سۆز بىرىكمىلىرى ياكى جۈملە قۇرۇلمىسىدىكى گرامماتىكىلىق ئىقتىدارىنى بەلگىلەيدۇ، ئەمما سۆزنىڭ سۆزلۈك مەناسىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق(مەنالىق) ئۆزگىرىشى ۋە تۈرلۈك گرامماتىكىلىق شەكىل ئۆزگىرىشى يۇقىرىقى ئىككى تۈردىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار تۈپ سۆزگە قوشۇلۇش ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. ئوخشاشمىغان تۈردىكى نۇرغۇن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى بىرلا ۋاقىتتا بىر تۈپ سۆزگە قوشۇشقىمۇ بولىدۇ. تۈپ سۆزگە قوشۇلغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قانچە كۆپ بولسا ئىپادىلەيدىغان مەنامۇ شۇنچە مۇرەككەپ ۋە توغرا بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاھاڭداشلىقى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئاسسىمىلاتسىيەلىنىش قانۇنىيىتى بىلەن بىرىكىدىغان بولغانلىقتىن ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ كۆپىنچىلىرى كۆپ خىل شەكىلدە ئۆزگىرىدۇ. ئوخشاشمىغان تۈردىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىرلا ۋاقىتتا تۈپ سۆزنىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىپ كەلگەندە ئۇنىڭ تەرتىپى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار تۈپ سۆزگە زىچ ئۇلىنىپ كېلىدۇ، ئاندىن بولۇشسىزلىق شەكلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە، پېئىللىق ئىسىم ياكى سۈپەتداش ۋە رەۋىشداش قاتارلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار كېلىپ، ئارقىدىن سان ياكى تەۋەلىك شەخس سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى، خەۋەر بولۇپ كەلگەن شەخس سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى، كېلىش قوشۇلغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قاتارلىقلار كېلىدۇ. مەسىلەن؛ adaqlarinta دېگەن سۆزنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەك، adaq-lar-i-n-ta دىن ئىبارەت بەش

بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ، adaq تۈپ سۆز، «ئاياق»دېگەن مەنادا، -larكۆپلۈك قوشۇمچىسى، -iئۆچىنچى شەخس تەۋەلىكىدىكى تاق سان، -nئارتۇقچە تاۋۇش، -taئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى، بۇ سۆزنىڭ تولۇق مەناسى «ئايىقىدا» يەنى «ئۇنىڭ ئايىقى ئۈستىدە»دېگەندىن ئىبارەت. (6-جەدۋەل).

5.مەنا ياكى گىراماتىكىلىق ئىقتىدار ئىپادىلىمەيدىغان تاۋۇشتىن بىرىكمىلىرى بىرلىك قىلىنغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى

(7-جەدۋەل)

6.بەت يۈزىدىكى كونچۇۋك، رامكا ئىپادىلەنگەن مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى، بۇنىڭ ئىچىدە تاق سىزىقلىق كونچۇۋك، قوش سىزىقلىق كونچۇۋكلارمۇ بار. (8-جەدۋەل).

7.تىنىش بەلگىلىرى ۋە قوشۇمچە بەلگىلەرنى ئىپادىلەيدىغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى، بۇنىڭ ئىچىدە تاق چېكىت، قوش چېكىت، تۆت چېكىتلىك بەلگىلەرمۇ بار. (9-قەدۋەل).

بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەت ياسىغاندا بوشلۇق تولدۇرىدىغان شىپون ۋە ئوتتۇرا بالداق ياغاچمۇ بار.

## بەشىنچى پاراگراف

## ئۇيغۇرچە ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

### 1.ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇرلار ئالاقە قىلىدىغان ئورتاق تىل بولۇپ، قەدىمقى تۈركىي تىللارنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر تىلىدا i ï ä a o ö u ü دىن ئىبارەت 8 سوزۇق تاۋۇش بار،

بۇلارنىڭ ئىچىدە i ä ö ü تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشى، ï a o u لار تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشى. b p γ q h g k d t z l m n r s š č gn y w دىن ئىبارەت 20ئۈزۈك تاۋۇش بار. سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاجىزلىشىدىغان قانۇنىيتى بار.

مورفولوگىيە جەھەتتە سان، كېلىش، تەۋەلىك شەخس، خەۋەرلىك شەخس قاتارلىقلار ئىسىم ۋە شەيئىلەشكەن ئىسىمدىكى مۇستەقىل سۆزكاتېگورىيىسگە كىرىدۇ. ئوخشاش بىر كاتېگورىيەگە تەۋە سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرىنىڭ ئوخشاشمايدىغان فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى بولىدۇ. ئىسىمنىڭ باش كېلىش، تەۋەلىك كېلىش، تەكداش كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، چۇشۇم كېلىش، ئورۇن كېلىش، ئەگەشمە كېلىش، ۋاستىلىك كېلىشتىن ئىبارەت 8 خىل كېلىشى بار. باش كېلىش يوق ھالەتتە باشقا كېلىشلەر سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرى قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. پېئىلنىڭ زامان، شەخس، راي، دەرىجە قاتارلىق كۆپ خىل مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ سۈپەت پېئىلى ۋە قوشۇمچە پېئىل قاتارلىق شەكىللىرى بار.

تىل تىپىدىن ئېيتقاندا ئۇيغۇر تىلى تىپىك يېپىشقاق تىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى فونېماسى ئۆزگەرمەيدىغان سۆز ياكى سۆز يىلتىزى مورفېماسىنىڭ ئارقىسىغا مۇئەييەن تەرتىپ بويىچە ئوخشاشمىغان فونېماسى ئۆزگەرمەيدىغان سۆز ياسىغۇچى ياكى گراممانىكىلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق يېڭى سۆز ياسىلىدۇ ياكى گراممانىكىلىق مۇناسىۋەت ئىپادىلىنىدۇ، ھەربىر سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بىرلا مۇقىم سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىك ياكى گراممانىكىلىق مەنانى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا تۆپ سۆز بىلەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ئوتتۇرىسىدا تاۋۇش پەرقى

ئېنىق ئايرىلغان.

ئۇيغۇر تىلىدا بىر سۆز ئوخشاشمىغان گىراماتىكىلىق مەنا ئىپادىلىگەن چاغدا شۇ توپ سۆزگە ئوخشاشمىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلغان بولىدۇ. مەسىلەن ئالايلى، «مېڭىش»ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان بۇ پېئىل خەنزۇ تىلىدا بىر پەقەت بىرلا خەت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ھەم بۇ پېئىل ھەرقانداق شەخسلىك ئالماش بىلەن بىرىكىپ ئوخشاشمىغان ئىگە يۈرگۈزۋاتقان ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ. ھالبۇكى ئۇيغۇر تىلىدا «مېڭىش» ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل توپ سۆزى ئوخشاشمىغان شەخسلىك ئالماش ياكى ئىگە ئىپادىلىنىدىغان سۆز بىلەن بىرىككەندە ئوخشاشمىغان گىراماتىكىلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلىدۇ، ناۋادا بۇنىڭغا يەنە بولۇشسىز راي، زامان، دەرىجە، شەخس قاتارلىقلار ئىپادىلەنگەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلىدىغان بولسا بىر پېئىل ئاز دېگەندىمۇ ئون نەچچە خىل ئۆزگىرىدۇ. ئىسىم قاتارلىق سۆز تۈركۈمىدىمۇ ئوخشاشمىغان گىراماتىكىلىق ئۇقۇم ئىپادە قىلىنماقچى بولغاندا ئوخشاشلا ئوخشاشمايدىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىش سۆز ياكى توپ سۆز ئارقىسىغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، بىرىنچى تۈردىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق سۆزنىڭ لۇغەت تەركىبى ـــ گىراماتىكىلىق مەناسى ئىپادىلىنىپ، سۆزنىڭ لۇغەت تەركىبى ئىزاھلىنىدۇ ھەمدە لۇغەت تەركىبى مەلۇم بىر تۈردىكى لۇغەت تەركىبى ـــ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەگە تەۋە قىلىنىدۇ. ئىككىنچى تۈردىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار پەقەت گىراماتىكىلىق ئىقتىدارغىلا ئىگە بولىدۇ، بۇ تۈردىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

قوشۇلغان مەلۇم بىر سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملە قۇرۇلمىسىدىكى گراماتىكىلىق ئىقتىدارنى بەلگىلەيدۇ، ئەمما سۆزنىڭ لۇغەت تەركىبى مەناسىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ سىمانتىك(مەنا) ئۆزگىرىشى ۋە تۈرلۈك گراماتىكىلىق ۋە مورفولوەيىلىك ئۆزگىرىشى دەل يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار تۈپ سۆز ئارقىسىغا قوشۇلۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئوخشاشمىغان تۈردىكى نۇرغۇن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى بىرلا ۋاقىتتا بىر تۈپ سۆزگە قوشۇشقىمۇ بولىدۇ. تۈپ سۆزنىڭ ئارقىسىغا قوشۇلغان سۆ ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قانچە كۆپ بولسا ئىپادىلەيدىغان مەنامۇ شۇنچە مۇرەككەپ ۋە توغرا بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىش ئىدارىسىدە بولغاچقا، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆ ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ كۆپ خىل ئۆزگىرىش شەكلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشاشمىغان تۈردىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىرلا ۋاقىتتا بىر تۈپ سۆزنىڭ ئارقىسىغا قوشۇلغاندا بۇنىڭ تەرتىپى تۈپ سۆزگە ئاشۇ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ئۇلىنىپ كېلىدۇ، ئاندىن بولۇشسىز رايلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە، ھەرىكەتنامى(پېئىل ئىسىم) ياكى سۈپەتدىش قاتارلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە كېلىدۇ، ئاخىردا سان ياكى تەۋەلىك شەخسلىك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە، خەۋەر بولۇپ كەلگەن شەخسلىك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە، كېلىش قوشۇلغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە قاتارلىقلار كېلىدۇ. مەسلەن، «adaqlarinta » دېگەن سۆزنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەك، adaq-lar-i-n-ta دىن ئىبارەت بەش بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ، adaq تۈپ سۆز، «ئاياق»دېگەن مەنادا، - larكۆپلۈك قوشۇمچىسى، -iئۈچىنچى

شەخس تەۋەلىكىدىكى تاق سان، ـn ئارتۇقچە تاۋۇش، ـtaئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى، بۇ سۆزنىڭ تولۇق مەناسى «ئايىقىدا» يەنى «ئۇنىڭ ئايىقى ئۈستىدە»دېگەندىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىش ئەنئەنىسىدە قىسمەن تۈپ سۆزلەر بىلەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى ئايرىپ يېزىش ھادىسىسى بار، بۇنداق ھادىسىلەر قولىيازما ۋەسىقىلەردىمۇ، باسما ۋەسىقىلەردىمۇ ئوخشاشلا ئۇچرايدۇ(90). مەسىلەن، ئۇيغۇرچە«ئالتۇن يارۇق»نىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىدا تۈپ سۆز بىلەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئايرىپ يېزىلغانلىقىنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. ئۇيغۇرچە «ۋاجرا سۇترىسى» ۋە باشقا ۋەسىقىلەرنىڭ كەمتۈك جىلدلىرىدىمۇ بۇنداق ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ تەھلىلىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار تۈرلۈك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ گراماتىكىلىق ئىقتىدارىنى ناھايىتى ئېنىق پەرقلەندۈرگەن.

## 2.ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈدىغان ئۇيغۇرچە ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى

بۇ ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى تەھلىل قىلىپ كۆرگىنىمىزدە، ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى لايىھىلىگۈچى مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى لايىھىلىگەندە ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىسى، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ۋە گراماتىكىلىق تەركىبلەرنىڭ پەرقىنى ناھايىتى ئېنىق ئايرىپ، پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى بويىچە لايىھەلەپ ياسىغان، ناۋادا ئۇيغۇر تىلى قۇرۇلمىسى ھەققىدە بىلىمى بولمىغىنىدا مۇشۇنداق توغرا تەھلىل يۈرگۈزەلمىگەن ۋە ئايرىيالمىغان بولاتتى. بىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئەنى كەشپ

قىلغۇچى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى ھەققىدە مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە بولغان.

ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپى گەرچە قەدىمقى ئۇيغۇرلار كىتاب بېسىشتا ئىشلەتكەن مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ ئەمما بۇ ھەرپلەر:(1)سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان تىل تاۋۇشلىرى بىرلىك قىلىنغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى؛ (2) كىشىلىك ئالماش، ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، رەۋىش، ئارقا ياردەمچى سۆز، ئۇلانما، سۈپەتداش، رەۋىشداش، ھەرىكەتنامى ھەمدە دائىم ئۇچرايدىغان بىر قىسىم پېئىللارنىڭ ھازىرقى زامان كېلەچەك رايى ھەم بۇ پېئىللارنىڭ كېلەچەك ئارزۇ رايى، شەرتلىك رايى، رەۋىشداشلارنىڭ بولۇشسىز شەكلى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بىرلىك قىلىنغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى؛ (3) پېئىل تۈپ سۆزنى ئىپادىلەيدىغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى؛ (4) تەۋەلىك شەخسىنىڭ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى؛ (5) ئىسىمنىڭ كۆپلىكىنى ئىپادىلەيدىغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى؛ (6) ئىسىم ياسىغۇچى سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى؛ (7) سۈپەت ياسىغۇچى سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى؛ (8) رەۋىشداش سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى؛ (9) سۈپەتداش سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى؛ (10) پېئىل رايى، پېئىل دەرىجىسى، زامان، پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلى قاتارلىق كاتېگورىيەلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرىنىڭ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى؛ (11) ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كېلىشى، چۈشۈم كېلىشى، تەڭداش

كېلىشى(بېرىش كېلىشى)، يۆنىلىش كېلىشى، ئورۇن كېلىشى، ئەگەشمە كېلىشى، ۋاستىلىك كېلىشىنىڭ سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى پاكىت شۇنى تولۇق چۈشەندۈرىدۇكى، ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى كەشپ قىلغۇچىلار مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى لايىھىلىگەندە،ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىسى، گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق نەزەرگە ئالغان. ئۇلار ئالدى بىلەن دائىم ئۇچرايدىغان كىشىلىك ئالماش، ئىسىم، پېئىل تۈپ سۆزى، سۈپەت، رەۋىشداش، سۈپەتداش قاتارلىقلارنى ئايرىپ چىقىپ، سۆز بىرلىك قىلىنغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى ياساپ چىققان، ئاندىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈرلۈك گرامماتىكىلىق شەكىللىرىنى بىرلىك قىلىپ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى ياساپ چىققان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرقىسىم تىل تاۋۇشى بىرلىك قىلىنغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى ياساپ چىققان. بىز يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرگەن ئۇيغۇرچە ياغاچتىن ياسالغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك ھەرپ بەلگىلىرى، تىنىش بەلگىلىرى، بەت رامكىلىرى ۋە بەت ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان شىنا قاتارلىقلارنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى لايىھىلىگۈچىلەر بەت ياسىغاندا ئۇچرايدىغان تۈرلۈك ئەھۋاللارنى ئەتراپلىق ئويلاشقان.

دېمەك بۇ ئۇيغۇرچە ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىدە بەت ياسىغاندا، بېسىلىدىغان مەزمۇنغا ئاساسەن ھەرپ، تۈپ سۆز ۋە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى تىزىپ (بىرىكتۈرۈپ)، تۈرلۈك مۇقىم سۆز مەنالىرىنى ۋە گرامماتىكىلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلىگىلى ھەمدە مۇكەممەل مەنا بېرىدىغان جۈملىلەرنى قۇراشتۇرغىلى بولىدۇ. يەنە ئېھتىياجغا ئاساسەن تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق جۈملىلەرنى توختاتقىلى ۋە ئاخىرلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر

تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغانلىقتىن خەنزۇلار رايوندىكى مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى ئارقىلىق ئۇيغۇرچە مەزمۇنلارنى باسقىلى بولمايدۇ. ناۋادا ئاددىي ھالدىلا خەنزۇچە مىخ مەتبەئە ئۇسۇلىنى دوراپ بىر خەت بىر سۆزنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى بويىچە تىزىپ قويغىلى بولمايدۇ، بۇنداق قىلغاندا ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەر بىر سۆزنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى بويىچە ئون نەچچە خىل، ھەتتا ئۇنىڭدىن كۆپ شەكلىنى ياساشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مىخ مەتبەئەنىڭ سانى كۆپىيىپ كېتىپ ئىشلىتىشمۇ قولايسىزلىشىدۇ. ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى لايىھىلىگۈچىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى بىلىمى ناھايىتى مول بولغانلىقتىن، خەنزۇچە مىخ مەتبەئەگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى لايىھىلىگەندە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرپلىك (ئېلىپبەلىك) يېزىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدىلىكنى ئالدىن ئويلىشىش بىلەن بىللە ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېپىشقاق تىل ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدىلىكىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماي، لايىھىلەش داۋامىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيىلىك قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىدىن تولۇق پايدىلانغان ھەم شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەرگەن. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئىختىرالىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ يۈكسەك ئەقىل-پاراستى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپى دۇنيا قەدىمقى زامان مەتبەئە تارىخىدىكى مۆجىزە بولۇپ قالغان. ئالتىنچى پاراگراف

ئۇيغۇرچە ياغاچ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ تۈزۈلۈشى

1.ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئەدە بېسىش جەريانىنىڭ لايىھىلىنىشى

ھازىرغىچە بىز ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىغا بىۋاستە ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللارنى تېخى بايقىمىدۇق، ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىغا ئائىت ماتېرىيال كەمچىل بولۇۋاتقان ھازىرقىدەك شارائىتتا، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ ئۆزى ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى بىلىشتىكى مۇھىم ئاساس بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا، كەمتۈك ساقلىنىپ قالغان ئۇيغۇرچە باسما ۋەسىقىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئەچىلىكىگە ئائىت بەزى يىپ ئۇچى ساقلىنىپ كەلمەكتە. شۇنى كۆرۈپ بىلەن ۋاڭ جىننىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇچە خەت مىخ مەتبەئەسى ھەققىدىكى خاتىرىلىرىمۇ مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئالدى بىلەن، ئۇيغۇرچە باسما ۋەسىقىلەردىكى نۇرغۇن خاتىمەدە كىتاب بېسىشنىڭ سەۋەبلىرى، ئارزۇ-ئارمان، كىتاب بېسىلغان ئورۇن، بېسىش جەريانى ۋە بېسىلغان كىتاب سانى(تىراژ) قاتارلىقلار ھەققىدە ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلغان. كۆپىنچە خاتىمە مەزمۇنىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى مەتبەئە تېخنىكىسىغا ئائىت ئاتالغۇلار ساقلىنىپ قالغان. ئاندىن، بەزى ئويما بەت باسمىسى نۇسخىسىدىكى ۋەسىقىلەردە ئويما بەت باسمىسىغا ئىگە بولغان پازىللارنىڭ نامۇ-شەرىپى ۋە بېسىشقا قاتناشقان ئويما بەت باسما ئىشچىلىرىنىڭ ئىسىم-ئاتىقى قاتارلىقلار ئېنىق ئويۇپ قالدۇرۇلغان. يەنە بەزى باسما بۇسخىدىكى ۋەسىقىلەردە خەنزۇچە بەت نومۇرى بار. ئۇيغۇرچە ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللار كەمچىل بولغان ئەھۋالدا بۇ ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار مەتبەئە تېخنىكىسىغا ئائىت يازما خاتىرىلەردىن پايدىلىنىپ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئويما

بەت ۋە مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى ئۇستىدە قىياس يۈرگۈزسەك، ئۇيغۇرلاردىكى مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ مۇكەممەل جەريانى نامايان بولىدۇ.

هازىر ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە باسما ۋەسىقىلەرنىڭ ھەممىسى بۇددا نوم-دەستۇرلىرىدۇر، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇدساتۋانىڭ رەسىملىرىمۇ بار. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسى بۇددا دىنى تەرغىباتىدىن ئايرىلالمايدۇ. 7-ئەسىردە بۇددا دىنى ئۇيغۇرلار رايونىغا تارقىلىپ كىرگەندىن تاكى 12-ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلار 500يىللىق بۇددىزىم تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈردى. بۇ دەۋرلەردە زور مىقداردىكى بۇددا نوملىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ ئەمما قولدا كۆچۈرۈش ھەر ساھە بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا نومىغا بولغان ئېھتىياجىنى قامدىيالمىدى.

ئېچكىرىدە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئويما بەت مەتبەئەسىدە بۇددا نوم دەستۇرلىرى، بۇدساتۋانىڭ رەسىملىرى ياكى دەھرىي مەزمۇندىكى كىتابلار كۆپلەپ بېسىلغان. سۇڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئويما بەت مەتبەئەسى تازا روناق تاپقان، دەل شۇچاغدا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىمۇ كەشپ قىلىنىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. مۇشۇ مەزگىللەردە دۇنخۇاڭ ۋە ئىدۇقۇت ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى بىلەن بولغان باردى-كەلدىسى ناھايىتى قويۇق بولغان، ئۇيغۇرلاردىكى بۇددا دىنىمۇ خەنزۇ رايونىدىكى بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مەتبەئە تېخنىكىسى ئارقىلىق بۇددا نوم-دەستۇرلىرى ۋە بۇدساتۋا رەسىملىرىنى زور مىقداردا كۆپەيتىپ بېسىشتەك تەرەققىياتلار ئۇيغۇرلارغا تەسىر قىلماي قالمىغان، دېمەك خەنزۇلار رايونىدىكى مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى ئىدىيىسى ۋە

ھۆنەر-سەنئىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشى تەبئىي ئىدى. بى شىڭ مىخ مەتبەئەنى كەشىپ قىلغاندىن كېيىنكى 100يىللار ئەتراپىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنىسى بولغان تاڭغۇتلارمۇ مىخ مەتبەئەدىن پايدىلىنىشقا باشلاپ، زور مىقداردا بۇددا نوملىرىنى باسقان. تاڭغۇت ئېلىدە نۇرغۇن ئۇيغۇر راھىبلىرى بۇددا دىنى پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، تاڭغۇت ئېلى بۇددىزمىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان، بۇ تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا، بولۇپمۇ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ تارقىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم ئامىل بولغان.

ئۇيغۇرلاردىكى مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ لايىھىلىنىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى مۇۋاپىق تۈرگە ئايرىش ئىدى، مۇشۇنداق بولغاندىلا ھەرپ تىزىش ۋە بەت ياساشقا قولايلىق بولاتتى ھەم ماتېرىيال تېجەپ قالغىلى بولاتتى. تۈۋەندە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن تەھلىل يۈرگۈزىمىز ھەمدە ئۇيغۇرچە باسما نۇسخىدىكى ۋەسىقىلەردە ئۇچرايدىغان مەتبەئە تېخنىكىسىغا ئائىت ئاتالغۇلار تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، يەنە شىن كو بىلەن ۋاڭ جېننىڭ خەنزۇلار رايونىدىكى مىخ مەتبەئەگە ئائىت يازما خاتىرىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە ھۆنەر-سەنئىتى ھەققىدىكى قىياسىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى ياساش ۋە بەت ياساپ بېسىش تېخنىكىسى، ھۆنەر-سەنئىتى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك قىياسلارنى قويۇشقا بولىدۇ:

① ياغاچ ماتېرىياللىرى تاللىنىپ زۆرۈر بولغان بىر تەرەپ قىلىشتىن

ئۆتكۈزۈلگەن. ياغاچ ماتېرىياللىرىغا ئادەتتە شىمالىي جۇڭگو ۋە غەربىي شىمالدا كۆپ ئۆسىدىغان نەشپۈت، چىلان ياغىچى قاتارلىقلار ئىشلىتىلگەن. بۇ ياغاچلار كېسىۋېلىنغاندىن كېيىن شال تىلىنىپ سۇغا بىرەر ئايچە چىلاپ ئاندىن قۇرۇتۇلغان، بۇنداق قىلغاندا يىلىم ئېرىپ قۇرۇغاندىن كېيىن ياغاچ يېرىلىپ كەتمەيدۇ. قۇرۇتۇلغان شالنىڭ ئىككى يۈزى سىلىغدىلىنىپ ئۆسۈملۈك مېيى سۈرتۈلگەن، ئاندىن شال يۈزىگە چىغ سۈركەپ سىلىق، پارقىراق هالەتكە كەلتۈرۈلگەن. ياغاچنىڭ قېلىنلىقى ۋە كەڭلىكى ئىمكانقەدەر ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەم بويىچە پارچىلانغان، قېلىنلىقى ئادەتتە 2.2سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېسىۋېلىنغان.

② خەت ئەۋرىشكىسى ئويۇلغان(Bitmäk). ئۇيغۇرچە هەرپ ياكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار، يەككە سۆز، تىنىش بەلگىلىرى قاتارلىقلار لايىهە تەلىپى بويىچە ئۇستا خەتتات تەرىپىدىن ناهايىتى نېپىز قەغەزگە خەت بىلەن خەتنىڭ ئارىلىقى مەلۇم نىسبەتتە بوش قالدۇرۇپ يېزىلغان، بۇ خەتلەر كوررېكتورلۇقتىن ئۆتكۈزۈلۈپ خاتاسىزلىقى بېكىتىلگەندىن كېيىن تەييارلانغان شال يۈزىگە يىلىم بىلەن چاپلانغان. بۇنداق قىلغاندا قۇرۇغاندىن كېيىن قەغەزنى چوتكىلاپ سىيىۋەتكەندە شال يۈزىدە قەغەزدىكى خەت ئىزى قالغان. تەلتۆكۈس قۇرۇغاندىن كېيىن شال يۈزىدە تەتۈر خەت ئىزى ناهايىتى ئېنىق كۆرۈنگەن، ئاندىن ئويمىكارلار ئاشۇ خەتنى ئويۇپ ئويما بەت ياسىغان.

③ بەت ئويۇش(Oydurmaq). بەت ئويۇشتىن مەقسەت شۇكى، ئويۇلىدىغان بەتكە تەييارلانغان شالنىڭ بوش يەرلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، خەت بار يېرىنى ئېلىپ قېلىپ، خەتنى 1.5مىللىمېتىر كۆپنىكى هالەتكە كەلتۈرۈپ تەتۈر ئويۇلغان خەتنى گەۋدىلەندۈرۈشتۇر. مىخ مەتبەئەنىڭ ئويۇلۇشمۇ ئويما

مەتبەئەنىڭ ئويۇلۇشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. خەنزۇلار رايونىدىكى ئويما بەت تەجرىبىسىگە ئاساسەن، ئويۇشتىن ئىلگىرى خەتنىڭ ئەتراپىدىكى جايلىرى ئويۇپ چىقىرىۋېتىلىدۇ، بۇنىڭدا ئىشلىتىلىدىغان پىچاق «پىچاق قاپارتمىسى» دېيىلىدۇ. پىچاق قاپارتمىسىنى چىقىرىشتا پىچاق ئوڭ قولدا تۇتۇلۇپ، سول قولنىڭ باش بارمىقى بىلەن تىرەپ تۇرۇپ پىچاقنى ئىچ تەرەپكە كۆچەپ قىرىدۇ. ئاندىن خەت ئىزىنىڭ ئەتراپى ئويۇلۇپ، خەتنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى سىزىق چىقىرىلىدۇ. ئويغاندا ئاۋال تۈز سىزىق ئويۇۋېلىنىدۇ، ئاندىن ئوخشاشمىغان نۇقتىدىن ئالدى بىلەن سولدىن باشلاپ يېرىم چەمبەر، ياي، تىك، ئىلمەك، چىش شەكىل، چېكىت قاتارلىقلار ئويۇلىدۇ، ئاندىن پىچاق قاپارتمىسى ئەتراپىدىكى ئويۇلغان سىزىق بىلەن تەبئىي شەكىللەنگەن سىزىق ئارىلىقىدىكى بوش ياغاچ ئورنى سىلىقدىلىنىدۇ، بۇ باسقۇچ «پىچاق يونۇمىسى» دېيىلىدۇ. خەت ئويغاندا پىچاق بىسىنى تىك قىلئۇېلىشقا بولمايدۇ، بولمىسا خەت يۈزى نېپىز بولغاچقا پۈچۈلىنىپ كېتىدۇ، پىچاق بىسى بەك تۈز بولۇپ كەتسە خەت بېسىلغاندا ئوچۇق چىقمايدۇ، قاپارتما چىقارغاندا پىچاقنى تۈزمۇ ئەمەس، تىكمۇ ئەمەس تۇتۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا سىزىقنىڭ ياي گرادۇسى شوتىسىمان چىقىدۇ. خەت سىزىقى سىزىلىپ بولغاندىن كېيىن ئارتۇقچە بوش قالغان جايلار ئېلىۋېتىلىدۇ. ئاۋال يۇمۇلاق ئۇچلۇق ئىسكىنىنىڭ تۇتقۇچىغا توقماق بىلەن يېنىك ئۇرۇپ بەت يۈزىدىكى خەت يوق بوش ئورۇن ئېلىۋېتىلىدۇ، ئاندىن تۈز ئۇچلۇق ئىسكىنە ياكى قەلەمتىراچ بىلەنتەكشىلىنىدۇ، بۇ «تۆشۈك ئېچىش» ياكى «تۆشۈك ئويۇش»دېيىلىدۇ، بەت يۈزىدىكى كېپەك ۋە قەغەزلەر سۇ بىلەن يۇيۇۋېتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى ئويۇش تاماملانغان بولىدۇ.

④ مخ مەتبەئە ھەرپلىرنى ھەردەش. ئويۇش تامامىلانغان تاختايدىكى مخ مەتبەئە ھەرپلىرى كىچىك ھەرە بىلەن ھەر بىر ھەرپنىڭ كەڭلىكى 1.3سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى2.2سانتىمېتىر چوڭلۇقتا كېسىۋېلىنىدۇ. ئاندىن ھەرپنىڭ ئەتراپى ئىكەگدەپ سىلىقلىنىپ، ھەربىر ھەرپنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش قىلىنىپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلىدۇ.

⑤ مخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ تۈرى. ئاۋال كىچىك كاتەكچىلەرگە بۆلۈنگەن ئىشكاپ تەييارلىنىپ مخ مەتبەئە ھەرپلىرى قويۇلىدۇ. يەنى پۈتتۈرۈلگەن مخ مەتبەئە ھەرپلىرى سۆز، پېئىل تۈپ سۆزلىرى، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار، بوغۇم بىرىكمىلىرى، تاۋۇش بۆلەكلىرى، ستون ئايرىش سىزىقلىرى(كونچۇك)، بەلگىلەر، قوشۇمچە بەلگىلەر قاتارلىقلار تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. يەنە يەككە سۆزلەر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇلىدۇ؛ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى ئۇلانمىلار ۋە گرامماتىكىلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئاندىن سۆز ياسىغۇچى ئۇلانمىلار ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتكە تىزىلىدۇ، گرامماتىكىلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلار، كېلىش قوشۇمچىلىرى تەركىبى(سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار) قاتارلىقلار بويىچە تۈرگە ئايرىلىدۇ، ھەربىر تۈردىكىلىرى يەنە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتكە تىزىلىپ ئاندىن تەييارلانغان ئىشكابقا رەتلىك تىزىلىدۇ. بۇنداق ئىشكابتىن بىربەچچىسى تەييارلىنىپ، يەككە سۆز، پېئىل تۈپ سۆزى، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئايرىم-ئايرىم قويۇلىدۇ ھەمدە ھەربىر كاتەكچىگە مخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ مەزمۇنى ئەسكەرتىپ قويۇلىدۇ.

⑥ ھەرپ تىزىپ بەت ياساش. ئاۋال مۇۋاپىق ئۆلچەمدە ئوقۇرسىمان بەت تاختىسى ياسىلىدۇ، بۇ ئوقۇرسىمان بەت تاختىسىنىڭ ئېگىزلىكى مخ مەتبەئە

ھەرپى قويۇلىدىغان ئىشكابتىن پەس بولىدۇ. ئوقۇرسىمان بەت تاختىسى ئىچ ئېغىزنىڭ ئۆلچىمى بېسىلىدىغان كىتاب فورماتىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. كىتاب تېكىستىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن مىخ مەتبەئە ھەرپى ئوقۇرسىمان بەت تاختىسى ئىچىگە قويۇلىدۇ، دائىم ئۇچرايدىغان يەككە سۆزلەرنىڭ مىخ مەتبەئە ھەرپى تەييار بولىدۇ، دائىم ئۇچرىمايدىغان سۆزلەر ئۇچراپ قالغىدەك بولسا تۈپ سۆز، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ياكى بوغۇم بىرلىك قىلىنغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىدىن سۆز قۇراشتۇرۇلىدۇ، تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسەن مۇكەممەل مەناغا ئىگە جۈمىلەر تىزىلىدۇ. يەنە ئېھتىياجغا ئاساسەن، تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق جۈملە توختىتىلىدۇ ياكى ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ. بەت رامكىلىرىمۇ ئۆزىنىڭ كېلىدىغان ئورنىغا قاراپ قويۇلىدۇ. بەت مەركىزىدىكى ئاق قالدۇرۇلىدىغان ئورۇنغىمۇ بوشلۇق تولدۇرۇلىدىغان تاختا قويۇلىدۇ. بىر بەت تىزىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن قىسقۇچلار بىلەن بەت يۈزى قىسىپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن بېسىش مەشغۇلاتى باشلىنىدۇ.

⑦ ياقتۇرۇش(Yaqturmaq)[چوتكىلاپ بېسىش]. بەت تاختىسى ئىش شىرەسىگە مۇقىملىنىپ قويۇلىدۇ، باسما ئىشچىسى سىياھ چوتكىسىنى سىياھقا بوشراق مىلەپ مىخ مەتبەئە بەت تاختىسى يۈزىگە سۈرتىدۇ، ئاندىن ئاق قەغەزنى بەت يۈزىگە يايىدۇ ھەمدە ئۇزۇن چوتكا بىلەن قەغەز ئۈستىدىن يېنىك بېسىپ ئاخىردا بېسىلىپ بولغان قەغەزنى بەت يۈزىدىن ئالىدۇ، بۇ چاغدا بېسىلغان تېكىست ئوڭ كۆرۈنىدۇ. بۇ ھالقىدىن كېيىن تۇنجى بېسىلغان بۇ تېكىست كوررېكتور تەرىپىدىن ئەسلى ئورىگىنال بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ، ناۋادا ئەسلى ئورىگىنالدىكى ھەرپ ياكى سۆز بىلەن ماس كەلمىسە ئالماشتۇرۇلۇپ قايتا

تۆزىتىلىدۇ، مۇشۇنداق قايتا-قايتا كورىرېكتورلىقنى قىلىش ئارقىلىق خاتاسىز نۇسخىسى چىققاندا ئاندىن رەسمىي كۆپ مىقداردا بېسىپ چىقىرىلىدۇ.

⑧ بەتنى چۈۋۈپ مىخ مەتبەئەنى تۈرى بويىچە قويۇش. مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ سانى چەكلىك بولغاچقا بىر بەت بېسىلىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال بەت چۈۋۈلىدۇ ھەمدە مىخ مەتبەئە ھەرپى يەنە كېيىنكى قېتىم تىزىپ بەت ياساشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن تۈرى بويىچە ئىشكابقا قويۇلىدۇ.

## 2. ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپىدە سىناق قىلىپ بېسىلغان ئۇيغۇرچە ئەمەلىي مىسال

ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئە ھەرپى ئىجاد قىلىشتىكى مۇددىئاسى زور مىقداردا بۇددا نوملىرىنى بېسىپ، بۇددا تەلىماتى ۋە ئەقىدىلىرىنى كەڭ تۈردە تارقىتىشتىن ئىبارەت. ھازىر ساقلىنىۋاتقان 1000غا يېقىن ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپى ئەينى يىللىرى باسمىچىلىقتا ئىشلەتكەن پۈتۈن يۈرۈشلۈك مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق بوران-چاپقۇن ۋە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن كېيىن ئامان قالغان ئازغىنە بىر قىسمىدىن ئىبارەت. ھازىر ساقلىنىۋاتقان بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپىدە بىز ئۇيغۇرچە مۇكەممەل بولغان بىر يۈرۈش بۇددا نومى بېسىشقا ئامالسىزمىز. شۇنداقتىمۇ، پېقىر(مۇشۇ كىتابنىڭ ئاپتورى) تەتقىقات داۋامىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىدە يەنىلا مۇكەممەل مەناغا ئىگە سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە تىزىپ چىقىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىدىم، مانا بۇلار ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى ۋە مۇۋاپىقلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تۆۋەندە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىدە تىزىپ

بىسلغان قسمەن ئۇيغۇرچە سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىدىن مسال كەلتۈرىمىز(ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپى باسمىسىنىڭ ئۇڭ تەرىپىدىكىترناق ئىچىگە ئېلىنغان سان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىگە سىلىنغان نومۇر):

(ئايرىم يېزىلدۇ)

مىخ مەتبەئە ھەرپى باسمىسىنىڭ لاتىنچە يېزىلىشى ۋە تەرجىمىسى:

① ät´oz nträ¡- ät´oz-¡ntä < ((ئۇنىڭ تېنىدە (207 ) (457)

② burhan -lar burhan-lar< (بۇدساتۋالار[بۇرھانلار] )

(59 ) (500)

③ nomla- -sar nomnomlasar<nom (نوم نوملايدىغان بولسا )

(101) (103) (503)

④

burhan -lar- -nïng ädgü -lärin

(saq- (59) (499) (514) (196) 476) (1

qil- -di -ï -n- -ïp buši-

(406) (37) (138) (456)

.saq- ï-n- ïp, buši- qil- di burhan-lar-ning ädgü-lärin

(بۇرھانلارنىڭ بۇيۇكلەرىنى سىغىنىپ ساخاۋەت قىلدى.

## ئىككىنچى باب

## جۇڭگومىخ مەتبەئەتىپخىنىكىسىنىڭ شەرققە ۋە غەربكە تارقىلىشى

## بىرىنچى پاراگراف

## مىخ مەتبە تېخنىكىسىنىڭ چاۋشيەنگە تارقىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

### 1.چاۋشيەننىڭ مەدەنىيىتى ۋە تارىخى

شەرقىي ئاسىيا رايونىدىكى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىمۇ مەتبەئەچىلىك خېلى بۇرۇن تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ بىرى. جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتە چاۋشيەن ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى بىر يېرىم ئارال، دېڭىز قىرغاقلىرىدا مىڭلىغان چوڭ-كىچىك ئاراللار بار. يېرىم ئارالنىڭ غەربى سېرىق دېڭىز(خۇاڭخەي دېڭىزى)، شەرقى ياپون دېڭىزى، جەنۇب تەرىپى ياپونىيە بىلەن چاۋشيەن دېڭىز قىرغىقى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۆلكىلىرى چاۋشيەننىڭ شىمالىدىكى يالۇجياڭ دەرياسى ۋە تۇمېنجياڭ دەرياسى ئارقىلىق چېگرىلىنىدۇ.

چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئاھالىلىرى شىمالدىكى قۇرۇقلۇقتىن كۆچۈپ بارغان موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە خەلق. ئۇلار يېڭى تاش قورال دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن، مىلادىدىن بىرقانچە ئەسىر بۇرۇن برونزا دەۋرىگە(مىس قوراللار دەۋرى) قەدەم قويغان، كېيىنچەرەك تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە كىرگەن. مېتال بۇيۇملار دەسلەپتە جۇڭگولۇق كۆچمەنلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان. قېزىۋېلىنغان مىس قىلىچ، مىس كۆرگۈ، مىس يارماقلارنىڭ كۆپىنچىلىرى جۇڭگودا ياسالغان. ھەرقايسى جايلاردىن جۇڭگونىڭ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى مېتال پۇللار بايقالغان. سەل كېيىنچەرەك چاۋشيەننىڭ ئۆزگىچە

برونزا مەدەنىيىتىمۇ تەرەققىي قىلغان. گەرچە تۆمۈر پالتا، تۆمۈربازغان، تۆمۈر گۈرجەك قاتارلىق تۆمۈر قوراللار بايقالغان بولسىمۇ ئەمما سانى كۆپ ئەمەس.

مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە، چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدا كورىيان، ماخەن، چېنخەن، بيەنخەن قاتارلىق قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە كورىيانلار ھەممىدىن ئىلغار ئىدى. مىلادى 4-ئەسىردىن 7-ئەسىرگىچە كورىيان، بەيجى(پېكچى)، شىنلودىن(سىللادىن) ئىبارەت ئۈچ بەگلىك بىللە مەۋجۇد بولغان.

بۇ ئۈچ بەگلىك ئىچىدە كورىيانلارنىڭ مەدەنىيىتى بىرقەدەر بالدۇر تەرەققىي قىلغان، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگىمۇ خېلى بەك ئۇچرىغان. كوڭ زى تەلىماتىمۇ كورىيانلارغا خېلى بۇرۇن كىرگەن. 4-ئەسىردە كورىيان ھۆكۈمىتى خانلىق بىلىم يۇرتى تەسىس قىلىپ كوڭ زى تەلىماتى دەستۇرلىرىنى مۇتالىئە قىلغان. مىلادى 372-يىلى بۇددا دىنى جۇڭگودىن تارقىلىپ كىرگەن، ئۇزاق ئۆتمەي ئىبادەتخانىلار سېلىنغان، راھىبلار ئارقا-ئارقىدىن جۇڭگوغا كېلىپ بۇددا نومى ۋە بۇددساتۋانىڭ رەسىمىنى ئېلىپ كەتكەن. بەيجى بەگلىكىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى كورىيان بەگلىكىدىن سەل كېيىن كۆتۈرۈلگەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مىلادى 384-يىلى راھىب مارانانتا شەرقىي جىن سۇلالىسىدىن بەيجى بەگلىكىگە كېلىپ پادىشاھنىڭ ئىززەت-ئىكرامىغا ئېرىشكەن، بۇ دەل بۇددا دىنى بەيجى بەگلىكىگە تارقالغان چاغ ئىدى. بەيجى بەگلىكىنىڭ جۇڭگونىڭ جەنۇبىي سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان، ئۆزئارا ئەلچىلەر ئەۋەتىشىشكەن، جەنۇبىي سۇلالىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىمۇ كۆپلەپ بەيجى بەگلىكىگە كىرگەن. بەيجى مەدەنىيىتى ياپونىيە مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن، تەخمىنەن مىلادى

4ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بەيجى بەگلىكىنىڭ ئۆلىماسى ۋاڭ رېن خەنزۇچە كىتابلارنى ياپونىيەگە ئېلىپ كىرىپ، ياپونىيە شاھزادىسىنىڭ ئۇستازى بولغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياپونىيە خەنزۇ خەتنى ئۆگىنىشكە ۋە ئىشلىتىشكە باشلىغان.

شىنلو بەگلىكىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىرقەدەر كېيىن بولغان، 5ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇددا دىنى كورىيان بەگلىكىدىن شىنلو بەگلىكىگە تارقىلىپ كىرگەن، دەسلەپتە پۇقرالار ئارىسىدا تارقىلىپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىغان، كېيىنچە ھۆكۈمرانلارمۇ بۇدداغا بەيئەت قىلىشقا باشلىغان، چىڭجۇ ئايمىقىدا نۇرغۇن بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە بۇددا مۇنارلىرى قۇرۇلغان، 6ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى بۇددا دىنىنىڭ شىنلو بەگلىكىدە تازا روناق تاپقان مەزگىلى بولۇپ، راھىبلارنىڭ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولغان. مىلادى574ـ يىلى چىڭجۇ ئايمىقىنىڭ خۇاڭلوڭ ئىبادەتخانىسىدا 6 گەز ئېگىزلىكتە مىس بۇت قۇيۇلغان. بۇ چاغدا شىنلو بەگلىكى تارىخنامىلەرنى تۈزۈشكە باشلىغان.

چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىكى ئۈچ بەگلىك زالىم بەگلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈك تالىشىشى 6ـ،7ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىققان، مىلادى 660ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى بىلەن شىنلو بەگلىكىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى بەيجى بەگلىكىنى تار-مار قىلدى، 668ـ يىلى يەنە كورىيان بەگلىكىنى يوقاتتى، نەتىجىدە بۇ يېرىم ئارالدا ئۈچ پادشاھ بىللە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش دەۋرىگە خاتىمە بېرىلىپ، تاڭ پەرەست شىنلو بەگلىكى يېرىم ئارالنى بىرلىككە كەلتۈردى. 9ـ ئەسىردىن كېيىن شىنلو ھاكىمىيىتى زاۋاللىققا يۈزلەندى. مىلادى 918ـ يىلى فېئودال ئاقسۆڭەك ۋاڭ جيەن بەرپا قىلغان كورىيە ھاكىمىيىتى

گۈللىنىشكە يۈزلىنىپ كەيجىك(هازىرقى كەيچېك) نى ئاستانە قىلىپ، تارىختا كورىيە سۇلالىسى ، دەپ ئاتالدى، مىلادى 935-يىلى چاۋشيەن يېرىم ئارىلى كورىيە پادشاھلىقى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. كورىيە ھاكىمىيتى جۇڭگونىڭ بەش دەۋر، سۇڭ، لياۋ، جىن ۋە يۈەن سۇلالىرى بىلەن تەڭ مەۋجۇد بولۇپ، بۇ سۇلالە ھاكىمىيتى بىلەن دوستانە ئالاقىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلدى.

مىلادى 1392-يىلى بۈيۈك سانغۇن لى چېڭگۈي (مىلادى 1335-يىلى تۇغۇلۇپ 1408-يىلى ئۆلگەن) كورىيە ھاكىمىيتىنى ئاغدۇرۇپ، دۆلەت نامىنى چاۋشيەن(1392-يىلىدىن 1910-يىلىغىچە مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان لى سۇلالىسى) دەپ ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى پادشاھ ، دەپ جاكارلىدى ھەمدە سەلتەنەت نامىنى تەيزۇ، دەپ بېكىتتى.

چاۋشيەن ئېلىمىزنىڭ يېقىن جوشنىسى بولۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ دوستانە ئالاقىسى ناھايىتى قەدىم دەۋرلەردىن باشلانغان، ئىككى ئەل خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشمۇ ناھايىتى چوڭقۇر ئاساقا ئىگە، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ چاۋشيەن مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور. ئىككى دۆلەتنىڭ قۇرۇقلۇق قاتنىشى بەك قولايلىق، دېڭىز قاتنىشىمۇ جۇڭگونىڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ دېڭجۇدىن چاۋشيەن يېرىم ئارىلىغىچە بولغان دېڭىز يولى ناھايىتى قىسقا، قەدىمدىنلا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا دېڭىز قاتنىشى ئېچىلغان، خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى دېڭىز يولى بىلەن بېرىپ-كېلىپ تۇرغان.

لياڭ ۋۇدى زاماندا(مىلادى530-يىلىدىن 548-يىلىغىچە) لۇشۇ چاۋشيەنگە بېرىپ بۇددا تەلىماتىدىن تەلىم بەرگەن، لياڭ سۇلالىسىنىڭ ھۈنەرۋەن، كاسىپلىرى، رەسساملىرىمۇ بۇ دۆلەتكە تەكلىپ بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. تاڭ

سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا چاۋشيەن راھىب ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنى جۇڭگوغا ئەۋەتىشكە باشلىغان، مانا شۇلار ئىككى دۆلەت مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرۇش، جۇڭگو مەدەنىيىتىنى تارقىتىش ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇلار جۇڭگونىڭ قەغەز ياساش، سىياھ ياساش ۋە مەتبەئە تېخنىكىسىنى نەق مەيداندا ئۆزكۆزى بىلەن كۆرۈپ، دۆلىتىگە قايتقاندا جۇڭگودىن نۇرغۇن كىتابلارنى بىللە ئېلىپ قايتقان، بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنى نوملىرىنىڭ نۇرغۇن باسما نۇسخىلىرى بار ئىدى. 20-ئەسىر كىرىشى بىلەنلا چاۋشيەنىنىڭ قەدىمىي لاڭلي خارابىلىكىدىن نۇرغۇن يىپەك، مىس قورال، تاش قورال ۋە سىرلانغان ساپال بۇيۇملارقاتارلىق قەدىمىي يادىكارلىقلار تېپىلدى، تەتقىقاتتا قارىغاندا بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇگودىن ئېلىپ كېلىنگەن ئىكەن. 1960-يىلى يېرىم ئارالنىڭ شىمالىدىكى كورىيە دەۋرىنىڭ قەدىمىي خارابىلىكىدىن كەندىر قەغىزى تېپىلدى، قەغەز ئاق ھەم قېلىن ئىدى.بەيجى ۋە شىنلو گەرچە جۇڭگو بىلەن قۇرۇقلۇقتىن تۇتاشمىسمۇ ئەمما دېڭىز يولى ناھايىتى راۋان بولۇپ، ئارالدا نۇرغۇن جۇڭگولۇق كۆچمەنلەر بار ئىدى. بۇ ئىككى جايدا قەغەزنىڭ ياسىلىشقا باشلىغان ۋاقتىمۇ ئانچە كېيىن ئەمەس ئىدى.شىنلو بەگلىكىنىڭ مەركىزى جىنجېك قەغەز ياساش بىلەن مەشھۇر بولغان، شىنلو دەۋرىگە ئائىت قەدىمقى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان سىرلانغان جەسەت ساندۇقىنىڭ ياغاچ بىلەن سىر قېتىغا قەغەز ئىشلىتىلگەنلىكى بايقالدى(91).

تاڭ سۇلالىسىدىن ئېتىبارەن شىنلو بەگلىكى زور بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلىرىنى ۋە راھىبلىرىنى جۇڭگوغا ئەۋەتكەن. شىنلو ھۆكۈمرانى ئىخلاسمەن بۇددىست بولغاچقا بۇددا دىنى تەرغىباتىنى تەشەببۇس قىلغان، راھىب يى شياڭ(مىلادى 625-يىلىدىن 702-يىلىغىچە ياشىغان) تاڭ سۇلالىسىگە كېلىپ «ئاۋاتاماساكا

سۇترا»نى تەتقىق قىلغان، كېيىنچە ئۇ چاۋشىيەندىكى «ئاۋاتامساكا سۇترا»سىنىڭ پېشۋاسى بولۇپ قالغان. راھىب كالان خۇي چاۋ تاڭ سۇلالىسىدە ئوقۇپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن جۇڭگودىن جەنۇبىي دېڭىز ئارقىلىق ھىندىستانغا نوم ئالغىلى بارغان ھەمدە بۇددا ئەللىرىدە 8يىل ساياھەتتە بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق پامىرنىڭ شىمالىدىكى ئەللەرگە بارغان، مىلادى 727-يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسى چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ۋۇتەيشەن تېغىدا ئىستىقامەتتە ئۆتكۈزگەن، «ئەنەتكەك ئېلىگە سەپەر ھەققىدە قىسسە» نى يېزىپ، نوم ئېلىپ كېلىش جەريانى ۋە سەپەر داۋامىدا بارغان ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەھۋالىنى خاتىرىلىگەن، بۇ قەدىمقى ھىندىستاننى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيالدۇر. شىنلونىڭ ئىبادەتخانە بىناكارلىقى، بۇددا سەنئىتى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. بولۇپمۇ ئىلمىي نۇجۇم(ئاسترونومىيە) جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان، مىلادى 7-ئەسىرنىڭ بېشىدا چىگجۇ ئايمىقىدا يۇلتۇز كۆزىتىش سۇپىسى ياسالغان؛ 8-ئەسىردىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاسترونومىيە جەھەتتىكى تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ كۆزىتىش ئەسۋابى ياسىغان ھەمدە مەيسۇس تەتقىقات ئاپپاراتى تەسىس قىلغان.

خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مىلادى 610-يىلىدىن بۇرۇن چاۋشىيەندە قەغەز ياسىلىشقا باشلىغان، قەغەز ئىشلەش خام ئەشيالىرى، ئەسۋابلىرى ۋە تېخنىكىسىنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭكىگە ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، خام ئەشيالىرى كەندىر، پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر، ئۈژمە قوۋزىقى، بامبۇك، شال پاخلى، دېڭىز مۇخلىرى بولغان. بولۇپمۇ بروئۇسسونتسىيە (بىرخىل ئۆسۈملۈك) كۆپرەك ئىشلىتىلگەن. بروئۇسسونتسىيە شەرقىي ئاسىيادا قەغەز ياساشتىكى

ئاساسلىق خام ئەشيالارنىڭ بىرى بولغا، بروئۇسسونىتسىيە قوۋزىقىدىن قەغەز ئىشلىگەندە بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ قوۋزىقىدىن تالا چىقىرىلىپ قايىنتىلغان ھەمدە ئاپتاپقا سېلىپ ئاقارتىلغان، بوتقىسىمان قەغەز دورىسى سېلىنغان، بۇ جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى قەغەز ياساش تېخنىكىسى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغان(92). بۇنىڭدىن باشقا قەغەز ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان قەغەز قېلىپىنى ياساش ئۇسۇلى ۋە بۇ قېلىپنىڭ قۇرۇلمىسى جۇڭگونىڭكى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش بولغان. سۈي-تاڭ دەۋرىدە جۇڭگونىڭ قەغەز ئىشلەپچىقىرىشى زور كۆچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان، دېمەك بۇ چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىكى بروئۇسسونىتسىيە قەغىزى ئىشلەپ چىقىرىشقا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىغان. 755-يىلى شىنلودا بروئۇسسونىتسىيە قەغىزى ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى ھەققىدە يازما خاتىرىلەرلا ئەمەس بەلكى ماددىي پاكىتمۇ ساقلىنىپ قالغان(93). كورىيە بەگلىكىنىڭ بروئۇسسونىتسىيە قەغىزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى شىنلودىن بۇرۇن، بۇنى ياپونىيە تارىخ ماتېرىياللىرىدىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. ياپونىيە نەيالاڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن شاھزادە شېرېن (مىلادى 676-يىلدىن 735-يىلغىچە ياشىغان) ئۆزىنىڭ«ياپونىيە تەزكىرىسى» (مىلادى 720-يىلى يېزىلغان) نىڭ 22-جىلدى«ساموراي تۈيگۈنىڭ تەرجىمھالى» دا «18-يىلى (610-يىلى) باھاردا (3-ئايدا) كورىيە راھىب كالان تەن خۈي، فادىڭنى ھەدىيە قىلدى. تەن خۈي‹بەش نامە› گە پىششىق زات ئىدى ھەمدە رەڭ-سىياھ ياساش ماھىرى ئىدى»(94) دەپ يازغان. بۇ يازما مەنبەنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، كورىيە شىنلودىن بۇرۇن بروئۇسسونىتسىيە قەغىزى ئىشلەپچىقارغانلىقى ئايان بولىدۇ. تەن خۈينىڭ ھەم كۆك زى تەلىماتىغا ھەم تېخنىكىغا پىششىق بولغان ئارقا كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ كورىيەدىكى

خەنزۇ بولۇش ئېھتىماللىقى بار، ئۇ ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ياپونىيەگە كۆچۈپ بارغان، بۇ چاغ شىتوكۇ شاھزادىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ، بۇ چاغدا ياپونىيەنىڭ پەن-مەدەنىيەت ئىشلىرى تازا گۈللەنگەن. تەن خۇي ئېلىپ بارغان تېخنىكا ۋە بىلىم جارى قىلدۇرۇلۇپ، بروئۇسسونتسىيە قەغىزى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىمۇ چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىن ياپونىيەگە تارقالغان.

كورىيە دەۋرىدە قەغەز ياساش كەسپى ئىلگىرىكىدىن كۆپ تەرەققىي قىلغان ۋە سۈپىتىمۇ ياخشىلانغان. كورىيە قەغىزىنىڭ جۇڭگودىكى ئىناۋىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولغان، يۇقىرىسى پادىشاھ جەمەتىگىچە، تۆۋىنى جەمئىيەتتىكى ئالىم-ئۆلىمالارغىچە كورىيە قەغىزىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»487-جىلدىنىڭ «كورىيە تەزكىرىسى» دە كورىيەنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى يېزىلغاندا كورىيەدە ئىشلەنگەن ئاق بروئۇسسونتسىيە قەغىزى، سىرىق قەغەز، ئالتۇن ھەل قەغىزى، كۆك قەغەز قاتارلىقلارنىڭ «ئولپانلىق» سۈپىتىدە جۇڭگوغا كىرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. مەشھۇر خەتتاتلاردىن خۇاڭ تىڭجيەن(مىلادى 1042-يىلىدىن 1105-يىلىغىچە ياشىغان) بىلەن جىن جاڭزۇڭ (مىلادى 1168-يىلىدىن 1208-يىلىغىچە ياشىغان) قاتارلىقلار كورىيە قەغىزىنى خەت يېزىشقا ئىشلەتكەن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر خەتتات، رەسسام دۇڭ چىچاڭ(مىلادى 1555-يىلىدىن 1636-يىلىغىچە ياشىغان) مۇ چاۋشيەن قەغىزىنى بەك ياخشى كۆرۈپ ئىشلەتكەن.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئانالىز قىلىشىچە، چاۋشيەن دەۋرىدە ئىشلەنگەن قەغەز ئادەتتە جۇڭگونىڭ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىشلەنگەن قەغەزدىن

ئىككى ھەسسە قىلىن بولۇپ، كۆپىنچىسى ئۇژمە قوۋزىقىدا ياسالغان قەغەز ئىكەن، بۇنداق قەغەزنىڭ تالاسى ئۇزۇن بولۇپ تالاسى ئىنچىكە ، نەفىس ، چىرۇك كەلگەن جۇڭگو قەغىزىگە ئوخشىمايدىكەن، قارىماققا قوپاللىراق كۆرۈنگىنى بىلەن سۈپىتى، چىداملىقلىقى خېلىلا ياخشىكەن، ئەمما جۇڭگو قەغىزىدەك نەملىككە بەرداشلىق بېرەلمەيدىكەن. جۇڭگو قەغىزى كۆپىنچە ئىنچىكە بامبۇكتىن ئىشلەنگەن بولۇپ، تالالىرىنىڭ ئارىلىقى تەكشى بولمايدىكەن. چاۋشيەن قەغىزىنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكى ئۈچ بەگلىك دەۋرى، شىنلو سۇلالىسى ۋە كورىيە سۇلالىسى دەۋرىدىن تەدرىجىي تەرەققىيات تەجرىبىسى جۇغلىنىش ئارقىلىق سۈپىتى ئۆستۈرۈلگەن، ئەمما ئۇنىڭ تېخنىكا مەنبەسى يەنىلا جۇڭگونىڭ ۋېي، جىن، جەنۇب، شىمال سۇلالىلەر دەۋرىدىكى شىمالىي جۇڭگونىڭ كەندىر قەغىزى(سامان قەغىزى) تېخنىكىسى بولۇپ، بۇ تېخنىكا چاۋشيەنىنىڭ يەرلىك قەغەز ياساش خام ئەشيالىرىنىڭ شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇنلا جۇڭگونىڭ سىياھ ئىشلەش ھۈنەر-سەنئىتىمۇ چاۋشيەنگە يېتىپ بارغان، چاۋشيەن ئۆزىنىڭ سۈپەتلىك سىياھسىنى ئىشلەپچىقىرىپ دائىم جۇڭگونىڭ پادشاھ ئوردىسىغا سوۋغاتلىق سۈپىتىدە ئەۋەتىپ تۇرغان. سىياھنىڭ ئىسمى ئەشياسىغا قىرى قارىغاي شېخىنىڭ كۆيىسى بىلەن بۇغا مۈڭگۈزىدىن ئېلىنغان ئالاھىدە يېلىم ئىشلىتىلگەن بولۇپ، قارىماققا پارقىراق سىردەك كۆركەم تۈيغۇ بەرگەن. مىس مىخ مەتبەئە ھەرپى ئىشلىتىلىدىغان بولغاندا چاۋشيەنلىك ئۇستىلار ئالىي دەرىجىلىك مايىنى سىياھقا تەڭشەپ، سىياھنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ياخشىلىغان(95).

چاۋشيەن تىلىدا يېزىق ئىجاد قىلىنىشتىن بۇرۇن ناھايىتى ئۇزاق زامانلارغىچە

خەنزۇ يېزىقى چاۋشيەن تىلىنىڭ يېزىق شەكلى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن، كېيىنچە خەنزۇچە خەتنىڭ تاۋۇشى بىلەن مەناسىدىن پايدىلىنىپ چاۋشيەن تىلىنى خاتىرىلەيدىغان يېزىق شەكلىنى ئىجاد قىلغان، بۇ «لىدۇ»يەنى «ئەمەلدارلار ئوقۇشلۇقى» دەپ ئاتالغان. چاۋشيەن مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇھىم ئۆزگىرىش — چاۋشيەن تىلى يېزىق شەكلىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. مىلادى 1444-يىلى 1-ئايدا، چاۋشيەن پادىشاھىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە خەنزۇ تىلى فونېتىكىسىغا ۋە موڭغۇل تىلى قاتارلىق تىللارغا پىششىق ئالىم-ئۆلىمالار چاۋشيەن تىلىنى توغرا خاتىرىلىيەلەيدىغان فونېمىلىق يېزىق بولغان«ئاۋامنى تەربىيىلەيدىغان ئۆلچەملىك تەلەپپۇز»نى ئىجاد قىلدى ھەمدە مىلادى 1446-يىلى (شىزوڭ سەلتەنەتىنىڭ 28-يىلى) رەسمىي ئومۇملاشتۇرۇشنى جاكارلىدى. ئەينى دەۋردە چاۋشيەن ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن زىيالىيلار خەنزۇ يېزىقىنى بەك ئەتىۋارلايتتى، شۇڭا ئۇلار «ئاۋامنى تەربىيىلەيدىغان ئۆلچەملىك تەلەپپۇز»نى «پۇقرالار يېزىقى» ، دەپ ئاتاشتى، بۇ دېگەنلىك ئاۋام ئارىسىدا ئاقىدىغان يېزىق، دېگەنلىكتۇر. «ئاۋامنى تەربىيىلەيدىغان ئۆلچەملىك تەلەپپۇز» ھەم چاۋشيەننىڭ يېزىق لايىھىسى ھەم چاۋشيەن يېزىقى بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا بۇ يېزىقتا جەمئىي 11 سوزۇق تاۋۇش، 28 ئۈزۈك تاۋۇش بولغان. خەنزۇ يېزىقىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، چاۋشيەن يېزىقى بوغۇم بىرلىك قىلىنغان چاسا خەت بولغان. چاۋشيەن يېزىقى چوڭ-كىچىك دەپ ئايرىلمايدۇ، تۈز خەت شەكلى بىلەن ئىلمەپ يېزىلىش شەكلى، يازما شەكلى بىلەن باسما شەكلىنىڭ پەرقى چوڭ ئەمەس. بۇ يېزىق ئىجاد قىلىنغان ئەينى دەۋردە چاۋشيەنگە خەنزۇچە خەتنىڭ تەسىرى بەك كۈچلۈك بولغاچقا يازغاندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە، ئوڭدىن سولغا يېزىلغان(96).

## 2.چاۋشيەننىڭ ئويما بەت مەتبەئەسى

جۇڭگونىڭ ئويما بەت مەتبەئە بۇيۇملىرى ۋە تېخنىكىسى ناھايىتى بۇرۇنلا چاۋشيەنگە كىرگەن. چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدا ئەڭ بۇرۇن بېسىلغان ئويما بەت مەتبەئە بۇيۇمى كورىيە مۇزۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 10-يىلى (مىلادى 1007-يىلى) چىڭجۇ ئايمىقى ( بۈگۈنكى كورىيە زېمىنىدىكى جۇڭچىڭ بېيداۋ تەۋەسىدە) نىڭ زۇڭچىسى ئىبادەتخانىسىدىكى راھىبكالان خۇڭجې رىياسەتچىلىكىدە بېسىلغان بىر جىلدلىق يۆگىمە شەكىللىك«تاناگاتانىڭ يوشۇرۇن كۆڭلىدىن چىققان ئالتۇن جىيەكلىك شەرىزە قۇتىسىغا يېزىلغان دەرەنى نومى» بولۇپ، تاڭ دەۋرىدىكى راھىب بۇكوڭ (راھىب ئەمۇگە ۋەجرە) سانسكرىت تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان، ھازىر ياپونىيەدە ساقلانماقتا. بۇ نوم بەش ۋاراق قەغەز ئۇزئارا تۇتاشتۇرۇلۇپ بېسىلغان بولۇپ، قەغەزنىڭ ئېگىزلىكى 78سانتىمېتىر، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 240سانتىمېتىر، بەت رامكىسىنىڭ ئېگىزلىكى 5.4سانتىمېتىر، جىلدنىڭ باش بېتىگە بېغىشلىما بېسىلغان، ئاندىن بۇددا نومى سىزمىلىرى بېسىلغان، ئاخىردا نوم تېكىستى بېسىلغان. بۇ ئويما مەتبەئە باسمىسى جۇڭگونىڭ بەش دەۋر( مىلادى 907-يىلدىن 960-يىلىغىچە) دىكى مىلادى 956-يىلى خاڭجۇدا ئويما بەت مەتبەئەسىدە بېسىلغان شۇ ناملىق بۇددا نومىغا ئاساسەن بېسىلغان. بۇ نوم بېسىلغان دەۋر چاۋشيەن يېڭىدىن ئويما بەت مەتبەئەسىنى باشلىغان دەۋر بولغاچقا بېسىش تېخنىكىسى دېگەندەك نەفىس بولمىغان، ھەر بىر بەتتىكى تېكىستنىڭ قۇر سانى بىردەك ئەمەس، خەت شەكلىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس، قىستۇرما

رەسمىنىڭ سىزىقلىرى تۇتۇق، مانا بۇ چاۋشيەنىڭ مەتبەئەچىلىكى باشلانغۇچ سەۋىيەدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئادەتتە چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ مەتبەئەچىلىكى 10-ئەسىر بىلەن 11-ئەسىرنىڭ ئالمىشىش پەيتىگە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارالماقتا.

1966-يىلى، كورىيەنىڭ چىڭجۇ ئايمىقىدىكى فوگوسى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ بىر قەدىمىي مۇنارى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندا، كورىيە ئالىملىرى تاش مۇناردىن تالڭ دەۋرىدە چاپقىنىدە بېسىلغان«بۇيۈك دىيانەتلىك بۇدساتۋا دەرەنى نومى» نى بايقىدى، بۇ بۇددا دەستۇرى يۆگىمە جىلد قىلىپ تۇپلەنگەن، بروئۇسسونتسىيە قەغىزىگە بېسىلغان بولۇپ، نوم جىلدىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 670سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 6سانتىمېتىر كېلىدۇ، بروئۇسسونتسىيە قەغىزى بىر يۆگەم قىلىنغان، بىر ۋاراق قەغەز بىر بەت قىلىنغان، بەت رامكىسىنىڭ ئېگىزلىكى 5.4سانتىمېتىر، ئاستى-ئۈستىدە تاق سىزىقلىق رامكا بار. بۇ باسما بۇيۇمدا گەرچە يىل دەۋرى بېسىلمىغان بولسىمۇ ئەمما جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى بىردەك 8-ئەسىردە چاپقىنىدە بېسىلغان، چاۋشيەنلىك راھىب ئېلىپ كەتكەن، دەپ دەلىللەشتى(97).

11-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، چاۋشيەنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى زور كۆلەملىك مەتبەئەچىلىك قوشۇنى تەشكىللىگەن. چىڭ زۇڭ دەۋرىدە، قىتان ئېلىنىڭ (لياۋ سۇلالىسىنىڭ) تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى تۇپەيلىدىن چاۋشيەنىڭ مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈزۈلۈپ قالدى، 10-ئەۋلاد كورىيە پادشاھى شيەنزۇڭ (مىلادى 1010-يىلدىن 1031-يىلغىچە) دەۋرىگە كەلگەندە، ۋاڭ شۇن تەختكە ئولتۇرۇپلا بۇددا نومى باستۇرۇپ قىتانلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى توسۇپ قالماقچى بولغان. شيەنزۇڭنىڭ بىرىنچى يىلى

قىتانلارغا تەۋە 95جۇرجىت كورىيەدە ئۆلتۈرۈلدى، قىتان خانى لياۋ شېڭزۇڭ بۇنى باھانە قىلىپ تۇڭخېنىڭ 28-يىلى(1010-يىلى) 12-ئايدا ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلىرىدىن 400مىڭ كىشلىك قوشۇننى باشلاپ كورىيەگە جازا يۈرۈشى قىلدى. كاڭ جاۋ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ كاللىسى ئېلىندى، قىتان لەشكەرلىرى بىۋاستە شىجىڭغا ( ھازىرقى پيوڭياڭ) باستۇرۇپ باردى، كورىيە پادشاھسى شيەنزۇڭ جەنۇبقا بىرىپ پاناھلاندى. 1011-يىلى بىرىنچى ئايدا لياۋ شېڭزۇڭ لەشكەر تارتىپ جىڭچېڭغا(ھازىرقى كەيچېڭ) باستۇرۇپ كىرىپ ئوردا-ساراي، ئىبادەتخانىلارنى قويماي كۆيدۈرۈۋەتتى. بۇ چاغدا شيەنزۇڭ ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئەگەر قىتانلار لەشكەر چېكىندۈرسە بىر پارچە «ترىپىتاكا»(«نوملار دىۋانى») باستۇرىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلدى، دېگەندەك لياۋ شېڭزۇڭ بىردىنلا لەشكەر چېكىندۈرۈپ ئۆز ئېلىگە قايتتى، شيەنزۇڭ ۋەزىرلىرى بىلەن ئاستانىسىگە قايتقاندىن كېيىن «ترىپىتاكا» نىڭ بېتىنى ئويدۇرۇشقا تۇتۇندى. كورىيەدە « ترىپىتاكا» نىڭ بېسىلىپ تاماملانغان ۋاقتى ھەققىدە مۇتەخەسسلەرنىڭ قىياسىچە شۈەنزۇڭنىڭ 4-يىلى ( مىلادى 1087-يىلى) نىڭ باشلىرى ئىكەن. شۇ قېتىمقى زور كۆلەملىك ئويما بەتتە نوم بېسىشتىن كېيىن پادشاھ شۈەنزۇڭنىڭ ئىنىسى ۋاڭ شۇ (مىلادى 1057-يىلىدىن 1101-يىلىغىچە) يەنە بىر يۈرۈش بۇددا نومى بېسىشقا تۇتۇش قىلدى، بۇ تارىختا«ترىپىتاكانىڭ داۋامى»،دەپ ئاتالدى. ۋاڭ شۇ كورىيە پادشاھى ۋېنزۇڭنىڭ 4-ئوغلى بولۇپ 11 يېشىدا راھىب بولغان. ئۇ ئۆزى يالغۇز سودا كېمىسىگە چىقىپ سۇڭ دەۋرىدىكى جۇڭگوغا كەلگەن ھەمدە يېڭىلا تەختكە ئولتۇرغان سۇڭ جېزۇڭنىڭ قوبۇلىغا ئېرىشكەن شۇنىڭدەك پادشاھ ئۇنى بۇددا نومى ۋە بۇددساتۋانىڭ رەسمى بىلەن تارتۇقلىغان. ئۇ سۇڭ سۇلالىسىدە ناھايىتى

يۇقىرى ئىززەت-ئېكرامغا ئېرىشكەن، جاي-جايلاردىكى بۇددا دىنىنىڭ مەشھۇر جايلىرىنى تاۋاپ قىلغان، جىجياڭ، جياڭسۇلاردىكى داڭلىق ئىبادەتخانىلارغا بېرىپ راھىب كالانلارنى زىيارەت قىلىپ نوم ئۆگەنگەن. ئۇ كورىيەگە قايتىدىغاندىن كېيىن جۇڭگودىن ئېلىپ كەلگەن بۇددا تەلىماتى ۋە بىرنەچچە مەشھۇر بۇددا دەستۇرلىرىدىن نەچچە مىڭ جىلدنى پادشاھ شۆھنزۇڭغا ھەدىيە قىلىشۇتەكەن. كېيىنچە ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە سۇڭ، لياۋ ئەللىرىدىن ئېلىپ كەلگەن بۇددا نوملىرى ۋە بۇددا شەرىئەتلىرىدىن 4000مىڭ جىلدتىن ئارتۇق بېسىلدى.

بۇنىڭدىن سىرت كورىيە يەنە زور مىقداردا كوڭ زى دەستۇرى، ئەدەبىيات، تارىخ ، تېبابەت ۋە پەن-تېخنىكا ئەسەرلىرىنى ئويۇپ باسقان. سۇڭ سۇلالىسىدىن ئېلىپ كېلىنگەن تۆرلۈك ئويما بەت مەتبەئەسىدە بېسىلغان ئەسەرلەردىن مەسىلەن سوڭ جېنزۇڭ زامانىدىكى داجۇڭ فۇشياڭنىڭ 8-يىلى(مىلادى 1015-يىلى) سوڭ سۇلالىسى كورىيەگە تەقدىم قىلغان كىتابلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خاانلىق بىلىم يۇرتىدا بېسىلغان«تارىخنامە»، «ئالدىنقى خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «ئۈچ پادشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «جىننامە» قاتارلىق كىتابلار بار. سۇڭ جېنزۇڭ چيەنشىڭنىڭ 1-يىلى(1022-يىلى) 5-ئايدا كورىيە ئەلچىسى خەن زوغا«مۇقەددەس ئىلتىپات ھەققىدە تۆزۈكلەر»، «ئىككى ئالەملىك مۆزەككەر-مۇھەننەس دەستۇرى»، «چيەنشىڭ تەقۋىمى(كالېندارى)» ھەمدە «ترىپىتاكا» قاتارلىق كىتابلارنى تەقدىم قىلغان. كورىيە يەنە سۇڭ سۇلالىسى سودىگەرلىرىنى دېڭىز يولى ئارقىلىق كىتاب ئېلىپ كېلىشكە رىغبەتلەندۈرگەن. كورىيە خان جەمەتى مەتبەئەچىلىككە بەك كۆڭۈل بۆلگەن، مۇھىم

ئەسەرلەر ۋە بۇددا نوم-دەستۇرلىرىنى ئويۇپ بېسىش ئىشلىرىنى پادىشاھ ئۆزى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرغان، ئاندىن پۇتۇكچىلەر ۋازارىتىگە بېسىشنى تاپشۇرغان. ئويۇپ بېسىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن پۇتۇكچىلەر ۋازارىتى ئاۋام ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بېسىپ مەملىكەتنىڭ جاي-جايلىرىغا يارلىق سۈپىتىدە تارقاتقان. كورىيەدە بېسىلغان كىتابلارنىڭ كوررېكتورلىقى، بەتنىڭ ئويۇلۇشى، بېسىلىشى نەفىس بولغاچقا سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان. بولۇپمۇ سۇڭ سۇلالىسىدە يوق بەزى بەت نۇسخىلىرى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن. سۇڭ جېزۇڭ يۈەنيونىڭ 7-يىلى (مىلادى 1092-يىلى) 7-ئايدا، كورىيە پادشاھى شۈەنزۇڭ لەشكىرىي پىرقىنىڭ دىۋانبېگى خۇاڭ زۇڭچۈ، تەمرات (ھۇنەر -كەسپ) پىرقىسىنىڭ دىۋانبېگى لىۇ شېننى سۇڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىپ، ئۆز دۆلىتىدە بېسىلغان «پادشاھنى يېتەكلەش داۋالاش» دېگەن كىتابنى تەقدىم قىلىپ جېزۇڭ خانىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشتى. چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ سۇڭ، يۈەن دەۋرىدە جۇڭگو بىلەن مەتبەئە ۋە كىتاب ئالماشتۇرۇش جەھەتتىكى ئالاقىسى ناھايىتى كۆپ بولغان، جۇڭگونىڭ ئويما مەتبەئە تېخنىكىسى ئىزچىل چاۋشيەن يېرىم ئارىلىغا كىرگەن. «تىرىپىتاكا» كورىيەدە ئۈچ قېتىم بېسىلغان بولۇپ، ھەممىسىدە جۇڭگودا بېسىلغان نۇسخىسى ئاساس قىلىنغان.

گاۋزۇڭنىڭ 16-يىلى(مىلادى1231-يىلى)، موڭغۇل ھۆكۈمرانى ئوگدايخان كورىيە ئەلچىلىرىمىزنى ئۆلتۈردى، دېگەننى باھانە قىلىپ سانغۇنى سالتانى كورىيەگە لەشكەر تارتىشقا بۇيرۇغاندا، سالتا كورىيەگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ 40نەچچە شەھەرنى تۇزلىۋەتكەن، ئەسلىدە فۇرېنسى ئىبادەتخانىسى بىلەن شىڭۋاڭسى ئىبادەتخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان

«ترىپىتاكا» بىلەن «ترىپىتاكانىڭ داۋامى» ھەممە نوملارنىڭ ئويما بەتلىرى ئۇرۇش ئوتىدا كۆلگە ئايلىنىپ كەتكەن. كېيىن، گاۋزۇڭنىڭ 23-يىلى (مىلادى 1236-يىلى) غا كەلگەندە كورىيەدە نوملارنى ساقلاش مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، نوم-دەستۇرلار قايتىدىن ئويۇلۇپ 6791 جىلد نوم باستۇرۇلغان، بۇنىڭ ئۇچۇن 80مىڭ دىن ئارتۇق شال ئىشلىتىلگەن، شۇڭا «80 مىڭ تاختىلىق ترىپىتاكا» دەپمۇ ئاتالغان. نوم-دەستۇرلارنىڭ بىخەتەرلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ نوم-دەستۇرلارنىڭ ئويما بەتلىرى لىڭنەن ۋىلايىتى (بۇگۇڭنىكى كورىيەنىڭ شاڭچىڭنەن ۋىلايىتى) شەنچۇەن ئايمىقىدىكى خەيىنسى ئىبادەتخانىسىنىڭ نوم بەتلىرىنى ساقلاش بۆلمىسىدە ساقلانغان، بۇ نوم بەتلىرى بۈگۈنگىچە ناھايىتى ئوبدان ساقلىنىپ كورىيەنىڭ دۆلەت گۆھىرى دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

1915-يىلدىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، خەيىنسى ئىبادەتخانىسىدا جەمئىي 81مىڭ 240 پارچە ئويما بەت ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇنىڭ 121پارچىسى تەكرا بەت ئىكەن. ياغاچ ماتېرىياللىرىنى تېجەش ئۈچۈن بولسا كېرەك، خەيىنسى ئىبادەتخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئويما بەت تاختىسىنىڭ ھەر ئىككى يۈزىگە خەت ئويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەشغۇلات قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن تۇتقۇچ ئورنىتىلغان. ئويما بەت تاختىسىغا نەشپۈت ياغىچى، ئەبنۇس ياغىچى، قېيىن ياغىچى قاتارلىقلار ئىشلىتىلگەن. بۇ ياغاچ ماتېرىياللىرى جىجۇ ئارىلى، گۇەنداۋ ئارىلى، جىداۋ ئارىلى قاتارلىق جايلاردىن ئېلىپ كېلىنگەن. ھەربىر ئويما بەت تاختىسىنىڭ ئېگىزلىكى 24سانتىمېتىر، كەڭلىكى 65سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 4سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 2.4 كىلوگىرامدىن 3.75 كىلوگىرامغىچە بولغان. ھەربىر بەتتە 23قۇر، ھەربىر قۇردا14

خەت بولۇپ،ھەربىر خەتنىڭ چوڭلۇقى1.4×1.4سانتىمېتىر بولغان. بۇيەردىكى نوم جەمئىي 26مىليون خەتلىك بولغان. نوملار قاتلىما جىلد بولۇپ، ھەربىر جىلدتا«مىڭ خەتلىك تېكىست» بار، ھەر بىر جىلدنىڭ ئاخىرىدا يىل دەۋرى بىرلىمەي پەقەت بۇرج بىلەن مۆچەللا يېزىلغان (98).

لى سۇلالىسى دەۋرىدە، چاۋشيەندە بۇددا نومى بېسىلغاندىن باشقا يەنە ئۆز دۆلىتىنىڭ تارىخ كىتابلىرى، جۇڭگونىڭ سۇڭ دەۋرىدىكى تەبىئىي پەن ئىلمىگە ئائىت ئەسەرلەر ھەمدە تېببىي كىتابلار بېسىلغان، تۇرلۇك ئېقىملارغا ئائىت ئەسەرلەر ۋە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چېڭ، جۇ قاتارلىق كوڭ زىچى ئۆلىمالارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ بېسىلغان. مەركىزىي ھۆكۈمەت كىتاب باسقاندىن باشقا يەنە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماقلارمۇ كىتاب باسقان. جۇڭگونىڭ تېببىي كىتابلىرىدىن «پادشاھنى داۋالاشتىكى 81مۇشكۇلات»، «شامالدارىش ھەققىدە»، « دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى»، «جاڭ جۇڭجىڭنىڭ بەش ئەزا ھەققىدىكى شەرھى» قاتارلىق ئەسەرلەرمۇ ئويما مەتبەئەدە بېسىلغان.

چاۋشيەن يېزىقى ئىجاد قىلىنغاندىن تارتىپ تاكى 19-ئەسرنىڭ ئاخىرىغىچە خەنزۇ يېزىقى، ئەمەلدارلار يېزىقى ۋە چاۋشيەن يېزىقى (پۇقرالار يېزىقى) دىن ئىبارەت ئۈچ خىل يېزىقنىڭ يازما شەكلى ئىزچىل قوللىنىلغان. بوغۇملۇق يېزىقنىڭ ئىجاد قىلىنىشى چاۋشيەن مىخ مەتبەئە باسمىسىنىڭ قوللىنىلىشى ۋە تەرەققىياتىغا ناھايىتى پايدىلىق بولدى. گەرچە چاۋشيەن يېزىقىنىڭ ئارىلىقىدا خەنزۇچە خەت قىستۇرۇلۇپ يېزىلسىمۇ ئەمما بوغۇملۇق يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن يېزىقنىڭ فونېتىكا قۇرۇلمىسى توغرا ئىپادىلىنىپلا قالماستىن بەلكى مىخ مەتبەئەنىڭ ئىشلىتىلىشى ئۈچۈن زور قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. نەچچە ئون بوغۇملۇق يېزىق بىرىكتۈرۈلۈش ئارقىلىق چاۋشيەن تىلىدا

مۇكەممەل ئۇقۇم ئىپادىلىنىدىغان بولدى. ھازىر ساقلىنىۋاتقان ھەرپلىك يېزىقنىڭ باسما بۇيۇمى 1464-يىلى بېسىلغان«يۇگجيادىكى دىيانە مەزھىبى»(99). ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيانقى ئويما بەت مەتبەئەچىلىكى تەجرىبىسىنىڭ جۇغلىنىشى بىلەن چاۋشيەننىڭ كېيىنكى مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى.

## 3. چاۋشيەننىڭ مىخ مەتبەئەسى

جۇڭگونىڭ ئويما مەتبەئە تېخنىكىسى شەرق-غەربتىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسى تەرەققىياتىدا ئۈلگىلىك رول ئوينىدى. شۇنىڭدەك مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى جۇڭگودا كەشىپ قىلىنغاندىن كېيىن شەرق ۋە غەربكە تارقىلىپ، شۇ قاتاردا چاۋشيەنگىمۇ يېتىپ باردى. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى تەۋەلىكىدىكى رايونلار بىلەن كورىيەنىڭ دېڭىز يولى سودىسى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، جۇڭگو سودىگەرلىرى ھەرخىلماللارنى توشۇپ كەلگەن، بۇ ماللار ئىچىدە نۇرغۇن كىتابلارمۇ بولغان، پەرەزىمىزچە بۇ كىتابلار ئىچىدە مىخ مەتبەئە باسمىسىدىكى كىتابلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى زاۋال تېپىشىنىڭ ئالدى-كەينىدە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدىن نۇرغۇن ئادەم دېڭىزدىن ئۆتۈپ كورىيەگە بېرىپ پاناھلانغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە تۈرلۈك ھۈنەرۋەن-كاسىپلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي، مەسىلەن نەنجىڭلىق سۇرلەش ئۇستىسى لى يۈەن سۇرلەش تېخنىكىسىنى كورىيەگە ئېلىپ كىرگەن، بۇ مەزگىلدە جېجياڭنىڭ مەتبەئە ئۇستىلىرى مىخ مەتبەئە ئۈچۈرلىرىنى ۋە تېخنىكىسىنى بۇ يەرگە ئېلىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن.

يۇەن دەۋرىدە شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ناھايىتى گۈللەنگەن. يۇەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى توپلاپ، جەمئىيەتتە مۇئەييەن ئاساس ياراتقان. يۇەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى چاۋشيەننى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇپ، ئۆزىگە بېقىندى ئەل قىلىۋالغان. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى كورىيەدە دارۇغاچ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ كورىيەنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى نازارەت قىلغان. بۇ مەزگىلدە جۇڭگونىڭ شىمالى بىلەن كورىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تېخىمۇ گۈللەنگەن.

كورىيەنىڭ مىخ مەتبەئە باسمىسى ھۆكۈمەت ياكى ئىبادەتخانىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بولغان. كورىيە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە كورىيەنىڭ مىخ مەتبەئەسى ھەققىدىكى يازما خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار تۆرلۈك ماتېرىيالدا ياسالغان جۇڭگو مىخ مەتبەسى تېخنىكىسى ۋە ھۈنەر-سەنئىتى ئۈستىدە تەجرىبە ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، لاي مىخ مەتبەئە ھەققىدىكى تەجرىبە 15-ئەسىردىكى لى سۇلالىسى(مىلادى 1392-يىلىدىن 1910-يىلىغىچە)نىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى كوڭ زىچى ئۆلىما جىن زۇڭجى(1430-يىلىدىن 1492-يىلىچە ياشىغان) چاۋشيەننىڭ مىخ مەتبەئەسىدە بېسىلغان «ھەزرىتى بەي جۈيى ئەسەرلىرى» گە يازغان خاتىمىسىدە :«مىخ مەتبەئەدە بېسىش ھۈنىرى شىن كودىن قالغان، ياڭ ۋېيجۇڭ تازا ۋايىغا يەتكۈزگەن. ئۇنىڭ بىلەن دۇنيادىكى ھەرقانداق كىتابنى باسقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ خەتلىرى لاينى پىشۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، ئاسانلا پۇچۇلۇپ كېتىدۇ، ئۇزۇن ئىشلەتكىلى بولمايدۇ»دەپ يازغان. چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ خاتىرىدىكى شىن كو دېگەن كىشى بى شېڭ بولۇشى

كېرەك، بۇ يەردە «مېڭشى باغچىسى پوتۇكلىرى»نىڭ ئاپتورى شىن كو بۇ كىتابىدا يازغان مىخ مەتبەئەنىڭ كەشپىياتچىسى بى شېڭ بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىپ، ئوقۇشماسلىق كەلتۈرۈلگەن. ياڭ ۋېيجۇڭ ئۇنىڭ بىلەن زامانداش بولغان ياڭ گۇ بولۇشى كېرەك، ياڭ فامىلىلىك بۇ ئىككى كىشى يۈەن دەۋرىدە مەتبەئە بىلەن كىتاب بېسىشقا رىياسەتچىلىك قىلغان كىشىلەردۇر. ئەمما ياڭ گۇ لاي مىخ مەتبەئەدە كىتاب باسقان، ھالبۇكى ياڭ ۋېيجۇڭ بولسا ئويما مەتبەئەدە كىتاب باسقان(100). بۇ يازما مەنبەئەدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، شىن كونىڭ كىتابى كورىيەگە تارقالغان، بى شېڭنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىمۇ چاۋشيەنلىكلەرگە مەلۇملۇق بولغان، تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق لاي مىخ مەتبەئەدە بېسىش تېخنىكىسىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى بىرقەدەر زور بولغان، دەسلەپتە ياسالغان لاي مىخ مەتبەئە تازا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغاچقا جىن زۇڭجىنىڭ يۇقىرىقى بۇ خاتىرىنى قالدۇرۇشىغا سەۋەب بولغان. ئەمما كورىيەلىكلەر مىخ مەتبەئەدە كىتاب بېسىشنىڭ قولايلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ھەم مىخ مەتبەئە ئىدىيىسىنى ئىگىلىۋالغان. ئۇلار لاي مىخ مەتبەئەنى تەجرىبە قىلىپ كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە قازىنالمىغاندىن كېيىن مېتال مىخ مەتبەئە خەتلىرىنى ياساش سىنىقىنى باشلىغان.

كورىيە خانىدانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدا مېتال مىخ مەتبەئە تەجرىبىسى ئالللىقاچان باشلانغان. لى سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئالىم لى گۇيجىڭ بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ «مىخ مەتبەئەدە كىتاب بېسىش قائىدىلىرى» دېگەن ماقالىسىدە: « قۇيما ھەرپ مىخ مەتبەئە ھەرپىمۇ دېيىلىدۇ، بۇنىڭ بىزگە كىرگىنىگە ناھايىتى ئۇزۇن زامان بولدى. ئوتتۇرا تۆزلەڭلىك (جۇڭگو) پۇقراسى بى شېڭ كەشپ قىلغان مىخ مەتبەئە باسما

ھەرپىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشىدۇر. كورىيە دەۋرىدە(چاۋشيەن لى سۇلالىسى) تەيزۇڭنىڭ يارلىقىغا بىنائەن كورىيەدە مىستىن مىخ مەتبەئە ھەرپى قۇيۇلدى، بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەرنى باش دىۋان مەھكىمىسى باستۇرغان كىتابنىڭ ئاخىرىدىن تېپىشقا بولىدۇ»(101) دەپ يازغان. لى گۇيجىك دىگەن بۇ كىشى چاۋشيەنىنىڭ لى سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىمى بولۇپ، جۇڭگونىڭ قەدىمي كىتاب ـ دەستۇرلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان، ئۇ بۇ يەردە ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئالىم جىن زۇڭجى يول قويغان خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، مىخ مەتبەئەنىڭ كەشپىياتچىسى جۇڭگونىڭ سۇڭ دەۋرىدە ئۆتكەن بى شېڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە چاۋشيەنىنىڭ بى شېڭ كەشپ قىلغان مىخ مەتبەئە قائىدىسىدىن پايدىلىنىپ مىستىن خەت قۇيغان ۋاقتىنى چاۋشيەنىنىڭ لى سۇلالىسىدىكى تەيزۇڭ دەۋرى، دەپ قاراپ، شۇ دەۋردىن ئېتىبارەن جەمئىيەتتە كەڭ قوللىنىلغان، دەپ يازغان، ئۇنىڭ بۇ قارىشى تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن.

كورىيە خاندانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا خاندانلىقنىڭ رەسىم ـ يوسۇن، قانۇن ـ دەستۇرلىرى تازا مۇكەممەل ئەمەس ئىدى، رۇي زۇڭچاۋ (مىلادى 1105 ـ يىلدىن 1122 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدىلا مەخسۇس ئاپپارات قۇرۇلۇپ رەسىم ـ يوسۇنلار ئورنىتىلغان، ئەمما دۆلەتنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرى كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈلمىگەن. گاۋزۇڭنىڭ 19 ـ يىلى (مىلادى 1232 ـ يىلى) موڭغۇل لەشكەرلىرى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا باستۇرۇپ كىرگەندە باش ۋەزىر سۈي يۇ پادشاھ گاۋزۇڭنى ۋە باشقا ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنى پايتەختتىنى جياڭخۇا ئارىلى (ھازىرقى كورىيەنىڭ جىڭجى ۋىلايىتى فۇچۇەنىنىڭ غەربىدىكى دېڭىز ئارىلى) غا كۆچۈرۈشكە دەۋەت

قىلغان ھەمدە باش ۋەزىر سۇي يۇ ئۆيىدە ساقلاپ كەلگەن«تەپسىلىي تۇزۇلگەن يۇسۇننامە»نى ئارالغا بىللە ئېلىپ كىرگەن. ئوردا پايتەخت كەيجىڭدىن ئايرىلىدىغان چاغدا ئوردا شىغاۋۇلى ئوردىدا ساقلانغان«تەپسىلىي تۇزۇلگەن يۇسۇننامە»نى ئېلىۋېلىشقا ئۇلگۇرەلمىگەن، ئوردا تولۇق ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن ئوردىنىڭ رەسىم-يۇسۇنىغا ئائىت ئىشلاردا ئاساسلىنىدىغان دەستۇر بولمىغاچقا باش ۋەزىر ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلگەن بۇ« تەپسىلىي تۇزۇلگەن يۇسۇننامە»نى قۇيما مەتبەئەدە(مىخ مەتبەئەدە) 28نۇسخا باستۇرغان ھەمدە خانلىق بىلىم يۇرتىنىڭ ئۆلىماسى لى كۇيباۋنى كىرىش سۆز ۋە خاتىمە تەييارلاپ كىتابقا كىرگۇزۇپ، خاندانلىقنىڭ ھەممە ۋازارىتىگە ساقلاش ئۇچۇن تارقىتىپ بېرىشنى بۇيرۇغان. سۇي يۇ يەنە مىلادى 1239-يىلىدىن 1242-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا «راھىب نەن مىڭچۇەنىنىڭ قەسىدىلىرى»نى مىخ مەتبەئەدە باستۇرغان، ئۇ مەزكۇر كىتابنىڭ خاتىمىسىدە: «‹راھىب نەن مىڭچۇەنىنىڭ قەسىدىلىرى› ئەمەلىيەتتە دىيانانىڭ جەۋھىرىدۇر. شۇڭا دىيانانى ئۆگەنمەكچى بولغانلار ئەۋۋەلى مۇشۇنى ئۆگىنىشتىن باشلىسا، ئاندىن دىيانانى تولۇق چۇشىنەلەيدۇ. ئەمما ئۇ كۆپلەپ تارقالمىغاچقا مەتبەئە ئۇستىلىرىغا مەتبەئە ئويدۇرۇپ كۆپلەپ بېسىپ تارقىتىشقا توغرا كېلىدۇ. توڭگۇز يىلى 9-ئاينىڭ باشلىرىدا ئىشكىئاغا جىن ياڭ سۇي يى [سۇي يۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى]گە بۇ ھەقتە ئىزاھات بېرىش بۇيرۇقنى يەتكۇزگەن». يۇقىرىقى ۋەسىقىدە بايان قىلىنغان مىخ مەتبەئە باسما نۇسخىنىڭ يىل دەۋرى قالدۇرۇلغان بولسىمۇ ئەمما ماددىي پاكىت ساقلىنىپ قالمىغان. نۆۋەتتە كورىيە دۆلەتلىك مەركەزكۇتۇپخانىسىنىڭ يىشەن يادىكارلىقلار بۆلمىدە « راھىب نەن مىڭچۇەنىنىڭ قەسىدىلىرى »نىڭ بىردىنبىر كېيىن بېسىلغان ئويما بەت

نۇسخىسى ساقلانماقتا. بۇگۇنكىچە يېتىپ كەلگەن كورىيە سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە تەۋە مېتال مىخ مەتبەئە باسما نۇسخا1377-يىلى چىڭجۇ قىشلىقى ( بۇگۇنكى كورىيەگە تەۋە جۇڭچىڭ ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى چىڭجۇ)شىڭدېسى ئىبادەتخانىسىدا بېسىلغان «راھىب بەي يۈن رەتلىگەن بۇددا پىركامىللىرىنىڭ پەندى-نەسىھەتلىرىدىن ئۈزۈندىلەر» بولۇپ، قىسقارتىپ «پەندى-نەسىھەتلەر»مۇ دېيىلىدۇ. بۇ كىتابنى شىڭدېسى ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىب كالانى بەي يۈن تارىختىن بۇيانقى بۇددا نوملىرىدا سۆزلىنىدىغان ھېكايەتلەرنى توپلاپ باستۇرغان بۇددا پىركامىللىرىنىڭ ئاۋامنى ياخشىلىققا ئۈندەيدەشتە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئەسەردۇر. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى راھىب بەي يۈننىڭ راھىبلىق نامى جىڭشيەن(مىلادى 1298-يىلىدىن 1374-يىلىغىچە ياشىغان) بولۇپ، كورىيە خانىدانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى مەشھۇر راھىب. بۇ كىتاب ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن شىسەن، داجەن ۋە بىكۇنى مياۋدې تەرىپىدىن بېسىلغان. بۇ كىتاب ئەسلىدە ئىككى قىسىم بولۇپ، ھازىر يېپىتا تىكىپ تۇپلەنگەن ئاخىرقى قىسىملا ساقلىنىپ قالغان. بۇ كىتابنىڭ باسما بەت رامكىسىنىڭ ئېگىزلىكى 24.5سانتىمېتىر، كەڭلىكى 17سانتىمېتىر، قىستۇرما سۆز يېزىلغان، ئەتراپى تاق سىزىقتا رامكىلانغان، بەت رامكىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا «پەندى-نەسىھەتلەردىن ئۈزۈندىلەرنىڭ داۋامى» دېگەن خەت يېزىلغان، بەت ئاستىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بەت نومۇرى سېلىنغان. يېرىم بەتتە 11قۇر بولۇپ، ھەربىر قۇرغا 19خەت بېسىلغان. تېكىستىنىڭ خەت نۇسخىسى كورىيەنىڭ ئويما بەت باسما خېتىگە قارىغاندا ناچارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ، تېكىست قۇرلىرى تەكشى ئەمەس. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، خەت نۇسخىسى، ئويمىكارنىڭ ھۈنىرى ۋە

قۇيۇلغان خەتلەر ھەمدە مىخ مەتبەئەنى سىپتا ياساش تېخنىكىسى تازا پىشىپ يېتىلمىگەن. ئوخشاش بىر خەتنىڭ بىرنەچچە يەردە تىزىلغان نۇسخىسى ئوخشاش ئەمەس، ئايرىم خەتلەر بىرقانچە جايدا كەلگەندە ئوخشاش چوڭلۇقتىكى خەتلەر يېتىشمىگەن بولسا كېرەك ئورنىغا چوڭ-كىچىكلىكى تەڭ بولمىغان خەتلەر تىزىلغان. نەتىجىدە تىزىلغان خەتلەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە ئېگىز-پەسلىكى ئوخشاشمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىزىلغان خەتلەر بەك قويۇق بولغانلىقتىن يېرىم بەتتىكى 11قۇردا ئىككىدىن ئۈچكىچە خەت ئاز ياكى كۆپ بولۇپ قالغان. ئوخشاش بىر بەت ئوخشاش بىر قۇردىكى خەتكە سۈرتۈلگەن سىياھنىڭ قېنىق-سۇسلىقمۇ بىردەك بولمىغاچقا بەزى خەتلەر بەك تۇتۇق بولۇپ قالغان. جىلدنىڭ ئاخىردىكى بېغىشلىمىدا : « شۈەنگۇاڭ سەلتەنەتىنىڭ يەتتىنچى يىلى 7-ئاينىڭ -كۈنى چىڭجۇدىكى شىڭدېسى ئىبادەتخانىسىدا قۇيما خەت باسمىسىدا بېسىلدى. ساخاۋەتچىلەر داجەن، شىسەندۇر، بىكۈنى مياۋدې باسقان» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان(102). بېغىشلىمىدىكى شۈەنگۇاڭنىڭ يەتتىنچى يىلى شىمالىي يۈەندىكى جاۋزۇڭنىڭ سەلتەنەت يىلنامى بولۇپ، مىڭ سۇلالىسى پادشاھى مىڭ تەيزۇنىڭ خۇڭۋۇ سەلتەنەتىنىڭ ئونىنچى يىلىغا يەنى مىلادى 1377-يىلىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا يۈەن سۇلالىسى ئالللىقاچان ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما كورىيەلىكلەر يەنىلا شىمالىي يۈەننىڭ سەلتەنەت يىلنامىنى قوللانغان، مۇشۇنىڭدىن بىر يىل كېيىن يەنى مىلادى 1378-يىلىغا كەلگەندىلا كورىيەلىكلەر ئاندىن مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ سەلتەنەت يىلنامىنى قوللىنىشقا باشلىغان. بېغىشلىمىدا يېزىلغان « قۇيما خەت باسمىسىدا بېسىلدى » دېگىنى ئەمەلىيەتتە مېتالدىن قۇيۇلغان مىخ مەتبەئە خېتىدە بېسىلغىنىنى كۆرسىتىدۇ، مۇتەخەسسىلەرنىڭ

تەھلىل يۈرگۈزۈشچە، بۇ باسما نۇسخا كورىيەنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان يىل دەۋرى بىرقەدەر ئېنىق يېزىلغان ئەڭ بۇرۇنقى مېتال مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان كىتاب نۇسخىسى ئىكەن، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، كورىيە خانىدانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە مېتالدىن قۇيۇلغان مىخ مەتبەئە باسمىسى قوللىنىلغان. ئەمما ئەينى چاغدا كورىيەنىڭ مېتالدا قۇيۇلغان مىخ مەتبەئە باسمىچىلىقى كۆلەم ھاسىل قىلالمىغان(103).

كورىيەنىڭ بۇ ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئەينى چاغدا تەشرىپدارلىقتىن كېلىپ چىققان ساداقەتمەن ۋەزىر جېك چۈەنداۋ (جېك سەنفېك، مىلادى 1335-يىلىدىن 1395-يىلىغىچە ياشىغان) كورىيە خانىدانلىقىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى گۇڭراڭۋاڭغا مەكتۇب سۇنۇپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى نەشرىياتچىلىق ئاپپاراتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ كىتابچىلىق مەھكىمىسى تەسىس قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن. ئۇ تەكلىپدە:«نۆۋەتتە مىخ مەتبەئە باسمىخانىسى قۇرۇش تولىمۇ زۆرۈردۇر، بۇددا نوم-دەستۇرلىرى، تارىخ-تەزكىرە كىتابلىرى، ھەتتا تېببىي دورىگەرلىك قامۇسلىرى، ھەربىي دەستۇرلارنىڭ ھەممىسىنى بېسىش زۆرۈردۇر. ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن ئىلىمخۇمارلار كىتابقا تەشنا بولماقتا، ئۇلارنى دەۋردىن ئارقىدا قالدۇرماسلىق كېرەك» دەپ يازغان. بۇ مەكتۇب ئۇنىڭ «سەنفېك خاتىرىلىرى»گە كىرگۈزۈلگەن. ئەمما پادشاھ گۇڭراڭۋاڭ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ كىتابچىلىق مەھكىمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن چاغدا كورىيە خانىدانلىقى ئاللىقاچان ئاغدۇرۇلغان. ئۇزاق ئۆتمەي پادشاھ xxx مۇ ئالەمدىن ئۆتكەن، ئەمەلىيەتتە كىتابچىلىق مەھكىمىسىمۇ ئىشقا كىرىشتۈرۈلمىگەن(104).

چاۋشيەن پادشاھى لى فاڭيۈەن ( مىلادى 1401-يىلىدىن 1417-يىلىغىچە

تەختتە ئولتۇرغان) تەختتىكى مەزگىلدە، ئەل ئاسايىشلىقتا چۈمگەن، ئىقتىساد روناق تېپىپ ئىلم-پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىمۇ يۈكسەلگەن. چاۋشيەن بىلەن جۇڭگونىڭ مىڭ سۇلالىسى ئىناق دوستلاردىن بولۇپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشمۇ ناھايىتى قويۇق بولغان. پادشاھمۇ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن، پادشاھ لى فاڭيۈەن تەيزۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 3-يىلى يەنى مىلادى 1403-يىلى ئاستانىدە ( بۇگۇنكى سېئولدا) «خەت قۇيۇش زاۋۇتى» تەسىس قىلىش يارلىقى چۈشۈرگەن، نەتىجىدە 100مىڭ مىس مىخ مەتبەئە خېتى قۇيۇلۇپ كىتابلار باستۇرۇلغان. خەت قۇيۇلىدىغان مېتال ئورددىن تەمىنلەنگەندىن سىرت يەنە ۋەزىر-ۋۇزرالار، بەگ-تۆرىلەر ئۆزلىكىدىن تۆمۈر، مىسلارنى خەت قۇيۇشقا ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىنغان. 1403-يىل 2-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 9-كۈنىگىچە بولغان مەزگىلدىلا نەچچە يۈزمىڭ مىخ مەتبەئە خەتلىرى قۇيۇلغان. خەت قۇيۇلغان شۇ يىلى ئون بۇرج يىلىنىڭ ئونىنچىسى يەنى بۇرجنىڭ ئاخىرقى يىلى بولغاچقا « كەنجى بۇرج خېتى» دەپ ئاتالغان، بۇ خەتنىڭ نۇسخىلىرى ئورددا ساقلانغان «نەزمنامە»، «زوجيۇمىڭ تەفسىرى» نىڭ خەت نۇسخىسىنى ئۈلگە قىلىپ قۇيۇلغان، چۈنكى «كەنجى بۇرج خېتى»نىڭ شەكلى بىرقەدەر چوڭ ئىدى. مىخ مەتبەئە خېتىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى مىس، قەلەي، قوغۇشۇن، تۆمۈر ۋە سىنك بىرىكمىسى بولۇپ، كورىيە خانىدانلىقى دەۋرىدە قۇيۇلغان مىس پۇل « شەرقىي دېڭىز تومپۇرى »(خەيدۇڭ تومپۇرى) نىڭ تەركىبىگە يېقىنلاشتۇرۇلغان. 1403-يىلدىن باشلانغان 50 يىل مابەينىدىكى چاۋشيەنىنىڭ تەيزۇڭ، شىزۇڭ يىللىرىدا خەت قۇيۇش ۋە كىتاب بېسىشقا ئائىت يارلىق 11 قېتىم چۈشۈرۈلگەن، بۇنىڭدىن چاۋشيەنىنىڭ مىخ

مەتبەئە باسمىچىلىقىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. چاۋشيەندە ئىككىنچى قېتىم 1420-يىلى قۇيۇلغان خەت ئون بۇرجىنىك يەتتىنچىسىدە قۇيۇلغىنى ئۈچۈن«يەتتىنچى بۇرج خېتى»، دەپ ئاتالغان. كېيىن شىزۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 16-يىلىدىكى ئون بۇرجىنىك بىرىنچىسىدىكى يولۋاس يىلى(مىلادى 1434-يىلى) دا 3-قېتىم قۇيۇلغان خەت «بىرىنچى بۇرجتىكى يولۋاس خېتى» دەپ ئاتالغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كورىيە ئالىملىرى تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ۋەسىقىلەردىكى يازما خاتىرىلەرنى ھازىر ساقلىنىۋاتقان مىخ مەتبەئەگە ئائىت ماددىي پاكىتقا بىرلەشتۈرۈپ ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا ۋاستىسى ئارقىلىق قەدىمقى چاۋشيەننىڭ مېتال مىخ مەتبەئە خەتلىرىدىكى بىرىكمە مېتال تەركىبىنى ئانالىز قىلغان ھەمدە مېتال مىخ مەتبەئەنىڭ ياسىلىش جەريانىغا تەقلىدىي مەشغۇلات ئېلىپ بارغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قەدىمقى چاۋشيەننىڭ مېتال مىخ مەتبەئە خەتلىرىنى ياساش مەشغۇلات جەريانى مۇنداق بولغان: ① بۇكسۇس ياغىچىغا يېزىلغان خەت نۇسخىسىنىڭ ئۈلگىسى قاپارتما ياغاچ مىخ مەتبەئە خېتى قىلىنغان؛ ② تۈت ئەتراپىغا قىر چىقىرىلغان لاي تەخسە تەييارلىنىپ، لاي تەخسە ئىچى ئوخشاش قېلىپتىكى كاتەكچىلەرگە بۆلۈنگەن؛③ دېڭىز بويىدىكى يۇمشاق لاي پىشۇرۇپ تەييارلىۋېلىنغان؛④ پىشۇرۇپ تەييارلىۋېلىنغان لاي قۇرۇق لاي تەخسىدىكى كاتەكچىلەرگە تەكشى توشقۇزۇلغاندىن كېيىن مۇۋاپىق چىڭدالغان؛⑤ ئويۇۋېلىنغان ياغاچ مىخ مەتبەئە خەتلىرىنىڭ يۈزى لاي تەخسىدىكى كاتەكچىلەرگە چىڭداپ توشقۇزۇلغان لايغا پاتۇرۇپ بېسىلىپ، لايغا كۆپىنكى ھالەتتىكى تەتۈر خەت چىقىرىلىپ، مىخ مەتبەئە خېتى قۇيۇشتا ئىشلىتىلىدىغان لاي مىخ مەتبەئە

خېتىنىڭ لاي قېلىپى شەكىللەندۈرۈلگەن؛ ⑥ لاي مىخ مەتبەئە قېلىپى ياغاچ رامكىدىن چىقىرىۋېلىنىپ قۇرۇتۇلغان؛⑦ لاي قېلىپ قۇيمىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان قاچىغا سېلىنىپ ئېرىتىلگەن مېتال بىرىكمىلىرى قېلىپقا قۇيۇلۇپ بىردىن بىردىن خەت قۇيۇپ چىقىرىلغان ؛ ⑧ قۇيۇپ چىقىرىلغان خەتلەر سىلىق يۇمشاق ئېكەكتە سىلىقدىلىپ ئاندىن خەتنىڭ ئاھاڭ تەرتىپى بويىچە تارتمىلىق ئىشكابقا سېلىنىپ، ئىشكابقا خەتنىڭ نامى يېزىپ ئەسكەرتىلگەندىن كېيىن نابورخانىغا قويۇلغان. ھەر قېتىم خەت قۇيۇلغاندا ئوخشاش بىر خەتتىن نەچچە ئونى قۇيۇپ چىقىرىلغان(105).

چاۋشيەن ھۆكۈمىتى مىخ مەتبەئە خېتى قۇيۇپ كىتاب بېسىشقا بەك ئەھمىيەت بەرگەن، شۇڭا مىخ مەتبەئە خېتى قۇيۇشتىن تارتىپ كىتاب بېسىپ تۈپلەشكىچە ناھايىتى قاتتىق ئىش ھالقىسى تەقسىماتى بولغان ھەمدە بۇنىڭغا مەخسۇس خادىم مەسئۇل قىلىنغان. باسمىخانىدا ئويمىكاردىن 14 ئادەم ياغاچ مىخ مەتبەئە قېلىپى ئىشلەشكە مەخسۇس مەسئۇل قىلىنغان؛ ئېرىتىش خادىمىدىن 6 كىشى مېتال ئېرىتىش ئىشلىرىنى باشقۇرغان؛ 8قۇيمىچى مەخسۇس خەت قۇيۇشقا مەسئۇل بولغان؛ خەت تەكشىيدىغانغا 40 ئادەم ئاجرىتىلىپ مەخسۇس خەت تىزىشقا(نابورچىكلىققا) قويۇلغان؛ يەنە كوررېكتورلۇققا مەخسۇس خادىم ئاجرىتىلغان؛ 20 ئادەم مەخسۇس بېسىشقا مەسئۇل قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قەغەزچى، ياغاچچى، ئويمىكار، خەت تولۇقلىغۇچى ئەمەلدارلار، كوررېكتورلۇقنى نازارەت قىلغۇچى ئەمەلدارلار، بېسىشنى نازارەت قىلغۇچى ئەمەلدارلار قاتارلىقلار بولۇپ 100دىن ئارتۇق ئادەم بۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولغان. ھۆكۈمەت كىتاب بېسىشنى تەكشۈرىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ نەتىجىسىنى باھالاشتا مەخسۇس

بەلگىلىمە-چارە تۈزگەن بولۇپ، بېسىلغان كىتاب نۇقسانسىز چىققان بولسا بېسىشنى نازارەت قىلغۇچى ئەمەلدارلارنى ئىنئام بىلەن تارتۇقلىغان. ناۋادا بىر جىلدتا بىرخەت خاتا بولۇپ قالسا بېسىشنى نازارەت قىلغۇچى ئەمەلدارلار بىلەن خەت تىزغۇچىلار( نابورچىكلار) 30چىۋىق ساۋىلىش جازاسىغا تارتىلغان. ناۋادا بېسىلغان كىتاب خېتى بەك قېنىق ياكى سۇس بولۇپ قالسا بېسىشقا مەسئۇل خادىملارمۇ چىۋىقتا 30 قېتىم ساۋالغان. شۇڭا چاۋشيەندە بېسىلىپ چىققان كىتابنىڭ سۈپىتى ياخشىلانغان، خاتالىقمۇ ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن. چاۋشيەندە بېسىلغان كىتاب-دەستۇرلارنىڭ مەزمۇنى تولۇق بولغاندىن سىرت يەنە خاتا خەتلەر بەك ئاز بولۇپ، سۈتتەك ئاق ۋە چىداملىق كورىيە قەغىزىگە چوڭ نومۇرلۇق خەت بىلەن فورماتى چوڭ قەغەزگە بېسىلغاچقا جۇڭگونىڭ ئوردىسى ۋە زىيالىي، ئۆلىما-ئەللامەلىرىنىڭ يۇكسەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن(106).

چاۋشيەندە بېسىلغان كىتابلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، مىخ مەتبەئە خېتى كۆپ ئىشلىتىلگەن، مىخ مەتبەئە خەتلىرىنىڭ تۈرىمۇ كۆپ بولغان، مىس، تۆمۈر، ياغاچ، چاقچۇق قاتارلىقلاردىن ياسالغان مىخ مەتبەئە خەتلىرى كۆپلەپ ئىشلىتىلگەن.

چاۋشيەن مىستىن قۇيۇلغان مىخ مەتبەئە خەتلىرىنى ئىشلەتكەن دەسلەپكى چاغلاردا بېسىشتا مىخ مەتبەئە خەتلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۇسۇلى بى شېڭنىڭ شام بىلەن مۇقىملاش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولغان، يەنى مىخ مەتبەئە خەتلىرىنى تۆمۈردىن ياسالغان باسما تاختىسىغا قۇيۇلغان شامغا پاتۇرۇپ تىزىپ، مىخ مەتبەئە خەتلىرىنى مىدىراپ كەتمەيدىغان قىلغان. بىراق شامنىڭ يېپىشتۇرۇش كۈچى ناچارراق بولغاچقا، نابورچىكلار خەتنى تىزىپ

بولۇپ كىتاب باسقاندا خەت ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىپ، پات-پات خەتنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا توغرا كەلگەن، بۇ باسمىنىڭ سۈپىتىگە ۋە سانىغا تەسىر يەتكۈزگەن. شۇڭا شىزۇڭ (مىلادى 1419-يىلدىن 1450-يىلىغىچە) بۇنىڭغا چارە قىلىپ ياخشىلاش يارلىقى چۈشۈرگەن. كۆپ يىللار تىرىشچانلىق كۆرستىش ئارقىلىق يۇەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە ئۆتكەن ۋاڭ جېن يازغان «دېھقانچىلىق قوللانمىسى» دا تونۇشتۇرۇلغان ئۇسۇل قوللىنىلغان، يەنى تۆمۈر رامكىلىق باسما تاختىسىغا بەت ياسىغاندا ئىشلىتىلىدىغان بەت بىلەن ئوخشاش ئېگىزلىكتىكى باموك تاختىيى تىزىپ قۇر ھاسىل قىلىنغان، خەت مۇشۇ قۇرلارغا تىزىلغان، قۇرنىڭ خەت چۈشمەندىغان بوش جايلىرىغا كىچىك ياغاچ شپون(بۇ سۆز نابور مەتبەچىلىكىدە 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىغىچە ئىشلىتىلگەن ــــ تەرجىمان) قىستۇرۇلۇپ، مىخ مەتبەئە خەتلىرى باسما تاختىغا مۇقىملاشتۇرۇپ چىڭىتىلغان. بىر بەت تىزىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن تۈز تاختا بىلەن بەت يۈزى بېسىپ تۈزلىنىپ ئاندىن سىياھ سۈرتۈلگەن. مۇشۇنداق بېسىش مەشغۇلاتىدا بىر ئادەم بىر كۈندە 40 باسما تاۋاق باسالىغان(107). بۇ قېتىمقى تېخنىكا ئۆزگەرتىش باسما سۈپىتىنى ياخشىلاپلا قالماستىن بەلكى بېسىلغان كىتابلارنىڭ سانىنىمۇ ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە كۆپەيتىپ، چاۋشيەن مەتبەئەچىلىكىدە مىخ مەتبەئەنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى تۇرغۇزۇش ۋە بۇ ئىلغار تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

شۈبھىسىزكى، چاۋشيەن مىخ مەتبەئە باسمىچىلىقىنى قوللىنىشقا باشلىغان چاغدىكى مىخ مەتبەئەگە ئائىت ئىدىيە بى شېڭ كەشىپ قىلغان لاي مىخ مەتبەئە خېتى بىلەن ۋاڭ جېن ئىشلەتكەن ياغاچ مىخ مەتبەئە خەتلىرىنى ياساش ئىدىيىسىنىڭ رىغبىتىگە ئېرىشتى. كىتابىمىزنىڭ مۇشۇ بابىدا نەقىل

قىلىنغان چاۋشيەن لى سۇلالىسىدە ئۆتكەن جىن زۇڭجىنىڭ چاۋشيەننىڭ مىخ مەتبەئەسىنىڭ مەنبەسىگە ئائىت بايانلىرى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ،گەرچە مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ قانداقلارچە ۋە قايسى ئۇسۇلدا جۇڭگودىن چاۋشيەنگە كىرگەنلىكىگە ئائىت يازما تارىخي ماتېرىياللار بايقالمىغان بولسىمۇ ئۇ مىخ مەتبەئەنىڭ جۇڭگودىن كىرگەنلىكىنى تەن ئالغان، ئەمما مۇتەخەسسىسلەر چاۋشيەنلىك يى تيەن 11-ئەسىردە جۇڭگونىڭ خاڭجۇ شەھرىدە تۇرغان، بۇ دەل بى شېڭنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغان ۋاقتى، بەلكىم يى تيەن خاڭجۇدا تۇرغان مەزگىلدە شىن كونىڭ ئەسىرىدىن ياكى جۇڭگولۇق دوستلىرىدىن مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنغانلىقىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى بىلگەن بولۇشى ھەمدە بۇ تېخنىكىنى چاۋشيەنگە ئېلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ قاراشماقتا. مەشھۇر مەتبەئە تارىخى تەتقىقاتچىسى چيەن سۈنشۈن ئەپەندى چاۋشيەن مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۈچ تەرەپتىن جۇڭگونىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، يەنى بىرىنچىدىن مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى ئىدىيىسىدە شەك-شۈبھىسىزكى جۇڭگو ۋەسىقىلىرىنىڭ ياكى ئۇچۇرلىرىنىڭ ئىلھامىغا ئۇچرىغان؛ ئىككىنچىدىن جۇڭگونىڭ پۇل قۇيۇش تېخنىكىسى ۋە ھۈنەر-سەنئىتى بولۇپ، كورىيە خاندانلىقى سۈزۈڭ سەلتەنەتىنىڭ ئىككىنچى يىلى( مىلادى 1102-يىلى) جۇڭگودىن پۇل قۇيۇش تېخنىكىسى ۋە ھۈنەر-سەنئىتىنى كىرگۈزگەن، بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى قۇيۇشتا كەم بولسا بولمايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن جەمئىيەتنىڭ كىتابقا بولغان يۇكسەك دەرىجىدىكى ئېھتىياجى، پەقەت مىخ مەتبەئەلا بۇنداق ئېھتىياج بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلالايتتى دەپ كۆرسەتكەن ئىدى(108).

سۇڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن بى شېڭ مىخ مەتبەئە باسمىچىلىقىنى كەشىپ قىلغان چاغدا، جۇڭگو ئويما بەت مەتبەئەسىدىن مىخ مەتبەئەگىچە بولغان نەچچە باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن، جۇڭگونىڭ بۇ جەھەتتىكى تېخنىكىسىمۇ ئالىللقاچان پىشىپ يېتىلگەن. جۇڭگو ئەمىنىيە(چۇنچيۇ دەۋرى) دەۋرىنىڭ دەسلىپىدىلا پۇل قۇيۇشقا باشلىغان، بۇ سۇڭ دەۋرىگە كەلگەندە 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە تېخنىكا بولۇپ قالغان، بۇ مەزگىلدە پۇل قۇيۇش تېخنىكىسى ۋە ھۈنەر-سەنئىتى جەھەتتە مول تەجرىبىلەرنى توپلىغان، بۇ تەجرىبىلەر ئەلۋەتتە شەرقىي ئاسىيا ئەللىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. چيەن سۈنشۈن ئەپەندىنىڭ چاۋشيەننىڭ مىتالدىن مىخ مەتبەئە خېتى قۇيغان ۋاقتى ھەققىدە توختالغىنىدا جۇڭگونىڭ پۇل قۇيۇش تېخنىكىسى ۋە ھۈنەر-سەنئىتىنى ئۆرنەك قىلىش قارىشى ناھايىتى توغرا.

جۇڭگو 6-،7-ئەسىرلەردە ئويما بەت مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغاندىن كېيىن، 11-ئەسىرنىڭ بېشىدا بى شېڭ يەنە تۇنجى بولۇپ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلدى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى شۇكى، مىخ مەتبەئەدىن پايدىلىنىش ئىدىيىسىنىڭ جۇڭگودا شەكىللىنىشى ۋە ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ خىل ئىدىيە ۋە تېخنىكا ئەمەلىيىتى بى شېڭ بىلەن چاغداش ئالىم شېن كو تەرىپىدىن خاتىرىلىنىپ، بۇ خاتىرىلەر مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ناھايىتى مۇھىم تۆھپە قوشقان. بى شېڭنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش جەريانى ۋە بۇ تېخنىكىدىن خاتىرە قالدۇرۇلغان«مېڭشى باغچىسىدىكى پۈتۈكلەر» ناھايىتى كەڭ تارقالغان ئەسەر. چاۋشيەن بىلەن جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ قالمىغان، مەتبەئە تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشمۇ خۇددى

شۇنىڭغا ئوخشاش. جۇڭگو مەتبەئە تېخنىكىسى جەھەتتە زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشكەن چېغىدا مەتبەئە تېخنىكىسىغا قىزىققان چاۋشيەن بۇ تېخنىكىنى ئالدى بىلەن كىرگۈزمەي قالمايدۇ، چۈنكى چاۋشيەن يېقىن خوشنىسى جۇڭگونىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالىغا ھەر ۋاقىت يېقىندىن دىققەت قىلىدۇ، جۇڭگو مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ چاۋشيەنگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى مۇقەررەر.

مىخ مەتبەئە خەتلىرىنىڭ تۈرلىرىنى ئىجاد قىلىش جەھەتتە چاۋشيەننىڭ دەسلەپكى ئىشلەتكەن مىخ مەتبەئەسى جۇڭگونىڭ خەنزۇچە مىخ مەتبەئە خېتى بولۇپ،خەت(سۆز)بىرلىك قىلىنغان. كېيىنچەرەك چاۋشيەن تىلىغا باب كېلىدىغان بوغۇملۇق يېزىق بولغان« ئاۋام يېزىقى»ئىجاد قىلىنغان، « ئاۋام يېزىقى» قوللىنىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، خەنزۇ يېزىقى بىلەن بوغۇملۇق يېزىق تەڭلا قوللىنىلغان. كىتاب باسقان چاغدا ئەسلىدىكى خەنزۇچە خەت مىخ مەتبەئەسى ئىشلىتىلگەندىن سىرت يەنە مىخ مەتبەئە تۈرىگە بوغۇم تىپىدىكى مىخ مەتبەئە خېتى ـــ « ئاۋام يېزىقى» نىڭ مىخ مەتبەئەسىمۇ قوشۇلغان. 15-ئەسىردە، چاۋشيەندە بوغۇملۇق يېزىقنىڭ مىخ مەتبەئە خېتى ئىجاد قىلىنغان، بۇ ئىلگىرى ئىشلىتىلگەن نوقۇل خەنزۇچە خەت مىخ مەتبەئەسىگە قارىغاندا چاۋشيەن تىلىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، چاۋشيەن تىلىنىڭ فونېتىكا ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن، بۇ چاۋشيەن مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى تەرەققىيات داۋامىدىكى زور ئىلگىرىلەش بولۇپ، چاۋشيەننىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى تەرەققىياتىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسىدۇر. مەسىلەن، مىلادى 1447-يىلى بېسىلغان«ساكيامونى شەجەرەسىنىڭ تەپسىلىي شەرھى» «بىرىنچى بۇرجەتتىكى يولۋاس خېتى»دە (مىس مىخ مەتبەئە خېتى) بەت ياسالغاندا خەنزۇچە مىخ

مەتبەئە خېتى بىلەن «ئاۋام پىرىنقى»نىڭ مىخ مەتبەئە خېتى بىللە قوللىنىلغان. يەنە مەسىلەن، 1448-يىلى بېسىلغان«شەرق ئېلىنىڭ قېلىپلاشقان قاپىيەسى»مۇ مىس مىخ مەتبەئەدە بەت ياسىلىپ، خەنزۇچە ۋەە «ئاۋام پىرىنقى»نىڭ مىخ مەتبەئەسى ئىشلىتىلگەن. 1480-يىلى بېسىلغان«دۇفۇ ھەزرەتلىرى نەزمىلىرىنىڭ ئاۋام پىرىنقىدىكى شەرھى» گىمۇ 1455-يىلى قۇيۇلغان مىس مىخ مەتبەئە خېتى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇمۇ ھەم خەنزۇچە مىخ مەتبەئە خېتى ھەم «ئاۋام پىرىنقى» نىڭ مىخ مەتبەئە خېتى ئىشلىتىلگەن. 1466-يىلى بېسىلغان«بۇددا ۋەتەمسەكە-مەھاۋەيپۇلىيەنس سۇترە دەستۇرىنىڭ ئويغىنىش قىسسىسى نومى»مۇ ئوخشاشلا ئىككى خىل پىرىنقنىڭ مىخ مەتبەئە خېتى تەڭ ئىشلىتىلگەن(109).

شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، چاۋشيەنىنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى تەرەققىيات داۋامىدا خەنزۇچە مىخ مەتبەئە خېتى قوللىنىلىشتىن خەنزۇچە مىخ مەتبەئە خېتى بىلەن بوغۇملۇق پىرىق مىخ مەتبەئەسى تەڭ قوللىنىلىشتەك ئىككى باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن. مىخ مەتبەئەنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇكەممەللىششى ئاخىرقى ھېسابتا ئىپادىلەيدىغان تىل، ئىشلىتىدىغان پىرىق بەلگىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈدۇ، بۇ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن.

## ئىككىنچى پاراگراف

## مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ياپونىيەگە تارقىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

### 1.ياپونىيەنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى

ياپونىيە ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى ئارال دۆلىتى بولۇپ، ئىلمىزنىڭ دېڭىز ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان خوشنىسى.

ياپونلار ئۇزاق تارىخي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە مىللەت. ئۇلار ئىلگىرى-كېيىن تاسما نەقىشلىك مەدەنىيەت (ئارغامچا سىزىقچا مەدەنىيتى) ، نىفو مەدەنىيتى دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، مىلادى 3-ئەسىرگە كەلگەندە جيۇجۇنىڭ شىمالىدا كۈچلۈك ياماتو(شىپىماتەي) بەگلىكىنى قۇرغان، مۇشۇ چاغدىن ئېتىبارەن جۇڭگو بىلەن ئالاقە قىلىشقا باشلىغان. مىلادى 3-ئەسىردىن كېيىن ياماتو(داخې) دۆلىتى بىنجۇ ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان، 3- ۋە 4-ئەسىرلەر ئارىلىقىدا بۇ دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، ياپونىيە دۆلىتىنى شەكىللەندۈرىدىغان مەركىزىي رايونغا ئايلانغان. بىنجۇ ئارىلى جۇڭگو ۋە چاۋشيەن مەدەنىيتىنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىغان، 4-ئەسىردىن 5-ئەسىرگىچە چوڭ قۇرۇقلۇقتىن نۇرغۇن دېھقان ۋە ھۈنەرۋەن-كاسىپلار ياپونىيەگە بېرىپ يەرلەشكەندە ئىلغار يېزا ئىگىلىك قول سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئېلىپ بارغان. بۇنىڭ ئىچىدە ياپونىيە تارىخىدا «كورىيە تاۋلىغۇچىلىرى» دەپ ئاتالغان چاۋشيەننىڭ ئېرىتىش-تاۋلاش ئۇستىلىرى ۋە «ۋۇ بابكارلىرى» ھەم «خەن بابكارلىرى» دەپ ئاتالغان جۇڭگودىن كەلگەن توقۇمىچىلىق ئۇستىلىرى بار(110). داخې دۆلىتى ئاستا-ئاستا كېڭىيىش ئارقىلىق مىلادى 5-ئەسىردە ياپون ئارىلىنى تەلتۆكۈس بىرلىككە كەلتۈردى.

ياپونىيەنىڭ دەسلەپتە يېزىقى يوق ئىدى، كېيىنچە چوڭ قۇرۇقلۇق كۆچمەنلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن مىلادى 5-ئەسىرگە كەلگەندە كۆڭ زى

تەلىماتى دەستۇرلىرى بەيجى(پىكچى) ئارقىلىق ياپونىيەگە كىرگەن، بۇنىڭ بىلەن خەنزۇ يېزىقى بۇ دۆلەتنىڭ يېزىقى سۈپىتىدە ياپون تىلىنىڭ فونېتىكىسىنى ئىپادىلىگەن. خەنزۇ يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن ۋەسىقىلەردىن تارىخىي كىتابلاردىن «پادشاھنامە»، «پادشاھنامەنىڭ داۋامى» قاتارلىقلار بولۇپ، پادشاھلار جەمەتىنىڭ نەسەبى، تارىختىن بۇيانقى پادشاھلارنىڭ نام-شەرىپلىرى، ئۇرددا ۋە مەقبەرەلەرنىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلارغا ئائىت خاتىرىلەردىن ئىبارەت. بۇ كىتابلار گەرچە بۇگۈنگىچە يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ ئەمما 8-ئەسىردە تاماملانغان تارىخىي كىتاب «بۇرۇنقى ئىشلار پۈتۈكلىرى» بىلەن «ياپونىيە تەزكىرىسى»نىڭ مۇھىم ماتېرىيال ئاساسى بولغان.

قەدىمقى ياپونلار ئانىمزم ( روھچىلىق) غا ئىشىنىدىغان خەلق بولۇپ، كۈن، تاغ، دەريا، دېڭىزلارنىڭ ئىلاھى بولىدۇ، دەپ قارايتتى، بۇ چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ جاي-جايلىرىدا ئېقىپ يۈرگەن شامان دىنىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئەجدادىغا چوقۇنۇش ياپونلار دىنىي ئېتىقادىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. مىلادى 6-ئەسىردە بەيجى(پىكچى) پادشاھى ئۆزىنىڭ ئەلچىسىدىن ساكيامونىنىڭ ھەيكىلى بىلەن بۇددا نوملىرىنى ياپونىيەگە ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتكەندىن ئېتىبارەن بۇددا دىنى ياپونىيەگە كىرگەن.

6-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، شاھزادە شېڭدې(شاھزادە شوتوكۇ) پادشاھنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىپ،بۇددا دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىپ كېڭەيتتى، كۈڭ زى تەلىماتىغا ئىلھام بېرىپ جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت تۈزۈمىنى ئۆرنەك قىلىپ ئىسلاھات ئېلىپ باردى. ياپونىيە 608- ۋە 609-يىللىرى ئىككى قېتىم ئەلچى،ئوقۇغۇچى، راھىبلارنى جۇڭگونىڭ سۈي سۇلالىسىگە ئەۋەتتى. نەيلىيالىڭ

(نارا) دەۋرىدە ياپونىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، جۇڭگودىن كىرگۈزۈلگەن دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرى يەنىمۇ كەڭ ئومۇملاشتۇرۇلدى. 630-يىلدىن 894-يىلغىچە بولغان مەزگىللەردە ياپونىيە جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسىگە 19 قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى. تارىختا مەشھۇر بولغان يوەنرېن، كۈكخەي ۋە ئابېي جۇڭمالۇ قاتارلىقلار دەل ئاشۇ دەۋردە جۇڭگوغا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلاردۇر. ئۇلار دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن جۇڭگو مەدەنىيىتى ۋە بۇددا دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. بۇ مەزگىلدە ياپونىيە تاڭ سۇلالىسىنىڭ مائارىپ تۈزۈمىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن دوراپ مەركەزدە خان جەمەتى بىلىم يۇرتى، جايلاردا دۆلەتلىك بىلىم يۇرتى تەسىس قىلىپ بۇددا دەستۇرلىرى، قانۇن، ئەمرى-مەرۇپ، خەنزۇ ئەدەبىياتى، خەتتاتلىق ۋە ماتېماتىكا ئىلمى قاتارلىقلاردىن تەلىم بېرىشنى يولغا قويدى. بۇ مەزگىلدە بۇددا دىنى ياپونىيەدە تازا گۈللەنگەن بولۇپ، جۇڭگونىڭ بۇددا ئېقىملىرىدىن دەرەنى مەزھىپى بىلەن تيەنتەي مەزھىپى ياپونىيەدە ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ياپونىيە بىناكارلىق، رەسساملىق، ئويمىكارلىق ۋە ھۈنەر-سەنئەت ھەمدە كىيىم-كېچەك قاتارلىق جەھەتلەردە تاڭ سۇلالىسىگە تەقلىد قىلغان. ياپونىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولغان نەيلىياڭدىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىمۇ تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە لوياڭنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى دوراپ بىنا قىلىنغان. ئەينى چاغدا ياپونىيە مەملىكەت ئىچىدىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ نەيلىياڭدىكى دۇڭداسى ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرغان. خەنزۇچە نام بېرىلگەن«万叶假名»(كۆپ ياپراقلىق كانا) مۇ دەل مۇشۇ مەزگىلدە بارلىققا كەلگەن. نەيلياڭ دەۋرىدە يەنە تارىخي كىتاب«بۇرۇنقى ئىشلار پۈتۈكلىرى» ۋە ياپونىيەنىڭ كىلماتى،

مەھسۇلاتلىرى، تاغ ـ دەريالىرى تونۇشتۇرۇلغان ئەڭ بۇرۇنقى يەرلىك تەزكىرىسى بولغان « ئۆرپ ـ ئادەت پۇتۇكلىرى » تاماملانغان.

ياپونىيەنىڭ ليەنساڭ دەۋرىدە (كاماكۇرا شاگونلۇقى دەۋرى) (مىلادى1192 ـ يىلىدىن 1333 ـ يىلىغىچە) جۇڭگودىن كىرگەن دىيانا مەزھىبى ھەمدە جۇڭگونىڭ بۇددا دىنى ئاساسىدا تارقىلىپ شەكىللەنگەن سۇكاۋاتى ۋە نىچىرېن مەزھەبلىرى ياپونىيەدە قالتىس روناق تاپقان. تاڭ ۋە سۇڭ سۇلالىلىرىدىن تارقىلىپ كىرگەن پاكلىقتا دالالەت قىلىدىغان ئامىتابا تىلاۋەت دەستۇرلىرى ياپونىيەدە تەرەققىي قىلىپ بىرقانچە ئېقىم شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، گېنكۇنىڭ شاگىرتى جودو مەزھىبىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، گېنكۇنىڭ يەنە بىر شاگىرتى چىنلۇەن جودو شىنشۇ مەزھىبىنى بەرپا قىلغان، بۇ مەزھەب ئىجتىھات بىلەن نوم ئوقۇشنى ئەمەس بەلكى چىن ئەقىدە بىلەن ئامىتا بۇدساتۋاغا قەتئىي ئېتىقاد قىلىشقا ھەمدە خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن بىللە بۇددانى نۇرلاندۇرۇشقا، گۆشلۈك غىزا يېيىشكە ئىجازەت قىلىشنى تەرغىب قىلغان. بۇ مەزھەب كېيىنچە داگۇ ۋە ھۇنگان ساڭرامى قاتارلىق 15ئېقىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نىچىرېن مەزھىبى مەخسۇس خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان «سادداراما پۇنداريكا سۇترا» غا ئىخلاس قىلغان ھەم «سادداراما پۇنداريكا سۇترا»نىلا ئوقۇغاندا ۋە «سادداراما پۇنداريكا سۇترا»نىڭ يەتتە خەلىك تېمىسىنى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇغاندىلا ئاندىن ھاياتلىقنى قۇتقۇلدۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. دىيانا مەزھىبى، جودو مەزھىبى ۋە نىچىرېن مەزھىبىنىڭ مۇرەككەپ سانبۇتىكى (ئەقىدىسى) ۋە مۇراسىمى بولمىغانلىقتىن ھېرىپ ھالىدىن كەتكىچە ئىبادەت قىلمىسىمۇ بۇددالىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكىلى يەنى ئەۋلىيا بولغىلى بولىدۇ، دېگەننى تەرغىب

قىلغاچقا ساموراي‍لار ھەمدە ئوتتۇرا-تۆۋەن قاتلامدىكى ئاۋام ئارىسىدا كەڭ تارقالغان(111).

سۈڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، جۇڭگو-ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسى روناق تېپىپ تازا كۆچەيگەن، ئەينى چاغدا مەخسۇس ياپونىيەگە قاتناپ سودا قىلىدىغان بىر تۈركۈم سودىگەرلەر بولۇپ، ھەر يىلى دېگىدەك سۈڭ سۇلالىسىنىڭ سودا كېمىلىرى جۇڭگو-ياپونىيە ئاراللىرى ئارىلىقىدا قاتناپ سودا ئالاقىسى قىلىش بىلەن بىللە يەنە جۇڭگولۇقلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە تېخنىكىسىنى ياپونىيەگە ئېلىپ بارغان. دېڭىز سودىسىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشى ۋە ئۆزئارا تەسىرىمۇ ئۈزلۈكسىز قويۇقلاشتى. مۇشۇنداق شارائىتتا خۇددى ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشقا ئوخشاش، قەدىمقى ياپونىيە قەغەز ياساش تېخنىكىسى، مەتبەئە تېخنىكىسى جەھەتتىمۇ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا جۇڭگونىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

5-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ياپونىيەدە يەرلىشىپ قالغان جۇڭگولۇق ياكى چاۋشيەنلىك كۆچمەنلەر قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى ياپونىيەگە ئېلىپ بارغان(112). مىلادى 610-يىلى تەنخۇي ياپونىيەگە بارغان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ قەغەز ياساش، سىياھ ياساش ھۈنىرىنى بىلگەندىن باشقا يەنە باشقا ھۈنەرلەرگىمۇ پىششىق ئىدى. شۇڭا ياپونىيەلىكلەر ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى مەرتىۋە بەرگەن، ياپونىيەنىڭ بىر قەدىمىي رەسمى بولغان « ياپونىيەدە قەغەز ياسىغان ئۇچ ھەزرەتنىڭ رەسمى»نىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا«بىلىق توردىن قەغەز ياسىغان» سەيلۇن، سول تەرىپىگە « ياپونىيەدە قەغەز ياساشنى باشلىغان» تەنخۇي، ئوڭ تەرىپىگە تۇنجى بولۇپ

شجيۇ كەنتىدە قەغەز ياساش بىلەن شۇغۇللانغان ۋاكيۇ چىكىبىگۇۋېي سىزىلغان(113). ياپونىيەنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان ئەڭ بۇرۇنقى قەغەزگە يېزىلغان كىتابى مىلادى 609~616-يىللىرىدا شاھزادە شوتوكۇ يازغان ھەم قولدا كۆچۈرۈلگەن«سادداراما پۇنداريكا سۇترانىڭ شەرھى» بولۇپ، بۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن قەغەز جۇڭگودىن ئېلىپ كېلىنگەن بولۇشى مۇمكىن. ياپونىيەدە ئەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن قەغەز ھازىر نەيلياڭ(نارا) دىكى ئامبار قورۇسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، بۇ مىلادى 701-يىلىدىكى ئۈچ جايغا ئالاقىدار يەرلىك نوپۇس دەپتىرىنىڭ كەمتۈك قېپىدىن ئىبارەت.

ياپونىيە پادشاھ ئوردىسى بۇددا نوملىرىنى كۆچۈرۈش، نوپۇس تىزىملاش ئۈچۈن نۇرغۇن قەغەزگە ئېھتىياجى چۈشكەن، ئوردا نوم كۆچۈرۈش ئۈچۈن بىر قېتىمدا 100مىڭ ۋاراق قەغەز ئىشلەتكەچكە، ھۆكۈمەت 701-يىلى مەخسۇس قەغەز ياساشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلغان. پايتەختنى كيوتوغا كۆچۈرگەندىن كېيىن مىلادى 806~810-يىللىرى «قەغەز ئىسكىلاتى»تەسىس قىلىش ئارقىلىق ئوردىنى قەغەز بىلەن تەمىنلىگەن. بۈگۈنكى كۈندە، ئامبار قورۇسىدا ئەينى يىللىرى ھۆكۈمەتنىڭ قەغەزگە ئائىت ۋەسىقىلىرى ھېلىھەم ساقلانماقتا. ئەينى چاغدا، ياپونىيە ئوخشاشمىغان نۇرغۇن خام ئەشيادىن پايدىلىنىپ قەغەز ياسىغان، دەسلەپتە قەغەز ياساشقا كەندىر بىلەن بروئۇسسونىتسىيە قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى خام ئەشيا قىلغان. ئەمىنلىك دەۋرى( ياپونىيىنىڭ خېيئان سۇلالىسى، مىلادى 794~1185-يىللار) دىن ئېتىبارەن ياپونىيە بروئۇسسونىتسىيە ئۆسۈملۈكى بىلەن ياۋا غاز تېرىسىنى (Wikstroemia Sikokiana) ئاساسلىق خام ئەشيا قىلىپ قەغەز ئىشلىگەن، دەسلەپكى ياپونىيە قەغىزىنىڭ ئىشلىنىش ئۇسۇلى جۇڭگونىڭكىگە ئوخشاش

بولغان. ئەمىلىك دەۋرىدە، قەغەز ياساش ياپونىيەنىڭ جاي-جايلىرىغا ئومۇملاشقان. ياپون قەغىزىنىڭ سۈپىتى ياخشى، كۆركەم بولغانلىقتىن سوۋغاتلىق سۈپىتىدە جۇڭگوغىمۇ ئەۋەتىلگەن.

ياپونىيە قەغەزچىلىك، سىياھ ياساش جەھەتتىلا جۇڭگونىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماستىن بەلكى ئويما بەت مەتبەئەسى ۋە كىتابنىڭ بەت شەكلى، تۇپلىنىش شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ بىۋاستە جۇڭگونىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

## 2.ياپونىيەنىڭ ئويما بەت مەتبەئەسى

بەزى تەتقىقاتچىلار ياپونىيەنىڭ ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئەڭ بالدۇرقى باسما بۇيۇمىنىڭ ماددىي پاكىتى «دەرەنى ئايەتلىرى» بولۇپ، مىلادى 764~770-يىللىرى ئارىلىقىدا ئويما بەت مەتبەئەسىدە بېسىلغان، ئويما مەتبەئە تېخنىكىسىدىن قارىغاندا جۇڭگونىڭ ئويما بەت مەتبەئەسىگە تەقلىد قىلىنغان دەسلەپكى نۇسخا بولسا كېرەك، بۇ باسما نۇسخىنىڭ باسما تېخنىكىسى دېگەندەك نەفىس ئەمەس، دەپ قاراشماقتا. يەنە نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار بۇ نۇسخىنىڭ ياپونىيەدە بېسىلغانلىقىغا گۇمان قىلىشماقتا. چۈنكى بۇ نۇسخىنىڭ بېسىلغان دەۋرىدىن كېيىنكى 200يىلدا ياپونىيەدە يەنە ئويما بەت مەتبەئەسىدە كىتاب بېسىلغانلىقىغا ئائىت تارىخىي يازما خاتىرە يوق، دەپ قاراشماقتا(114).

سۇڭ سۇلالىسى جۇڭگونىڭ مەتبەئە تېخنىكىسى زور كۆلەمدە ياپونىيەگە كىرىپ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغان دەۋردۇر. جۇڭگونىڭ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ دەسلىپىدە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تارىختىكى تۇنجى

بۇددا نوملىرى دىۋانى بولغان «كەيىاۋ نوملىرى دىۋانى» بېسىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي سۇڭ تەيزۇڭ بۇ نومنىڭ بىرنى ياپونىيەلىك راھىب چونېنغا ھەدىيە قىلغان ھەمدە راھىب چونېن بۇ نۇسخىنى ياپونىيەگە ئېلىپ كەتكەن. راھىب چونېن ياپونىيە شەرقىي چوڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىب كالان ئاچارياسى بولۇپ، يۇڭگۇەن سەلتەنەتىنىڭ بىرىنچى يىلى(مىلادى 983-يىلى) 8-ئايدا 6 شاگىرتىنى باشلاپ سۇڭ سۇلالىسىنىڭ سودا كېمىسى بىلەن جۇڭگوغا كەلگەن، ئۇ جېجياڭنىڭ تەيجۇدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، بۇددا دىنىنىڭ مەشھۇر تاۋابگاھى ۋۇتەيشەننى تاۋاپ قىلغان، شۇ يىلى 10-ئايدا ئاستانىگە كىرىش ئىجازىتى ئالغاندىن كېيىن ئوردىغا كىرىپ تەيزۇڭغا كۆرۈنۈش قىلغان ھەمدە پادشاھنىڭ سورىغانلىرىغا جاۋاب بېرىپ ھالرەڭ تون( شاھانە كاسايا) ئىنئامغا ئېرىشكەن، شۇنىڭدەك يەنە راھىب كالان ئاچاريالىق ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلغان. 984-يىلى 3-ئايدا ئاستانىدىكى چوڭ-كىچىك ئىبادەتخانىلارنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن ۋۇتەيشەن، لوياڭ، لۇڭمېن قاتارلىق جايلاردىكى بۇددا تاۋابگاھىنى زىيارەت قىلىپ، ئاندىن كۇەنخې سەلتەنەتىنىڭ 2- يىلى (مىلادى986-يىلى) ياپونىيەگە قايتقان. ئۇ ياپونىيەگە ئېلىپ قايتقان سوۋغاتلىق بۇيۇملاردىن سۇڭ تەيزۇ ھەدىيە قىلغان 286جىلد بۇددا نومى قاتارلىقلار بار ئىدى. شۇ مەزگىللەردە ياپونىيەنىڭ بۇددا نومىغا بولغان ئېھتىياجى بەك زور بولغانلىقتىن راھىب چونېن ئېلىپ بارغان نوم ياپونىيەنىڭ مەتبەئەچىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

يازمامەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە ياپونىيەدىكى جودو مەزھىبى بۇددا دىنى ئەھكاملىرىدىن «ساددارما پۇنداربكا سۇترا»نى ئاساس قىلغاچقا، مىلادى

1009-يىلى ياپونىيەدە مىلىك نۇسخا «سادداردا پۇندارىكا سۇترا» بېسىلغان، 1014-يىلى يەنە مىلىك نۇسخا بېسىلغان، بۇ نومىلارنىڭ تۆپلىنىش ئۇسۇلى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك «كەيباۋ نومىلار دىۋانى» نىڭكىگە ئوخشىشىپ كەتكەن. ياپونىيە راھىبلىرىمۇ ئەينى چاغدا خۇددى جۇڭگولۇق راھىبلارغا ئوخشاشلا نوم كۆچۈرسە ياكى باستۇرسا چەكسىز ساۋاب تاپىدۇ، ئەل-يۇرت ئەمىن تېپىپ، بالايىئاپەت تۈگەپ خەلق ئاسايىشلىقتا ئۆتىدۇ، دەپ قارىغان. شۇڭا مەتبەئە تېخنىكىسى ناھايىتى تېزلا جەمئىيەتنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ كەڭ تۈردە ئومۇملاشقان. ئادەتتە بۇ ياپونىيەنىڭ رەسمىي كىتاب بېسىشنىڭ باشلىنىشى، دەپ قارىلىدۇ، ئەينى چاغدا نەيلياڭ (نارا) بىلەن كيوتودىكى ھەرقايسى چوڭ ئىبادەتخانىلار بەس-بەستە نوم بېسىش بىلەن مەشغۇل بولغان(115).

ياپونىيەدە دەسلەپتە بېسىلغان كىتابلار مەيلى بۇددا نومىلىرى بولسۇن ياكى كۇڭ زى تەلىماتى دەستۇرلىرى بولسۇن ۋە ياكى تىبابەت قاتارلىق باشقا كىتابلار بولسۇن خەنزۇ يېزىقىدا بولسىمۇ ئەمما ئوقۇلۇشى باشقىچە ئىدى. شۇڭا كىتابتىكى تېكىست ئارىلىرىغا«ئۆلچەملىك ئوقۇش»، «سىيلىق ئوقۇش» ياكى «ياپونچە ئوقۇش» دېگەن خەتلەر ئويۇپ قويۇلغان. يۈەنخېڭنىڭ بىرىنچى يىلى (مىلادى 1311-يىلى) نىڭ بېشىدا، تۈنجى قېتىم تۈز كانالىق « قاراڭغۇ جىلغىدىكىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزۈندە» بارلىققا كەلگەن، ئارىدىن 20نەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن پارچە كانالىق «چۆشتىكى سوئال-جاۋابلار خاتىرىسى» بېسىلغان(116).

جۇڭگونىڭ يۈەن دەۋرىدە، بۇددا نومىدىن باشقا دەستۇرلار ۋە كىتابلارمۇ ياپونىيەگە تېخىمۇ كۆپلەپ كىرگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەدەبىيات، كۇڭ زى

تەلىماتى دەستۇرلىرى ۋە تىپابەتكە ئائىت ئەسەرلەر بار ئىدى. بۇ ئەسەرلەر ياپونىيە كىتابخانىلىرىنى بەك جەلپ قىلغاچقا بۇنداق ئەسەرلەرگە بولغان ئېھتىياجمۇ زور بولغان، بۇ كىتابلارنىڭ ياپونىيەدە كۆپلەپ بېسىلىشى ياپونىيە مەتبەئەچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرگەن. مىلادى 1325-يىلى ياپونىيەدە جۇڭگولۇق شائىرلارنىڭ شېئىرلار توپلىمىدىن «قەھرىتان تاغلىقتىكى نەزمىلەر» بېسىلدى، بۇ ياپونىيەدە بۇددا دىنى نومىلىرىدىن باشقا كىتاب بېسىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى يازما خاتىرىدۇر. مىلادى 1364-يىلى ياپونىيە تۇنجى كۇڭ زى تەلىماتى دەستۇرى «مۇھاكىمە ۋە بايان» بېسىلدى.
خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ياپونىيەنىڭ كيوتودىكى بەش تاغ ( ياپونىيەنىڭ بۇددا ساھەسىدىكىلەر كيوتو بىلەن كاماكۇرادىن ئىبارەت ئىككى جايدىكى ئوخشاش بىر مەزھەبكە تەۋە نەنچەنسى ساڭرامى، تېنرىيۇجى ساڭرامى، جيەنرېنسى ساڭرامى، دۇڭفۇسى ساڭرامى ۋە ۋەنشۇسى ساڭرامىدىن ئىبارەت دىيانا مەزھىبىنىڭ بەش چوڭ ساڭرامىنى بەش تاغ، دەپ ئاتىشىدۇ) دا جۇڭگونىڭ 80 گە يېقىن ئەسىرىنى باسقان، بۇ كىتابلارنى بېسىشتا جۇڭگودا بېسىلغان نۇسخىسى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئىلگىرىكىدەك قولىيازما نۇسخا ئىشلىتىلمەستىن بەلكى سۇڭ سۇلالىسىدە ئىشلىتىلگەن نۇسخىغا ئوخشاپ كېتىدىغان چاسا نۇسخا ئىشلىتىلگەن.كىتابلارنىڭ بەت شەكلى بىلەن تۈپلىنىشى جۇڭگونىڭكىگە تەقلىد قىلىنغان. بەش تاغ باستۇرغان كىتابنىڭ بېسىلغان ۋاقتى كاماكۇرا دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىن شىدىڭنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە بولغان 200 يىلدىن كۆپ ۋاقىتتۇر. باسمىچىلىقى ئەڭ گۈللەنگەن ۋاقىتتا كىتاب بېسىشقا رىياسەتچىلىك قىلغان بەش تاغ راھىبلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەنزۇ تىل-يېزىقىغا پىششىق بولغان ئۆلىما-ئەللامە راھىبلار بولغان. بەش تاغدا

بېسىلغان كىتابلار يۈەن سۇلالىسى نۇسخىسىنى ئاساس قىلغان، شۇڭا بېسىلغان كىتابلار ئەسلىي نۇسخىسىدىن پەرقلەندۈرگۈسىز چىققان بولۇپ، ئويما بەت ۋە بېسىش جەھەتتىكى نەفىسلىكى بىلەن مەشھۇر بولغان، مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، بۇ كىتابلار«بەش تاغ باسمىسى» دەپ نام ئالغان، بەش تاغ باسمىسىنىڭ ياپونىيە مەتبەئە تارىخىدا تۇتقان ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولغان. بەش تاغ ئىبادەتخانىلىرىدا جەمئىي 79پارچە دەھرىي كىتاب بېسىلغان بولۇپ، كۆپىنچىسى جۇڭگو شائىرلىرىنىڭ نەزمىلەر توپلىمى بولغان. جۇڭگونىڭ ئويما بەت مەتبەئە ئىشچىلىرى بەش تاغ باسمىسىغا ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشقان، ئۇلار ياپونىيە مەتبەئە بۇيۇملىرىنى كۆپەيتىپلا قالماستىن بەلكى سۈپىتىنىمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلىغان. بەش تاغ باسمىسىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغانلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، 300 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «ھەزرىتى دۇفۇ نەزمىلىرىنىڭ دىۋانى»، « تاغ جىلغىلىرىغا ئوقۇلغان نەزمىلەر دىۋانى» ۋەكىللىك ئەسەرلەردۇر. بۇ مەزگىلدە، جۇڭگودا ئىچكي ئۇرۇش بولۇۋاتقاچقا، خەلق ئىچىدىكى نۇرغۇن ئويمىكار، مەتبەئە ئۇستىلىرى ياپونىيەنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ دېڭىزدىن ئۆتۈپ ياپونىيەگە بارغان. جۇڭگونىڭ يۈەن سۇلالىسىدىن مىڭ سۇلالىسىگىچە بولغان مەزگىلدە 50تىن ئارتۇق جۇڭگولۇق مەتبەئە مۇتەخەسسىسلىرى ياپونىيەنىڭ ھەرقايسى چوڭ ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ياپونىيەگە بېرىپ بۇددا نوملىرىنى ۋە باشقا دەھرىي كىتابلارنى بېسىش بىلەن مەشغۇل بولغان. بۇ جۇڭگولۇق ئويمىكارلار ۋە مەتبەئە ئۇستىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى تۈپەيلىدىن ياپونىيە مەتبەئەچىلىكى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، ياپونىيە تاڭ ئۇسلۇبىدىكى مەتبەئەچىلىكنىڭ ئالتۇن دەۋرى بارلىققا كەلگەن(117).

## 3.ياپونىيەنىڭ مىخ مەتبەئە باسمىچىلىقى

ياپونىيەنىڭ مىخ مەتبەئە باسمىچىلىقنى كىرگۈزگەن ۋە ئىشلەتكەن ۋاقتى سەل كېيىنرەك بولۇپ، 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان.

مىخ مەتبەئە ياپونىيەگە ئىككى خىل يول ئارقىلىق كىرگەن: بىرى، تويوتومى ھىدېيوشى(فېگچېن شيۈجى) چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلغاندا چاۋشيەندىن مىخ مەتبەئە خەتلىرى بىلەن باسما ئەسلىھەلىرىنى ئېلىپ كەتكەن. يەنە بىرى، ئىتالىيە ئېسۇئىت جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ۋالىئان ھىندىستاننىڭ گوئا دېگەن يېرىدىن ئالغاچ كەلگەن.

مىلادى 1592-يىلى تويوموتى ھىدېيوشى چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلغاندا سېئولدىكى باسمىخانىدا مىس مەتبەئە خەتلىرى بىلەن باسما ئەسلىھەلىرىنى بايىقىغان. شۇڭا ئۇ چاۋشيەننىڭ قىممەتلىك بۇيۇملىرى بىلەن كىتاب-قامۇسلىرىنى ھەمدە مىخ مەتبەئە خەتلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ياپونىيەگە ئېلىپ كېتىپ ساموراي خوياگچېك ئالىيلىرىغا ھەدىيە قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياپونىيە مىخ مەتبەئە باسمىسى، دەيدىغان تېخنىكىنىڭ بارلىقىنى بىلگەن ھەم 1593-يىلى مىخ مەتبەئەدە «قەدىمقى ۋاپانامە»نى بېسىپ چىققان، بۇ ياپونىيەنىڭ تۇنجى مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان كىتابى بولىسمۇ ئەمما ھازىرغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

تويوموتى ھىدېيوشى چاۋشيەندىن ئېلىپ كەتكەن مىخ مەتبەئە خەتلىرى مىستىن ياسالغان، ئەمما ياپونىيەنىڭ مىس مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىدىن

تولۇق پايدىلىنالمىغاچقا مىس مىخ مەتبەئە خېتىگە تەقلىد قىلىپ ياغاچتىن مىخ مەتبەئە خېتى ياساپ ئىشلەتكەن. شۇنداقتىمۇ چاۋشيەندىن ئېلىپ كېتىلگەن مىخ مەتبەئە خېتى مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ياپونىيەدە ئومۇملىششىدا مۇھىم رول ئوينىغان. 1597-يىلى(چىڭچاڭنىڭ 2-يىلى) ياپونىيە سامورايى چاۋشيەنىنىڭ مىس مىخ مەتبەئە خېتىنى ئۈرنەك قىلىپ ياغاچتىن مىخ مەتبەئە خېتى ياساش پەرمانى چۈشۈرگەن ھەمدە بۇ مىخ مەتبەئە خېتى بىلەن «گۈزەللىك مۇساپىسى»، «ئىلىم پەندى-نەسىھەتلىرى» بېسىلغان. 1599-يىلى يەنە ياغاچ مىخ مەتبەئە خېتى بىلەن «قامۇس»، «مادارارچىلىق»قاتارلىق يەتتە تۈرلۈك كىتاب-دەستۇر باسقان، بۇ ياغاچ مىخ مەتبەئە باسمىسى «چىڭچاڭ مەتبەئە نۇسخىسى» دەپ ئاتالغان.

1599-يىلى(چىڭچاڭنىڭ 4-يىلى) توكوگاۋا ئىيياسۇ (دېچۇەن جياكاڭ) كيوتودىكى فۇجيەندە ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن يۈەنگۇاڭسى ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبلىرىنى 100مىڭدىن ئارتۇق ياغاچ مىخ مەتبەئە خېتى ياساشقا بۇيرۇغان، توكوگاۋا ئىيياسۇنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن مىخ مەتبەئەدە « كۆڭ زىنىڭ پەندى-نەسىھەتلىرى» بېسىلغان. كېيىنچە يەنە مۇشۇ مىخ مەتبەئە خەتلىرىدە ئىلگىرى-كېيىن «ئۈچ خىل كىتابلار»، «جېنگۈەن يىللىرىدىكى مۇھىم ھۆججەتلەر»،«ئالتە خىل ھەربىي تاكتىكا»،«پالنامە» قاتارلىق دەستۇرلار بېسىلغان، بۇ قېتىم بېسىلغان كىتابلار «فۇجيەن مەتبەئە نۇسخىسى»نامىدا ئاتالغان. بۇ مىخ مەتبەئەلەر ھازىر كيوتو شەھرىنىڭ زوجىك رايونىدىكى دىيانا مەزھىبىنىڭ مىڭشەن يۈەنگۇاڭسى ئىبادەتخانىسىدا ساقلانماقتا(118).

فۇجيەن مەتبەئە نۇسخىسىدىكى مىخ مەتبەئە خەتلىرى ياپونىيە مىخ مەتبەئە تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ مىخ مەتبەئە خەتلىرىدە

خەنزۇچە مىخ مەتبەئە خەتلىرىدىن باشقا يەنە ياپونىيە كانا يېزىقىنىڭ مىخ مەتبەئە خەتلىرىمۇ بار. خەنزۇچە مىخ مەتبەئە خەتلىرى چوڭ-كىچىك ئىككى تۈرگە بۆلۈنگەن، چوڭى تېكىستكە، كىچىكى ئىزاھاتقا ئىشلىتىلگەن. يەنە ھەرخىل تىنىش بەلگىلىرىمۇ بار. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، بۇ مەزگىلدە ياپونىيە ئىشلەتكەن مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى خېلىلا مۇكەممەل پىشىپ يېتىلگەن. ياپونىيە ئىجاد قىلىپ ياسىغان كانا يېزىقىنىڭ مىخ مەتبەئەسى ياپون تىلىنىڭ قۇرۇلمىسىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن بولۇپ، بوغۇم بىرلىكىدىكى مىخ مەتبەئە خېتىدۇر، بۇلار خەنزۇچە مىخ مەتبەئە خەتلىرى بىلەن ئوخشاش بىر بەتتە بىللە قوللىنىلىپ، ياپون ئەدەبىي تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان، بۇ مىخ مەتبەئەنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مىلادى 1605-يىلى(چىڭچاڭنىڭ 10-يىلى) توكوگاۋا ئىياسۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن گۇاڭيۈەنسى ئىبادەتخانىسىدا «كىيىنكى خەننامە»نىڭ خەت شەكلى بويىچە چوڭ-كىچىك نۇسخىدا مىستىن مىخ مەتبەئە خەتلىرى قۇيۇلغان. بۇ بىر زور قۇرۇلۇش بولۇپ، 1606-يىلى تاماملانغاندا تېكىستكە ئىشلىتىلىدىغان 55360خەت، ئىزاھاتقا ئىشلىتىلىدىغان 35895خەت، جەمئىي 91255خەت قۇيۇلغان. بۇ قېتىم مىخ مەتبەئە خېتى قۇيۇش ئىشلىرىنىڭ تېخنىكا ھالقىلىرىغا جۇڭگولۇق لىن ۋۇگۇەن دېگەن كىشى رىياسەتچىلىك قىلغان، بۇ ياپونىيە تۇنجى قېتىم مىخ مەتبەئە خېتى قۇيۇش بولۇپ قالغان(119).

ياپونىيەنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىدا دەسلەپتە خەنزۇچە خەت ئىشلىتىلگەن بولسا كېيىنچە خەنزۇچە خەت بىلەن كانا يېزىقىنىڭ خېتى بىللە ئىشلىتىلگەن، بۇ دۆلەتنىڭ مىخ مەتبەئە ئەدىبىيسىمۇ ۋاستىلىك ھالدا

جۇڭگونىڭ تەسرىگە ئۇچرىغان. جۇڭگولۇق ئويمىكارلار ۋە مىخ مەتبەئە ئۇستىلىرىمۇ مىخ مەتبەئەنىڭ ياپونىيەدە ئومۇملىششىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن سىرت يەنە، 1590-يىلى ئىتالىيە ئېسۇئىت جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ۋانلىئان ھىندىستاننىڭ گوئا دېگەن يېرىدىن ياپونىيەگە كەلگەندە دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئوقۇشلۇقىنى بېسىش ئۈچۈن مىخ مەتبەئە باسما ماشىنىسىنى بىللە ئالغاچ كەلگەن ھەمدە1591-يىلى ياپونىيەدە تۇنجى بولۇپ ياۋروپا يېزىقىدىكى مەتبەئە بۇيۇمى «پەيغەمبەرلەر قىسسىسى »نى باسقان. ئەينى چاغدا ياپونىيە ئەجنەبىيلەرنى چەتكە قېقىش سىياستى يۈرگۈزىدىغان بولغاچقا خرىستىيان دىنى تەرغىباتىنى قاتتىق مەنئىي قىلغان، شۇڭا گەرچە كېيىنچە جيۇجۇ رايونىدا داۋاملىق خرىستىيان دىنى مەتبەئە بۇيۇملىرى داۋاملىق بېسىلغان بولسىمۇ ئەمما ياۋروپا يېزىقىنىڭ تەسىرى چوڭ بولمىغان.

## ئۈچىنچى پاراگراف

## مىخ مەتبەئە ئىدىيىسى ۋە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشى

### 1.يىپەك يولى ۋە قەغەزنىڭ غەربكە تارقىلىشى

جۇڭگولۇقلار ياۋروپالىقلاردىن تەخمىنەن 800يىل بۇرۇن ئويما مەتبەئە تېخنىكىسىنى قوللىنىشقا باشلىغان، بى شىڭ كەشىپ قىلغان مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىمۇ گۇتېنبېرگ قوغۇشۇن مەتبەئەسىدىن 400يىل بۇرۇن، خەنزۇچە، فارسچە ۋە غەرب يازما مەنبەلىرىدىمۇ بۇ ھەقتە ناھايىتى ئېنىق خاتىرىلەر بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە جۇڭگونىڭ سانسىزلىغان مەتبەئە بۇيۇمىدىن ئىبارەت

ماددىي پاكىتمۇ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن.

ئۇيما مەتبەئە بىلەن مىخ مەتبەئەنىڭ مەتبەئەچىلىك ئەدىيىسى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، ئالدىنقىسىدا پۈتۈن بىر بەت رەسىم ياكى تېكىست بىر پارچە تاختايغا ئويۇلىدۇ، ئەمما كېيىنكىسىدە بولسا ھەر بىر يېزىق بەلگىسى بىر تال مەتبەئە ھەرپى قىلىپ ئويۇلۇپ تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن تىزىلىدۇ، بۇ شىلك تۈنجى بولۇپ كەشپ قىلغان خەنزۇچە خەتنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىدا خەنزۇ يېزىقىنىڭ ئەڭ كىچىك يېزىق بەلگىسى سۆز يەنى خەت بىرلىك قىلىپ ئايرىلىپ، مۇشۇ بىرلىك بويىچە مىخ مەتبەئە ياساش ئەدىيىسى بارلىققا كەلتۈرۈلگەن، مانا بۇ مىخ مەتبەئەنى كەشپ قىلىش جەريانىنىڭ ھەممىدىن بەكرەك ئىجادكارلىققا ئىگە قىسمى. مانا مۇشۇنداق ئەدىيىنىڭ تارقىلىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن ئوخشاشمايدىغان مەدەنىيەتكە ۋە تىلغا ئىگە مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مەتبەئە تېخنىكىسى تارقىلىپ ۋە ئۆزگەرتىلىپ، غەربىي يۇرتقا ۋە تېخىمۇ يىراق ياۋروپاغا تارقىلالىغان. دۇنخۇاڭدىن ئۇيغۇرچە ۋە تاڭغۇتچە زور مىقداردىكى مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان مەتبەئە بۇيۇمىنىڭ تېپىلىشى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى.

جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا كەشپ قىلىنغان مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ يىل دەۋرى ھەم مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كەشپ قىلىنىپ يۈەن دەۋرىگىچە بولغان بۇ نەچچە يۈز يىلدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ئىلىم ساھەسى بىردەك ئېتىراپ قىلغان. ئەمما جۇڭگونىڭ مەتبەئە تېخنىكىسى (بولۇپمۇ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى) جەھەتتە ياۋروپاغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى يەنىلا ناھايىتى مۈجمەل، چۈنكى مۇشۇ

كەمگىچە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بىۋاستە ئالاقە بولغانلىقىغا ئائىت ئېنىق تارىخىي يازما خاتىرە بايقالمىدى. لېكىن ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا ناھايىتى قەدىم زامانلاردىن بېرى مەۋجۇد بولۇپ كېلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ھەم شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا باشتىن-ئاخىر ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشلار بولۇپ تۇرغانلىقىدەك تارىخىي پاكىتتىن قارىغاندا شەرق مەتبەئە تېخنىكىسى بىلەن غەرب مەتبەئە تېخنىكىسى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئالاقە بولمىغان، دەپ كېسىپ ئېيتىشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق.

قەدىمقى زاماندا شەرق ۋە غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسى يازما ھۆججەت، ماددىي پاكىت، ئاغزاكى يەتكۈزۈش قاتارلىق تۈرلۈك ئۇسۇل ئارقىلىق ئورۇندالغان، ئەمما ھەربىر كونكرېت تارىخىي ۋەقەلەر ياكى ئالماشتۇرۇشلار ھەققىدە كېيىنكىلەرگە ئېنىق يازما خاتىرىلەر قالدۇرۇلمىغان. شۇنداق خاتىرىلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان، دېيىلگەندىمۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تالاي مالىمانچىلىقلاردا قانچىلىكى ساقلىنىپ قالالىسۇن؟ شۇڭا، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ تارقىلىشىغا ئائىت «ئېنىق يىل خاتىرىسى»گىلا ئېسىلىۋېلىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن بەلكى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇد بولۇپ كەلگەن ئومۇمىيلىقى، ئىزچىللىقى بولغان مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىدىن ئىبارەت ئارقا كۆرۈنۈشنى چىقىش قىلىپ ئىزدەنگەندىلا ئاندىن ئەقلىغا مۇۋاپىق يەكۈنگە ييقىنلاشقىلى بولۇشى مۇمكىن.

شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ناھايىتى يىراق قەدىمدىن ئىزدەشكە بولىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە قەدىمىي رىۋايەتلەردىن مەلۇمكى، ئەمىنىيە، يىغلىق ( چۇنچيۇ بەگلىكى ۋە جەنگو بەگلىكى)

دەۋرلىرىدىلا شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ئالاقە باشلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئالاقىلەر زادىلا ئۈزۈلۈپ قالمىدى.

جۇڭگونىڭ تۆت چوڭ كەشپىياتىنىڭ بىرى بولغان قەغەز ياساش تېخنىكىسى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان مۇھىم تۆھپە. قەغەزنىڭ كەشپ قىلىنىشى بىلەن بىلىمنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ۋە تارقىلىشىغا مۇھىم شەرت-شارائىت هازىرلىنىپ، مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى پايدىلىق مۇھىتقا ئېرىشتى. قەغەز ياساش تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشى جۇڭگونىڭ باشقا كەشپىياتىغا ئوخشاشلا يىپەك يولىنى بويلاپ تەدرىجىي غەربكە سۈرۈلگەن. قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىش تارىخىنى تونۇپ يەتكەن ئاساستا مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىش لىنىيىسى مەسىلىسىنى تەتقىق قىلغاندا ئىلمىي يەكۈنگە ئېرىشىش مۇمكىن.

(1) قەغەزنىڭ غەربىي يۇرتتا دەسلەپكى ئىشلىتىلىشى ۋە غەربكە تارقىلىشى

ناھايىتى قەدىمقى زامانلاردىلا جۇڭگودىن باشلانغان بىر يول ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىكى نۇرغۇن ئەللەر ۋە رايونلارغا قۇرۇقلۇق ئارقىلىق تۇتىشىپ، جۇڭگونىڭ بۇ ئەل ۋە رايونلار بىلەن بولغان ئالاقىسى ناھايىتى قويۇق بولغان. بۇ يول 19-ئەسىردىن ئېتىبارەن ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان، شۇنىڭ بىلەن «يىپەك يولى» دېگەن بۇ نام جۇڭگودىن باشلىنىپ پۈتكۈل ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ياۋروپا ۋە ئافرىقىنى تۇتاشتۇرۇدىغان يولنىڭ خاس نامى بولۇپ قالدى.

تارىختىن قارىغاندا، يىپەك يولى دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمقى مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەر ـــ جۇڭگو، مىسىر، ھىندىستان، ئىران قاتارلىق ئەللەرنى

تۇتاشتۇرىدىغان تۈگۈن لىنيە بولغان. يىپەك يولى بېسىپ ئۆتكەن رايونلاردا پېرسيە ئىمپېرىيىسى، رىم ئىمپېرىيىسى، قاراخانىيلار خاندانلىقى، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسى، ئالتۇن ئوردا خانلىقى قاتارلىقلار بارلىققا كېلىپ، مەزكۇر رايونلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. قەدىمقى دۇنيادىكى بۇددا دىنى، خرىستيان دىنى، مانى دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلار مۇشۇ يول ئارقىلىق تېخمۇ كەڭ رايونلارغا تارقالغان. دۇنيا تارىخىدىكى مۇھىم سىياسىي، ھەربىي، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىمۇ يىپەك يولى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان.

يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى قەدىمقى جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى ۋە كەشپىياتلىرىنى غەربكە تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان؛ غەربنىڭ دىنى، مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىمۇ جۇڭگوغا كىرىپ، جۇڭگو تارىخىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن. دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن قەغەز، مەتبەئە تېخنىكىسى، پورۇخ ( ملتىق دورىسى) قاتارلىقلار جۇڭگودا كەشپ قىلىنىپ ياۋرو-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان بۇ يول ئارقىلىق تەدرىجىي ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق، ئافرىقا ۋە ياۋروپاغا تارقىلىپ، بۇ رايونلارنىڭ ئىلىم-پەن ۋە ئىدىيە ساھەسىدىكى تەرەققىياتى ۋە تارىخىدا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرغان.

يىپەك يولىنىڭ تارىخىي رولى توغرىسىدا يېقىنقى 100يىل مابەينىدە ھەرقايسى ئەللەردىكى ئالىملار ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقى ۋە ئوتتۇرا شەرق، ياۋروپا ھەمدە ئافرىقىنىڭ شىمالىي رايونىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار، تارىخشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، ۋەسىقەشۇناسلىق ۋە سېلىشتۇرما مەدەنىيەت تەتقىقاتى ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق ئېنىق ۋە ئىلمىي يەكۈن چىقىرىپ بولغان.

قەغەز بىلەن مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ بولۇپ، قەغەزنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئادەتتە قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى سەيلۇن شەرقىي خەن سۇلالىسى پادشاھى خې دى يۈەنشىڭ سەلتەنەتىنىڭ 1 ـ يىلى ( مىلادى 105 ـ يىلى) كەشپ قىلغان، دەپ قارالماقتا. قەغەز ياساش تېخنىكىسى كەشپ قىلىنغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا ئەل ئارىسىغا تارقالغان. مىلادى 2 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە قەغەزنىڭ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، تۈرىمۇ كۆپەيگەن. 2 ـ ئەسىردىن 4 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە بامبۇك، تېرە ۋە قەغەز تەڭ قوللىنىلغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا قەغەز ناھايىتى كەڭ تۈردە قوللىنىلىپ تەدرىجىي ھالدا قەغەز ئورنىدا ئىشلىتىلگەن تارشا، بامبۇك تاختىيى، تېرە قاتارلىقلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئاساسلىق يازما ماتېرىيالى بولۇپ قالغان. دېمەك شەرقىي خەن دەۋرىدە جۇڭگودا قەغەزچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى خېلىلا مۇكەممەللەشكەن.

قەغەز شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كەشپ قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا غەربىي يۇرتقا يەنى بۈگۈنكى يۇرتىمىز شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىكى كرووران خارابىلىكىدىن يىل دەۋرى پۈتۈلگەن قەغەزگە يېزىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ كەمتۈك پارچىلىرى، مەسىلەن،جىن سۇلالىسى جياپىڭ سەلتەنەتىنىڭ 4 ـ يىلى(مىلادى 252 ـ يىلى)، شيەنشى سەلتەنەتىنىڭ 2 ـ يىلى(مىلادى265 ـ يىلى)، شىمالىي سۇلالىلەر يۇڭجيا سەلتەنەتىنىڭ 4 ـ يىلى(مىلادى310 ـ يىلى) دېگەندەك يىل دەۋرلىرى ئېنىق يېزىلغان قەغەز پۈتۈكلەر، شۇنىڭدەك يەنە جىن دۆەرىنىڭ تەيشى سەلتەنەتى

يىللىرى (مىلادى 265~274-يىللار)، شىيەنشى سەلتەنەتى يىللىرى (مىلادى 266~268-يىللىرى) گە تەۋە تارشا پۈتۈكلەرمۇ تېپىلدى. بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ بايقىلىشى بىر تەرەپتىن قەغەز ئىشلىتىلگەن دەۋردىن مەلۇمات بەرسە يەنە بىر تەرەپتىن غەربىي جىن دەۋرىدە قەغەز بىلەن تارشا بىلەن قەغەزنىڭ بىللە ئىشلىتىلگەنلىكىدىنمۇ مەلۇمات بېرىدۇ.

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئارخېئولوگلار دۇنخۇاڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمىي خارابىلىكتىن نۇرغۇن قەدىمىي قوليازما ۋەسىقىلەرنىڭ كەمتۈك جىلدلىرىنى تاپتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن قەدىمىي بولغىنى غەربىي جىن دەۋرى يۈەنكاڭ سەلتەنەتىنىڭ 6-يىلى(مىلادى 296-يىلى) غا تەۋە «بۇرھانلارنىڭ نادىر نوملىرى»نىڭ كەمتۈك جىلدى بار، يەنە 16بەگلىك دەۋرىگە(مىلادى 304~436-يىللار) قوچۇ دەۋرىگە(مىلادى 500~640-يىللار) ۋە تاڭ دەۋرىگە ئائىت خەنزۇچە ۋەسىقىلەر ۋە بۇددا دەستۇرلىرىمۇ بار. قاراشەھەر، كۇچا، بارچۇق(مارالبېشى) تىنىمۇ كىنگىت-كۆسەن (قاراشەھەر-كۇچا) يېزىقى(توخار —— توخرىي يېزىقى)، سوغدى يېزىقى ۋە خوتەن ساك يېزىقىدا قەغەزگە يېزىلغان ۋەسىقىلەرمۇ تېپىلدى. تۇرپاندىكى قەدىمقى ئىدۇققۇت(قوچۇ) دەۋرىگە ئائىت قەبرىلەردىن يەنە قەغەز جەسەت ساندۇقى، قەغەزدىن قىيىلغان رەسىم، قەغەز دەپتەرگە سىزىلغان رەسىم، قەغەزدىن ياسالغان دەستەك، قەغەز بۆك، قەغەز ئاياق، قەغەز بەلباغ قاتارلىق ھەرخىل دەپنە بۇيۇملىرى تېپىلدى. بۇ قەغەزنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بوستانلىقلاردا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، تەبىئىيكى، قەغەز ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يىراق جايلارغىچە تارقالغان.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ قەغەز ياساش ھۈنىرى ناھايىتى بۇرۇنلا غەربىي يۇرتتىكى بەزى جايلارغا تارقالغان. 1972-يىلى تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن قوچۇ پادشاھى كىيۈۋنتاينىڭ چۇڭگۇاڭ سەلتەنەتىنىڭ 1-يىلى(مىلادى 620-يىلى) پۈتۈلگەن بىر ۋەسىقە تېپىلغان، بۇنىڭ يىل دەۋرى تاڭ گاۋزۇ لى يۈەن تەختتە ئولتۇرغان زاماندىكى ۋۇدېنىڭ 3-يىلىغا، يەنى تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان 3-يىلىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ۋەسىقىدە «قەغەز ئۇستىسى» دېگەندەك سۆزلەر بار، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەھلىل قىلىشىچە بۇ ئەينى چاغدىكى قوچۇ قەغەز ياساشنى باشقۇرىدىغان ئۇستىلارغا بېرىلگەن نام بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، مىلادى 7-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا قوچۇدا قەغەزچىلىك كەسپىگە مەسئۇل ئەمەل نامى بارلىققا كەلگەن، بۇنىڭدىن قەغەزچىلىكتە مۇئەييەن تەرەققىيات سەۋىيىسى يارىتىلغانلىقى مەلۇم. يەنە بىر ۋەسىقىدە «قەغەزخانا» دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ، بۇ تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر ئىچىدە بۇ رايونلاردا قەغەز ياساش كارخانىسى تەسىس قىلىنغانلىقىقا ئائىت ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرىدۇر(120).

قەغەز خوتەنگىمۇ ناھايىتى بۇرۇن تارقىلىپ كىرگەن، 1959-يىلى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى نىيا ناھىيىسىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا شەرقىي خەن دەۋرىدە ئۆتكەن شۇ يەرلىك بىر ئاقسۆڭەكنىڭ قەبرىسىنى قازغاندا باشقا دەپنە بۇيۇملىرى قاتارىدا ئۇزۇنلۇقى 43cm، بىر كەڭلىكى 2.9cm كېلىدىغان بىر ۋاراق قەغەز پارچىسى بىللە چىققان، مانا بۇ ھازىرغىچە خوتەن رايونىدىن تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى قەغەز. گەرچە خوتەن رايونىغا قەغەزنىڭ كىرگەن ۋاقتى بىرقەدەر بۇرۇن بولسىمۇ ئەمما ۋېي، جىن، جەنۇب-شىمال سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت تارشا پۈتۈكلەرمۇ بار. شىنجاڭدىكى

قەدىمي مەدەنىيەت خارابىلىكىدىن تېپىلغان زور مىقداردىكى قەغەزگە يېزىلغان ۋەسىقىلەردىن مەلۇمكى، تاڭ دەۋرىگە كەلگەندىلا خوتەن رايونىدا قەغەز كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەن، خوتەن مازارتاغ خارابىلىكىدىن بىر ئىبادەتخانا ھېساباتى دەپتىرى تېپىلغان، دەپتەردە قەغەز سودىسىغا ئائىت ئەھۋاللار« 6 تىيىنغا بىر تاختا قەغەز سېتىۋېلىندى»،«100تىيىنغا ئىككى تاختا قەغەز سېتىۋېلىندى» دەپ خاتىرىلەنگەن، بۇنىڭدىن خوتەندە ئەينى چاغدا قەغەز ئىشلىتىشنىڭ خېلىلا ئومۇملاشقانلىقىنى ۋە باھاسىنىڭمۇ خېلىلا تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن. قەغەز يېزىق ئىشلىرىدىكى ئىلغار ماتېرىيال بولۇش سۈپىتىدە تارشا، تېرە قاتارلىقلارنىڭ ئورنىنى بېسىپ تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار ئىچىدىكى ۋەسىقە قەغەزلىرىنىڭ قېلىنلىقى، تالالىرى قاتارلىق ئامىللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن شۇنىڭدەك ئالاقىدار تارىخىي خاتىرىلەردىكى يازما مەنبەلەردىن قارىغاندا، شىنجاڭ رايونىنىڭ قەغەز ياساش تارىخىنى مىلادى 5-ئەسىرگە سۈرۈشكە بولىدۇ(121).

يېقىنقى زامانغىچە خوتەن رايونىدا خېلى زور كۆلەمدىكى ئەنئەنىۋي قەغەز ياساش كارخانىلىرى بولغان، بۇنىڭ كۆپىنچىسى لوپ، گۇما، قاراقاش، خوتەن ناھىيىسى قاتارلىق ناھىيەلەرگە نۇقتىلىق تارقالغان. خوتەندە ياسالغان قەغەزگە ئۈژمە قوۋزىقى خام ئەشيا قىلىنغان. خوتەن قەغىزى ئىككى خىل بولۇپ، خام قەغەز ۋە پىششىق قەغەز، دەپ ئايرىلغان، ئىش قوشۇلمىغانلىرى خام قەغەز، ئىش قوشۇلغانلىرى پىششىق قەغەز بولغان(122).قەغەز ياسىلىپ پۈتكەندىن كېيىن بىۋاستە خەت يېزىشقا بولىدۇ، خوتەندە ئىشلەنگەن خام قەغەز پاتالاپ پارقىرىتىلغاندىن كېيىن پىششىق قەغەز بولۇپ چىقىدۇ. «ئۇيغۇر يېرىنىڭ تەزكىرىسى. ئۇيغۇر قەغىزى» دە «ئۇيغۇر يۇرتىدا چىقىدىغان قەغەز

قارا ۋە ئاق ئىككى خىل بولۇپ، ئۆرمە قوۋزىقىدا ياسىلىدۇ. تومراق، چىدامىلىق، ئۆلچىمى ھەرخىل بولۇپ، تاش سۈرتۈپ پارقىرىتىلىپ ئاندىن خەت يېزىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

تەتقىقات يەكۈنىگە قارىغاندا، شىنجاڭ رايونىدا ئىشلەنگەن دەسلەپكى قەغەزگە ئەسكى كاناپ خام ئەشيا قىلىنغان بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ خام ئەشياسىغا ئوخشاش بولغان، قەغەز بوتقىسى ئىشلەش ھۈنىرىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، پەقەت قەغەز نۇسخىسى ئېلىشتا ئىشلىتىدىغان قەغەز پەردىسىنىڭ ماتېرىيالى ۋە قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە بولغان. «غەربىي زېمىن ھەققىدە نەزمىلەر» دە :«جەنۇبتىكى سەككىز شەھەردە قەغەز ئىشلىنىدىكەن، ئۆرمە قوۋزىقى، پاختا، كاناپ قاتارلىقلار خام ئەشيا قىلىنىدىكەن، ئىشلەنگەن قەغەزنىڭ قېلىن-نېپىزلىكى ۋە چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەسكەن، ئىشلەنگەن قەغەز يۇمشاق ھەم پۇختا بولىدىكەن، ئېيسىللىرى تاش سۈركىلىپ سىلىق ۋە پارقىراق قىلىنىدىكەن، مەشۈت، بېلىق تورى قاتارلىقلارمۇ ئىشلىتىلىدىكەن»(123) دېيىلگەن. غەربىي يۇرتتا بامبۇك ئۆستۈرۈلمىگەچكە قەغەز نۇسخىسى ئېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان قەغەز پەردىسىگە غەربىي يۇرتتىكى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەردىن چىغ ئىشلىتىلگەن. غەربىي يۇرت خەلقى چىغنى ماتېرىيال قىلىپ مەشۈت يىپ ياكى ئات قۇيرۇقىنىڭ قىلىدا قەغەز پەردىسى توقۇغان. بۇنداق قەغەز پەردىسى بامبۇكتىن ئىشلەنگەن قەغەز پەردىسىدىن قوپال بولغان. شىنجاڭ رايونىدا ئىشلەنگەن كەندىر قەغىزى پۈتكەندىن كېيىن قەغەز يۈزىگە بوياق سۈرتۈلگەن، سۈرتۈلىدىغان بوياق ئادەتتە يېپىشقاق كراخمال بولغان. يەنە گەژ ھاك، بور تويپىسىدا ئاقارتىلغان ياكى ئۆسۈملۈك بوياقتا بويالغان رەڭلىك بېغىشلىما-مەكتۇپ قەغەزلىرىمۇ

بايقالغان. ملك سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن گاۋ لىيەن ئۆزىنىڭ «پىششايى بۇزۇرگۋارلارغا بېغىشلانغان سەككىز مەكتۇب» دېگەن ئەسرىدە:« ئىدۇقۇت ئېلىدىكى لەۋھە ( بېغىشلىما) قەغەزلىرى بەش خىل رەڭدە بولىدىكەن، ھەل بېرىلگەن تاغۇ-دەريا مەنزىرە رەسىملىرىمۇ ناھايىتى كۆپكەن» دەپ يازغان. بۇ يازما مەنبەدىن قارىغاندا، تۇرپان رايونىدا ناھايىتى بۇرۇنلا بەش خىل رەڭلىك لەۋھە قەغەزلىرى ۋە ھەل بېرىپ بېزەيدىغان قەغەزلەر ئىشلەنگەن. ئۇيغۇرلار رايونىدا يەنە خام تالا ماتېرىيال قىلىنغانئەۋرىشىم تالالىق قەغەز، بولۇپمۇ ئۈژمە قوۋزىقى خام ئەشيا قىلىنغان ئۈژمە قەغىزى ئىشلەنگەن. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، خوتەن رايونىدا ئىشلەپچىقىرىلغان ئۈژمە قەغىزى خېلى زور كۆلەمگە يېتىپ، يىلىغا 10مىليون تاختىدىن ئارتۇق قەغەز ئىشلەپچىقىرىلغان(124). خوتەندە ئۈژمە قەغىزى ئىشلەش بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر داۋاملاشماقتا. خوتەندە ئۈژمە قەغىزى ئىشلەش كەسپى ناھايىتى بۇرۇنلا خېلى زور كۆلەم ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇ قەغەزنى« Hotän qäyizi» (خوتەن قەغىزى) دەپ ئاتايدۇ. خوتەن قەغىزى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جاي-جايلىرىدا ئالاھىدە ئالقىشلىنىدىغان بولۇپ، كىتاب كۆچۈرۈشكە ئۇچۇن ئىشلىتىلگەن، ھازىر ساقلىنىۋاتقان چاغاتاي تىلى، دەپ ئاتالغان كونا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر مۇشۇ قەغەزگە كۆچۈرۈلگەن. 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا خوتەن، مارالبېشى، كۇچا ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمي مەدەنىيەت ئىزنالىرى خارابىلىكىدىن قېزىۋېلىنغان زورر مىقداردىكى تۈرلۈك يېزىقتا يېزىپ قالدۇرۇلغان ۋەسىقىلەر يەنە بىر نۇقتىدىن قەدىمقى زاماندا قەغەز شۇ جايلاردا ئومۇميۈزلۈك ئومۇملاشقان ۋە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قەغەزنىڭ شىنجاڭ رايونىدا ئىشلىتىلىشى ۋە قەغەز ئىشلەش كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى قەغەزنىڭ غەربكە تارقىلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. شىنجاڭغا يېقىن خوشنا بولغان ئوتتۇررا ئاسىيا ئالدى بىلەن چوڭقۇر تەسىرگە ئۇچراپ، قەغەز ياساشنىڭ غەربكە تارقىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

(2) قەغەزنىڭ سەمەرقەند ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشى

ئوتتۇرا ئاسىيادا قەغەز تۇنجى بولۇپ سەمەرقەندتە ئىشلەپچىقىرىلغان، قەغەز ياساش تېخنىكىسى سەمەرقەندكە جۇڭگودىن كىرگەن. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مىلادى 751-يىلى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تالاستا ئەرەب قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشىپ يېڭىلگەندە، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىدىن ئەسىرگە چۈشكەن نۇرغۇن ئەسىر سەمەرقەندكە ئېلىپ بېرىلغان، ئەسىرلەر ئارىسىدا نۇرغۇن ھۈنەرۋەن-ئۇستىلار بولۇپ، ئەلۋەتتە قەغەز ياساش ئۇستىلىرىمۇ بار ئىدى، مانا شۇ ئەسىرگە چۈشكەن قەغەز ياساش ئۇستىلىرى سەمەرقەند قەغەزچىلىك كارخانىلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ھەم جۇڭگونىڭ قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنى غەربكە تارقاتقۇچىلىرىدىن بولۇپ قالغان.

ئەرەب ساياھەتچىسى تەمىم ئىبن بەھرۇل مۇتتاۋىك (8-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 9-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشىغان) ئۇيغۇرلارنىڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى قاغانلىقنىڭ ئاستانىسى قارابالغاسۇنغا ئەڭ بۇرۇن بارغان ئەرەب بولۇپ، سەپىرىدە كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىنى ساياھەت خاتىرىسى قىلىپ يېزىپ چىققان. ئىلگىرىكى نۇرغۇن جۇغراپىيەشۇناسلار، تارىخچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە تامىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن نەقىل كەلتۈرگەن، ئۆزۈندە ئالغان. ئۇنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە يېزىلىشىچە، مىلادى 786~809-يىللار ئارىلىقىدا توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھى ئىككى قېتىم لەشكەر تارتىپ جۇڭگو پادىشاھى بىلەن

ئۇرۇشقان، نەتىجىدە جۇڭگو پادشاھىنىڭ قوشۇنلىرى مەغلۇب بولغان، مۇسۇلمانلار نۇرغۇن ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىگە ۋە ئەسىرلەرگە ئېرىشكەن، بۇ ئەسىرلەرنىڭ ئەۋلادلىرى كېيىنكى چاغلاردا سەمەرقەندتە نەفىس قەغەز،قورال-ياراغ ۋە تۆرلۈك ئەسۋابلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كاسىپلاردىن بولۇپ قالغان. ئۇ خاتىرىسىدە يەنە خۇراساننىڭ بارلىق شەھەرلىرى ئىچىدە پەقەت سەمەرقەندتىلابۇنداق نەرسىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقىنى يازغان(125). دېمەك، شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىم سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان سەمەرقەندمۇ نەفىس قەغەز ئىشلەپچىقىرىش بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان. بۇ دەۋردە جۇڭگونىڭ قەغەز ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى كاسىپي دېڭىزنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغىچە تەسىرنى كېڭەيتكەن. سەمەرقەند ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا شەھەرلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم تۈگۈن ئىدى، شىمالى تەرىپى يىپەك يولىنىڭ ياۋروپاغا تۇتىشىدىغان شىمالىي لىنىيىسى ئىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دۇنخۇاڭ، تۇرپان، خوتەن، كاشغەردىن كېيىن سەمەرقەند جۇڭگونىڭ قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم مەركەز بولۇپ قالغان، جۇڭخونىڭ قەغەزچىلىك تېخنىكىسى بۇ يەردە جارى قىلدۇرۇلۇپ بۇ يەرنى مەشھۇر قەغەزچىلىك مەركىزىگە ئايلاندۇرغان، ئىشلەپچىقىرىلغان قەغەزنىڭ سۈپىتى ناھايىتى يۇقىرى، نەفىس بولغاچقا ئەرەب-فارىس يازما مەنبەلىرىدە بۇ يەردە ئىشلەنگەن قەغەز «سەمەرقەند قەغىزى» دەپ مەشھۇر ئاتالغان.

سەمەرقەندتە ئىشلەنگەن قەغەز نەفىسلىكى، سۈپىتى جەھەتتە يۇقىرى سەۋىيە يارىتىپ خەتتاتلارنىڭ ئالقىشقا سازاۋەر بولغان ھەمدە تارىختىن بۇيان ئوتتۇرا

ئاسىيادا يېتىشىپ چىققان نۇرغۇن ئەدىب، ئالىملارنىڭ نەزمىلىرىدە مەدھىيىلەنگەن. ئوتتۇرا ئاسىيالىق مەشھۇر خەتتات سۇلتان ئەلى مەشھەدىي 1514-يىلى ئۆزىنىڭ خەتتاتلىقتا يېغىشلانغان بايانلىرىدىكى «قەغەزنى پەرقلەندۇرۇش ھەققىدە» دېگەن بابىدا :« جۇڭگو قەغىزىدىن ياخشىراق قەغەز يوقتۇر، ئۇنى بىر سىناپ كۆرۈش بەرھەقتۇر؛ سەمەرقەند قەغىزى ئاندىن نەفىسدۇر، ئەقىللىق كىشىلەر ئانى رەت قىلماستۇر؛ يازسا كىشى خەتنى ئاگا، پۈتۈلگىنى تامامى دۇردۇر» دەپ يازغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بايانىدا قەغەزنى «پاك ۋە سۈتتەك ئاق »،« ئادەتتىكىچە »،« مەرمەر كەبى » دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن خەت يازىدىغان قەغەز، كىتاب مۇقاۋىلايدىغان قەغەزلەرنى پەرقلىق ئاتىغان. بۇ قەغەزگە يېزىلغان تۆمۈرىيلەر ئېلىگە ئائىت ۋەسىقىلەرنىڭ قولىيازمىلىرى ناھايىتى كۆپ ساقلىنىپ قالغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تارىخ، جۇغراپىيە، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك قاتارلىقلارغا ئائىت نۇرغۇن مەشھۇر ئەسەرلەر بار. مەسىلەن مەشھۇر تىببىي ئالىم ئىبنى سىنانىڭ (مىلادى 980~1037-يىللاردا ياشىغان) « تىببىي قانۇن» («تىبابەت دەستۇرى»)، تۆمۈرىيلەر دۆلىتىنىڭ ۋەزىرى، مەشھۇر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى مىر ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرىنىڭ تۈرلۈك قولىيازمىلىرى، زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ «بابۇرنامە»سى قاتارلىقلارنىڭ مەزمۇنىنىڭ مولىلىقى، كامالەتكە يەتكەن خەتتاتلىق ماھارىتى، نەفىس ئىشلەنگەن مۇقاۋىلىرى كىيىنكىلەرنى ھەيرەتتە قويسا، بۇ شاھانە ئەسەرلەرگە ئىشلىتىلگەن قەغەزلەرنىڭ سىپتىلىقى ۋە چىدامىلىقلىقى جاھان ئەھلىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغان(126). زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر مىلادى 1506~1507-يىللىرى ئارىلىقىدا ئۆزىنىڭ ئالەمگە مەشھۇر ئەسىرى«بابۇرنامە»نى يېزىپ يۈرگەن

كۆنلىرىدە ھېراتتىكى قەغەز زاۋۇتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن : «جاھاندىكى ئەڭ ئېسىل قەغەز سەمەرقەند قەغىزىدۇر» دەپ يازغان. دەرۋەقە ئۇ سەمەرقەند بىلەن ھېراتتا ئىشلەنگەن قەغەزنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن شۇنداق دېگەن. شۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىدا ھىندىستان قەغىزىنىمۇ كۆرگەن، بابۇر جاھاننى بىر مەزگىل زىلزىلىگە سالغان ئاقساق تۆمۈر ئەۋلادى بولۇپلا قالماستىن بەلكى ناھايىتى يېتۈك ئەدىب ھەم سەنئەتكار بولۇپ، ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي بايقاش ئىقتىدارىغا ئىگە زات، بۇ مەدھىيەنىڭ ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىشى سەمەرقەند قەغىزىنىڭ ئەينى چاغدا ھەقىقەتەن سۈپەتلىك ۋە نەفىس بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ(127).

(3) قەغەزنىڭ ئەرەب ۋە ئوتتۇرا شەرققە تارقىلىشى

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەغەزچىلىك تېخنىكىسى سەمەرقەندتىن يەنىمۇ غەربكە تارقىلىپ باغدادقىچە يېتىپ باردى. ئەرەب دۇنياسىغا قەغەز تارقىلىشتىن بۇرۇن ئوتتۇرا شەرق بىلەن شىمالىي ئافرىقىدا پاپىرۇس(شىمالىي ئافرىقىدا بولىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك) ، قوي تېرىسى قاتارلىقلار قەغەز ئورنىدا قوللىنىلغان. مىلادى 794-يىلى باغدادتا جۇڭگولۇق ھۈنەرۋەنلەر ئاچقان ئىككىنچى قەغەز زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا شەرق رايونىدا تەدرىجىي تارقىلىشقا باشلىغان(128). قەغەزنىڭ جۇڭگودا كەشپ قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت خېلى بۇرۇنلا ئەرەبچە ئەسەرلەردە خاتىرىلەنگەن، جۇڭگو قەغىزى ئەرەب دۇنياسىدا ناھايىتى يۇقىرى شۆھرەت قازانغان.

10~11-ئەسىر ئالىمىشى پەيتىدە ئەرەب تارىخچىسى ئەل نادىم (مىلادى

935~991-يىللاردا ياشىغان) ناھايىتى بىلىملىك ئالىم بولۇپ، ئۆز بىلىمىدىن نۇقسانسىز خاتىرە قالدۇرغان. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە كۆرگەن-بىلگەنلىرىگە ئائىت يازغان «نادىم مۇندەرىجىلىرى» دېگەن ئەسىرىنىڭ «قەغەزنىڭ تۈرلىرى» دېگەن بابىدا: « جۇڭگولۇقلار كەندىر (hashish) دىن ياسالغان قەغەزگە خەت يازىدۇ، جۇڭگو قەغىزى دۇنيادا ئەڭ ئەتىۋارلىق مەھسۇلاتتۇر» دەپ يازغاندىن كېيىن يەنە خۇراسان قەغەزچىلىكى ھەققىدە توختالغاندا : « ئېيتىلىشىچە، جۇڭگودىن كەلگەن قەغەز ئۇستىلىرى خۇراساندىمۇ خۇددى جۇڭگو قەغىزىگە ئوخشاش سۈپەتلىك قەغەز ئىشلەپ چىقارغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ‹سۇلايمان قەغىزى›،‹تەلىخ قەغىزى›،‹نوھ قەغىزى›،‹فىرئەۋىن قەغىزى›،‹جەفەرى قەغىزى›،‹تاشىل قەغىزى›قاتارلىقلار بار»دەپ يازغان. بۇ ئەسەر 990-يىلى تاماملانغان، ئۇنىڭ يازغانلىرىدىن مەلۇمكى، 10-ئەسىردىلا ئەرەب دۇنياسى جۇڭگو قەغىزى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ قەغەزچىلىك كەسپىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى بەش قولدەك بىلگەن، ئەل نادىمنىڭ بۇ ئەسىرى مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە ئەسەردۇر(129). باغداد ئەينى زاماندا ئىسلام دۇنياسىنىڭ دىن ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، ياۋروپا بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسى ناھايىتى قويۇق بولغان، قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنىڭ ياۋروپاغا تارقىلىشىدا باغدادنىڭ رولى ناھايىتى زور بولغان، باغداد قەغىزى ئوتتۇرا شەرقتە يۇكسەك ئابرويغا ئېرىشكەچكە مەخسۇس كەسىپ بولۇپ شەكىللەنگەن(130). شۇنىڭدىن كېيىن يەمەن، مىسىر، ماراكەش قاتارلىق ئەللەردىمۇ قەغەزچىلىك كارخانىلىرى قۇرۇلغان ھەمدە دەمەشق ۋە ماراكەش پايتەختى فىز قاتارلىق شەھەرلەردە قەغەزچىلىك تەرەققىي قىلىپ قەغەز

ئىشلەپچىقىرىش مەركەزلىرى بارلىققا كەلگەن. 9-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قەغەز ئوتتۇرا شەرق رايونىدا تەدرىجىي ئومۇملىشىپ، 10-ئەسىردە قەغەز بۇ رايوننىڭ ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى يېزىش قوراللىرىنىڭ ئورنىنى تەلتۆكۈس ئىگىلىگەن(131).

(4) قەغەزنىڭ ياۋروپاغا تارقىلىشى

قەغەز ياۋروپاغا ئوخشىمىغان ئىككى خىل يول بىلەن يەنى بىرى ئىسپانىيە ئارقىلىق، يەنە بىرى ئىتالىيە ئارقىلىق كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىسپانىيە ياۋروپا ئەللىرى ئىچىدە قەغەزنى ئەڭ بۇرۇن ئىشلەتكەن دۆلەت. ئەرەب قوشۇنلىرى ئىبېرىيە يېرىم ئارىلىنى 10-ئەسىردىلا تولۇق بويسۇندۇرۇپ بولغان، دېمەك ئىسپانىيە قەغەزنى ئەڭ بۇرۇن ئىشلەتكەن. قەغەز ئىتالىيەگە دەمەشقتىن ئىستانبۇل ئارقىلىق كىرگەن. 1268~1276-يىللاردا ئىتالىيەلىك فابرىئانو ( Fabriano) ئىتالىيەدە تۇنجى قەغەز زاۋۇتى قۇرغان. قەغەز فرانسىيەگە خوشنىسى ئىسپانىيەدىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن، 13-ئەسىردىن ئېتىبارەن فرانسىيە ئىسپانىيە قەغىزىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان، چۈنكى فرانسىيە 14- ئەسىرگە كەلگەندىلا ئۆزىنىڭ قەغەزچىلىكىنى باشلىغان. گېرمانىيەدە 14-ئەسىردىن ئېتىبارەن قەغەز ئىشلەپچىقىرىلغان، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىتالىيەدىن ئىمپورت قىلىپ ئىشلەتكەن. گوللاندىيە 1322-يىلىغا كەلگەندىلا قەغەز ئىشلىتىشكە باشلىغان، گوللاندىيە تىلىدا خاتىرىلەنگەن ئارخىپتا گوللاندىيەنىڭ 1346-يىلى تۇنجى قېتىم قەغەز ئىشلەتكىنى خاتىرىلەنگەن. 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە گوللاندىيە بىرقەدەر كۆلەملەشكەن قەغەز زاۋۇتىنى قۇرۇۋالغان. ئەنگلىيە 14-ئەسىردىن ئېتىبارەن

قەغەز ئىشلىتىشكە باشلىغان، دەسلەپتە ئىسپانىيە، گوللاندىيەدىن كىرگۈزگەن، 1495-يىلىغا كەلگەندە تۇنجى قەغەزچىلىك كارخانىسىنى قۇرۇۋالغان.

ياۋروپا قۇرۇقلۇقى ۋە ئەنگلىيەدە قەغەزنىڭ ئومۇملىشىشى ئويما مەتبەئە ۋە مىخ مەتبەئەنىڭ بۇ رايونلاردا ئومۇملىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس سالغان. ئەينى چاغدا ياۋروپالىقلار قەغەزنى ئەرەبلەر ياكى ياۋروپالىقلار كەشىپ قىلغان، دەپ قارىغان. قەغەزنىڭ جۇڭگودا كەشىپ قىلىنغانلىقى ھەمدە جۇڭگودىن ياۋروپاغا تارقىلىپ كىرگەنلىكىدەك بۇ پاكىتنى ئۇلار 20-ئەسىرنىڭ بېشىدىلا ئاندىن بىلگەن. قەغەز ياساش تېخنىكىسى ۋە شەرقنىڭ باشقا مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنىڭ غەربكە تارقىلىش لىنىيىسى جۇڭگو مەتبەئە تېخنىكىسى( ئويما مەتبەئە تېخنىكىسى بىلەن مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەتبەئە تېخنىكىسى) نىڭ غەربكە تارقىلىشى ئۈچۈن داغدام يول ئېچىپ بەرگەن.

## 2.مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىش لىنىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش

### (1) يۈەن دەۋرىدىكى شەرق-غەرب قاتنىشىنىڭ شىمالىي لىنىيىسى ۋە مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشى

مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىش لىنىيىسمۇ قەغەز ياساش تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىش لىنىيىسىگە ئاساسەن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ ئەمما پۈتۈنلەي ئوخشاپمۇ كەتمەيدۇ، چۈنكى مەتبەئە تېخنىكىسى غەربكە تارقالغان دەۋردە يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىن سىرت يەنە شىمالىي لىنىيىسمۇ ئۆز رولىنى تەدرىجىي جارى قىلدۇرماقتا ئىدى.

بىر نەچچە يول لىنىيىسى جۇڭگودىن باشلىنىپ تاراپ قىفچاق دالاسى ئەتراپىدا ئۇچرىشىپ ياۋروپاغا بارىدىغان يولغا تۇتاشقان. ئىلى دەريا ۋادىسىدىن غەربكە يۈرۈپ چۇ ۋە تالاس دەريا ۋادىلىرىغا بېرىپ، ئاندىن تالاستىن غەربىي شىمال تامان سىر دەرياسىنى بويلاپ يۈرگەندە قىفچاق دالاسىغا بارغىلى، ئاندىن غەربكە يۈرگەندە روسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپاغا بارغىلى بولىدۇ. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن بىرنەچچە يول بىلەن بىۋاستە شىمالغا يۈرۈپ موڭغۇل يايلىقىغا كىرىشتە قۇملۇقنى كېسىپ داۋاملىق شىمالغا ماڭسا موڭغۇل ئېگىزلىكىگە كىرگىلى بولىدۇ. خانغاي تاغلىرىدىن ھالقىپ، ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبى لىنىيىسى بويىچە غەربكە يۈرۈپ ئاندىن يەنە غەربىي جەنۇب تامان بېرىپ تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ياپلاقلار بىلەن ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن ھالقىپ يەنە غەربكە سىلجىپ تالاس دەرياسى، چۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ سىر دەرياسى ۋادىسىغا بارغىلى بولىدۇ. سىر دەرياسىنى بويلاپ ئارال دېڭىزىنىڭ شىمالىي قىرغاقلىرىنى بويلاپ غەربكە يۈرگەندە قىفچاق دالاسىدىن ئۆتۈپ قارادېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا بارغىلى بولىدۇ. موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ جازا يۈرۈشى، موڭغۇل بەگلىرىنىڭ سۇيۇرغاللىق شەكىللەندۈرۈشى ۋە ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، مىللەتلەرنىڭ زور كۆلەمدە كۆچۈشى ھەمدە ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە سودا مەركەزلىرىدىن بولمىش بىلگەساراينىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ شەرق بىلەن غەربنىڭ شىمالىي لىنىيە ئارقىلىق ئالاقە قىلىشى كۆنسېرى روناق تاپتى.

مىلادى 1219-يىلى چىڭگىزخان خارەزمنىڭ چېگراشەھىرى بولغان ئوترار داروغاچىنىڭ موڭغۇل كاراۋانلىرى ۋە ئەلچىلىرىنى قەتلى قىلغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئۆزى بىۋاستە زور قوشۇن تارتىپ غەربىي يۈرتقا جازا يۈرۈشى قوزغاپ،

تۆت يولغا بۆلۈنۈپ خارەزم شەھەرلىرىگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قوزغىدى. چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى خوجەند دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىغا ھۇجۇم قىلىپ نۇسرەت قازانغاندىن كېيىن ئارال دېڭىزىنىڭ شىمالدىكى رايونلارغا ھۇجۇم باشلىدى. چاغاتاي بىلەن ئوگداي ئوترار شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ بۇ شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن داۋاملىق تۆردە خارەزمنىڭ كونا ئاستانىسى ئۆرگەنچكە ھۇجۇم قىلدى. چىڭگىزخان كەنجى ئوغلى تولۇي بىلەن بىللە ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالدىكى رايونلارغا ھۇجۇم قىلىپ خارەزمنىڭ يېڭى ئاستانىسى سەمەرقەندنى ۋە بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، ئاندىن داۋاملىق تۆردە ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبى، خۇراسان ھەمدە ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بىپايان رايونلارغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. ئۇ ھىندى دەرياسى قىرغاقلىرىدا خارەزم شاھى ھەم ئۇنىڭ شاھزادىسى جەلالىددىنىنىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. موڭغۇل قوشۇنلىرى ئىراننىڭ جاي-جايلىرىنى تالان-تاراج قىلغاندىن كېيىن كاۋكاز تاغلىرىدىن ھالقىپ دەشتى قىپچاققا ھۇجۇم قىلدى، 1223-يىلىدىكى ئۇكرائىن شەھىرى ژدانوفتىكى ئالگى دەرياسى ئۇرۇشىدا رۇس كىنەزلىرى ۋە قىپچاق خانىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇب قىلىپ ئاندىن شەرققە يۈرۈش قىلىپ ئىدىل(ۋولگا) دەريا ۋادىسىدىكى بۇلغار قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ بولغاندىن كېيىن شەرقتىكى موڭغۇل يايلىقىغا قايتىپ كەلدى.

1227-يىلى چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن موڭغۇل خانلىق تەختىگە ئوگداي چىقتى. 1235-يىلى ئوگداي ۋەزىرلىرىنى قۇرۇلتايغا چاقىرىپ ھەرقايسى بەگلەرنىڭ چوڭ ئوغۇللىرىدىن قوشۇن تەشكىللەپ يەنە بىر قېتىم قىپچاق، رۇس ئەللىرىگە جازا يۈرۈشى قىلىشنى قارار قىلدى.1237-يىلى موڭغۇل قوشۇنلىرى

قىفچاق، بۇلغار، رۇس قاتارلىقلارنى ئىشغال قىلدى. 1241-يىلى باتۇخان قوشۇنلىرىنى ئىككى يولغا بۆلۈپ پولشاغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ پولشانىڭ غەربىدە پولشا-گېرمانىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنى تولۇق مەغلۇب قىلىپ بۇداپېستنى ئىگىلەپ ئاۋسترىيىگە كىرىپ پۈتكۈل ياۋروپانى تىترىتىۋەتتى(132).

موڭغۇللارنىڭ غەربكە قىلغان جازا يۈرۈشى تاماملانغاندىن كېيىن ھىلاكۇ ئىراندا قالدى. چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شەرقتە تۇرپاندىن غەربتە ئامۇ دەرياسىغىچە، شىمالدا خارەزمدىن جەنۇبتا ھىندىستانغا تۇتىشىدىغان بىپايان زېمىنغا ئىگە بولدى. چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوجى بىلەن جوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى باتۇغا شەرقتە ۋولگا(ئېدىل) دەرياسى، غەربتە رۇسىيە، جەنۇبتا كاۋكازنىڭ جەنۇبىدىكى ئىران زېمىنلىرىغىچە بولغان يەرلەر قارىدى. نەتىجىدە قىفچاق خانلىقى، ئىلخانىلار، ئوگداي خانلىقى ۋە چاغاتاي خانلىقىدىن ئىبارەت مۇستەقىل فېئودال سۈيۈرغاللىق ھاكىمىيەتلەر شەكىللەندى. موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، قىفچاق، رۇسىيە ۋە ياۋروپاغا قىلغان جازا يۈرۈشى نەتىجىسىدە موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ئايىقى تەگكەن جايلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشنىڭ ئاياق ئاستىدا قالدى، خەلق قىرىلدى، شەھەرلەر تۆزلۈۋېتىلدى. ئەمما مۇشۇنداق يامان ئاقىۋەت پەيدا بولۇش بىلەن بىللە يىقىرىقى دۆلەتلەر گۈللىنىپ، يېڭىدىن سودا ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى بارلىققا كېلىپ، ئاسىيادىن ياۋروپاغا بارىدىغان يوللار ئېچىلدى، يول-يوللاردا كاراۋان سارايلىرى بارلىققا كەلدى، خانبالىقتىن(بېيجىڭدىن) رىم ۋە پارىژغىچە راۋان يول ئېچىلدى(133).

ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسى بىردەك بولمىغان قىفچاق خانلىقىنىڭ

ناھايىتى كەڭ زېمىندا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر، رۇسلار، موڭغۇللار، مولداۋىئانلار، گرېكلار ۋە باشقىلار بار ئىدى. بۇ خەلقلەر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا-سانائەت بىلەن مەشغۇل خەلقلەر ئىدى. شەرق بىلەن غەربنىڭ ئۆتتۈشمە يولىدىكى ئۆرگەنچ، قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى سۇداق، قىرىم شەھىرى، كافا ھەمدە ئازوۋ دېڭىزى بويىدىكى ئازوۋ، ئېدىل دەرياسى بويىدىكى باتۇساراي، بىلگەساراي، سارايىچىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك گۈللەنگەن سودا-سانائەت شەھەرلىرى ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ سودا ئالاقە مەركەزلىرى بولغان. ئالتۇن ئوردا خانلىقى ياۋروپا بىلەن جۇڭگو كاراۋانلىرىنىڭ چېگرىدىن ئۆتتۈشىدە مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، شەرق بىلەن غەرب ئالاقىسىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدىكى بېسىپ ئۆتۈدىغان جاي بولغان(134). ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرى ئەسلىدىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ شەھەر خارابىلىرىدىن نۇرغۇن جۇڭگو تاۋارلىرىنى قېزىۋالغان، ساراتوف ئەتراپىدىكى خارابىلىكتىن جۇڭگونىڭ توقۇلما بۇيۇملىرى تېپىلغان. ئەينى چاغدا ھۇنگارىيەدىن، ھەتتا ئىتالىيەدىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ يىراقتىكى جۇڭگوغا بېرىشى بىھاجەت ئىدى، ئۇلار بىلگەسارايدىن جۇڭگودىن كەلتۈرۈلگەن يىپەك بۇيۇملارنى سېتىۋالالايتتى. بىلگەسارايدىن يەنە خەنزۇچە خەت بېسىلغان مىس كۆزگۈ(مىس ئەينەك) تېپىلغان، تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا، بىلگەساراي قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان مىس كۆزگۈ ئىككى خىلغا ئايرىلغان، بىرى جۇڭگودىن بىۋاستە كەلتۈرۈلگەن، بۇنداقلىرىغا خەنزۇچە خەت بېسىلغان؛ يەنە بىرى شۇ يەردە ئىشلەنگەن بولۇپ، ئەرەبچە يېزىق بېسىلغان ئىكەن(135).

يۈەن تەيزۇڭ ئۇگداي زامانىدا موڭغۇل ئىلى ئاستانىسى قاراقورۇمدىن ئېدىل

دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغىچە بولغان رايونلاردا كاراۋان سارايلىرى( ئۆتەڭ) تەسىس قىلغان. ئەينى چاغدىكى ئەلچىلەر يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن بېرىلگەن ئالتۇن-كۈمۈش دەستىكى بولسىلا يول بويى توسالغۇسىز يۈرەلىگەن، بۇ جۇڭگونىڭ ئىران، ئەرەب ۋە ياۋروپا بىلەن ئالاقە قىلىشىغا ناھايىتى قولايلىقلارنى كەلتۈرگەن. بۇ مەزگىلدە شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى دىن ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، بۇ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. ئېنىشكە ھەقلىقمىزكى، مەتبەئە تېخنىكىسمۇ خۇددى شەرقنىڭ باشقا ئەقىل جەۋھەرلىرىگە ئوخشاش شەرق-غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان بۇ يولدا مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش شەكلىدە ياكى يازما شەكىلدە ۋە ياكى ئاغزاكى يەتكۈزۈش شەكلىدە تېخىمۇ يىراق غەربكە يەتكۈزۈلگەن. مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى سۇڭ سۇلالىسى زامانىدا كەشپ قىلىنغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا جۇڭگونىڭ ئىچكىرى رايونىدىن تاڭغۇت ۋە ئۇيغۇرلارغا تارقالغانلىقى ھەققىدىكى پاكىت بۇ مۇمكىنچىلىكنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىدا ئۇيغۇر يېزىقى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە ئوينىغان رولى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار موڭغۇل ئوردىلىرىدا دىۋاندار، مىرزا-پۈتۈكچى بولغان. گەرچە ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئاقسۆڭەك تەبەقەسى موڭغۇللار بولسىمۇ ئەمما پۇقرالىرىنىڭ ئاساسىي تەركىبى تۈركىي تىللىق خەلقلەر بولغان. بولۇپمۇ خارەزم ۋە سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلاردا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئەدەبىي تىلى ۋە جانلىق تىلىغا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن(136).

موغۇل خانلىقى دەۋرىدە شىمالىي لىنىيەدىن سودا كاراۋانلىرىلا قاتناپ قالماستىن بەلكى دىپلوماتىيە ياكى دىن تارقاتقۇچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشقا ماڭغان كاتولىك مۇرىتلىرىمۇ قاتناپ تۇرغان. ئۇلار يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلەر بولۇپ، يېڭى شەيئى ۋە ئىختىرالارغا بەك سەزگۈر كېلەتتى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى خانبالىقتا، قاراقورۇمغا بارغان بولۇپ، سەپىرىدە خۇاڭخېنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇر يەرلىرى ۋە تاڭغۇت زېمىنىدىن ئۆتمەي قالمايتتى، بۇ يەردىن ئۆتكەنلەرنىڭ بۇ يەردىكى تەرەققىي قىلغان مەتبەئە تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇشى تەبىئىي. گەرچە بۇنىڭغا ئائىت يازما خاتىرىلەر قالمىغان بولسىمۇ ئەمما بۇ يەرگە كەلگەن ئاشۇ ياۋروپالىقلارنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئۆز ئېچىگە ئالغان شەرق مەدەنىيتى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ تارقىلىشىدىكى مۇھىم ۋاستە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا تولۇق ئاساسىمىز بار. ياۋروپادىكى ئىسپانىيە، ئىتالىيە ۋە فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئەرەب دۇنياسى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ ئۆزلىرىنىڭ قەغەز زاۋۇتلىرىنى قۇرغان چېغىدا مەتبەئە تېخنىكىسىنى تېخى كىرگۈزمىگەن ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئوقۇشلۇقلىرى يەنىلا قول بىلەن كۆچۈرۈلۈش ئارقىلىق روياپقا چىققان. مىلادى 14~15-ئەسىردە غەربىي ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقاچقا ئوقۇشلۇق ۋە كىتابقا بولغان ئېھتىياج ناھايىتى يۇقىرى بولغان ھەمدە شۇ مەزگىلدە ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ مەتبەئە تېخنىكىسى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرستىمۇ بولغان. جۇڭگونىڭ يوەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرى مەتبەئە تېخنىكىسى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلانغان مەزگىلى بولغان، بۇ مەزگىلدە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ۋە ياۋروپا بىلەن بولغان ئالاقىسى ناھايىتى ناھايىتى جانلانغان، بۇنداق پۇرسەت

مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشىنىڭ ناھايىتى پايدىلىق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بولالايدۇ. بۇ مەزگىلدە يىپەك يولىدا قاتناپ يۈرگەن دىن تارقاتقۇچىلار( مىسسىئونېرلار)، سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەن-كاسىپلار، تېۋىپلار، ئەمەلدارلار ۋە ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئۇچۇر يەتكۈزگۈچى بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى. جۇڭگونىڭ مەتبەئە بۇيۇمى ياكى مەتبەئە تېخنىكىسىغا ئالاقىدار ئۇچۇرغا ئېرىشىشلا تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياۋروپالىقلارنىڭ ئىزدىنىشى ياكى تەقلىد قىلىپ ياسىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدى. ئەينى چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا ياۋروپانىڭ تۈرلۈك يوللار بىلەن جۇڭگونىڭ مەتبەئە بۇيۇمىغا ۋە مەتبەئە تېخنىكىسىغا ئائىت ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشى مۇمكىن ئىدى.

مىلادى 1241-يىلى باتۇخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى ياۋروپانىڭ كىندىكىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرنى ۋە رىم پاپاسىنى تىترىتىۋەتتى. 1246-يىلى، رىم پاپاسى ئىننوسېنت IV ئىتالىيە فرانسىس ئوردېرىنىڭ(مەزھىبىنىڭ) رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان كارپىننى دۆلەت مەكتۇبىنى ئېلىپ موڭغۇل ئېلىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. شۇ يىلى 4-ئايدا كارپىنى فرانسىيەنىڭ لىئاك( Leon ) دىن يولغا چىقىپ، پولشا ئارقىلىق رۇسىيەگە كىرىپ ئېدىل دەرياسى(ۋولگا)نىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ساراي شەھىرىدە باتۇخان بىلەن كۆرۈشكەن، باتۇخان كارپىنى باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى چوڭ خان كۈيۈكخاننىڭ ھوزۇرىغىچە بىللە ئېلىپ بېرىپ، كۈيۈكخان ھوزۇرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كاتتا مۇراسىمغا قاتنىشىشنى قارار قىلغان. ئۇلار شىمالىي يول ئارقىلىق كاسپىي دېڭىزى بىلەن ئارال دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقنى كېسىپ ئۆتۈپ، سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى تامان يۈرۈپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭغارىيەدىن ئۆتۈپ 1246-يىل

7ـ ئاينىڭ22ـ كۈنى قاراقۇرۇم يېنىدىكى شىرا ئوردودىكى كۆيۈكخاننىڭ قارارگاھىغا يېتىپ بارغان. 8ـ ئاينىڭ 24ـ كۈنى يوەن دىڭزۇڭ كۆيۈكخاننىڭ تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان. شۇ يىلى قىشتا كارپىنى يوەن دىڭزۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ پاپانىڭ مەكتۇبىنى تاپشۇرغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ دۆلىتىگە قايتىش سەپىرىگە ئاتلانغان ھەم 11ـ ئايدا لىئاڭغا يېتىپ بارغان. ئۇ پاپاغا كەلگىنىنى دوكلات قىلغاندىن كېيىن ئەلچىلىك سەپىرىنىڭ ئەھۋالىنى لاتىن يېزىقىدا يېزىپ چىققان، ئۇ دوكلاتىدا سەپەردە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى، كۆيۈكخان بىلەن كۆرۈشۈش قەريانىنى يازغان بولۇپ، 13ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى موڭغۇل ئېلىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ھۆججەت بولۇپ قالغان. رىم پاپاسىنىڭ كۆيۈكخانغا يازغان دۆلەت مەكتۇبى ۋە يوەن دىڭزۇڭ كۆيۈكخاننىڭ جاۋاب خېتى ھازىرغىچە ساقلانماقتا. كۆيۈكخاننىڭ جاۋاب خېتى ئۇيغۇر ۋە فارس يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، كۆيۈكخاننىڭ مۆھۈرى بېسىلغان(137).

مىلادى 1253ـ يىلى كاتولىك دىنى سانكت ـ فرانسىس ئوردېرىنىڭ(مەزھىبىنىڭ) ئەزاسى رۇبرۇك فرانسىيە پادشاھى لۇئى IX نىڭ يارلىقىغا بىنائەن موڭغۇل ئېلىگە موڭغۇللار بىلەن خرىستىيان دىنىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئىسلام دىنى كۈچلىرىگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەلچىلىككە يولغا چىققان. رۇبرۇك ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئاكىردىن يولغا چىقىپ قارادېڭىزدىن ئۆتۈپ ئىدىل دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى سارايغا كېلىپ باتۇخان بىلەن كۆرۈشكەن، ئاندىن يەنە كۈن چىقىش تامان يۈرۈپ 1353ـ يىلى قىشتا قاراقۇرۇمنىڭ جەنۇبىدىكى موڭغۇل خانىنىڭ قارارگاھىغا يېتىپ بارغان. 1354ـ يىلى 7ـ ئايدا

مۆڭكۈخاننىڭ فرانسىيە پادشاھىغا يازغان جاۋاب مەكتۇبىنى ئېلىپ قايتىش سەپىرىگە چىقىپ، 1355-يىلى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا يېتىپ بارغان. ئۇ دۆلىتىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن «شەرققە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»نى يېزىپ چىققان. رۇبرۇك ئۆزىنىڭ بۇ خاتىرىسىدە 13-ئەسىردىكى ئېدىل دەرياسى بويلىرى، دەشتى قىپچاق، موڭغۇل ئېگىزلىكى، ئۇيغۇر يەرلىرى ۋە تاغلىق رايونىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، دىنى، تىلى قاتارلىقلارغا ئائىت ئەھۋاللارنى يېزىپلا قالماستىن يەنە موڭغۇل ئېلىنىڭ ئاستانىسى قاراقورۇمدا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنىمۇ خاتىرىلىگەن. مۇھىمى ئۇ خاتىرىسىدە جۇڭگونىڭ قەغەز پۇل ئىشلىتىش ئەھۋالىنى:« قىتان ئېلىدە پۇل ئادەتتە ئالقانچىلىك قەغەز بولىدىكەن، ئۇلار بۇ قەغەزگە سىزىقچىلارنى باسىدىكەن، بۇ خۇددى مۆڭكۈخاننىڭ مۆھۈرىگە ئوخشاپ كېتىدىكان»دەپ يازغان(138). بۇ تارىخ ماتېرىيالىنىڭ مەتبەئە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ياۋروپالىقلارنىڭ 13-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگونىڭ قەغەز پۇل بېسىپ ئىشلىتەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي پاكىتنى ئېنىق بىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە قاراقورۇمدا نۇرغۇن جۇڭگولۇق ھۈنەرۋەنلەرنى كۆرگەنلىكىنى:« تۇرلۇك قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە ئۇلار ئەڭ ئۇستا ھۈنەرۋەنلەردىن ئىكەن. ئۇلارنىڭ تېۋىپلىرى ئۆسۈملۈك دورىلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق بىلىدىكەن ھەمدە كېسەلگە تومۇر تۇتۇپ ناھايىتى توغرا دىئاگنوز قويالايدىكەن... بۇلارنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، چۈنكى قاراقورۇمدا نۇرغۇن قىتان(جۇڭگو) تېۋىپلىرى بار ئىكەن»دەپ يازغان(139). كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇ قاراقورۇمدا جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن نۇرغۇن تېۋىپ ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى كۆرگەن، ئەگەر بۇلار بولمىغىنىدا

ئۇنىڭ بۇنچىلىك جانلىق تەسۋىرلەپ يېزىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇقەررەركى ئاشۇ ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىدا چوقۇم مەتبەئە ئۇستىلىرىمۇ بار، چۈنكى ئەينى چاغدا موڭغۇللارمۇ مەتبەئەدە بېسىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن، كىتابقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان فرانسىسكو مەزھىبىنىڭ ئەزاسى بولغان رۇبرۇكنىڭ بۇنىڭغا قىزىقماي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭ خاتىرىسىدە بۇ ھەقتىكى يازما يوق، بۇنى بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ، دېمەي تۇرالمايمىز. ئەمما، ئۇ ھەرھالدا جۇڭگونىڭ قەغەز پۇل باسقانلىقىنى خاتىرىلىگەن، بۇ ئۇنىڭ چوقۇم مەتبەئە ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

رۇبرۇك كىتابىدا يەنە بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي مۇراسىمىنى، كىيىم-كېچەكلىرىنى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىنى ناھايىتى تەپسىلىي يازغان ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىلىرىغا بېرىپ زىيارەت قىلغان، بۇ جەرياندا ئۇ بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن دىنىي ئەقىدىلەر ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشقان(140). مۇشۇنداق پۇرسەتتە ئۇنىڭ ئۇيغۇر بۇددا ئىبادەتخانىسىدا ئۇيغۇرچە بۇددا نومىنىڭ مەتبەئە بۇيۇمى بىلەن ئۇچرىشىش، ھەتتا كىتابلارنى بېسىش جەريانى بىلەن تونۇشۇش ھەم بۇ ھەقتە كۆرگەنلىرىنى ياۋروپاغا ئېلىپ كېتىش ئىمكانىيىتى بولماي قالمايدۇ. ئەينى چاغدا رۇبرۇك موڭغۇل ئاستانىسىنى زىيارەت قىلغان ھەم ھەم سەپەر ئۈستىدىكى جايلاردا ياۋروپادىن كەلگەن ھۈنەرۋەن-كاسىپلارنى ۋە دىن تارقاتقۇچىلارنى ئۇچراتقان. مەسىلەن، قاراقورۇمدا ئۇ فرانسىيەدىن كەلگەن ۋىللىئام ئۇستام ھەم ئۇنىڭ ھۈنگارىيەلىك خوتۇنى بىلەن ئۇچراشقان ھەمدە بۇلارنىڭ موڭغۇللار بىلگرادنى پەتھى قىلغاندا ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئىكەنلىكىنى بىلگەن. يەنە ھۈنگارىيەدە

تۇغۇلغان ئەنگلىيىلىك پۇشتىدىن بولغان بازېلنى ئۇچراتقان بولۇپ، بۇ كىشى كۇمان تىلى(قەدىمقى تۈركىي تىللارنىڭ بىرى) بىلىدىغان كىشى بولغان. يەنە نۇرغۇن نېستورىيان مەزھىبىنىڭ مۇرتىلىرىنىڭ موڭغۇللار ئارىسىدا دىن تارقىتىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن، رۇبرۇك بۇ ھەقتە ناھايىتى تەپسىلىي يازغان(141).

يۇەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە خانبالىقتىكى ياۋروپالىقلار ئىچىدە خانبالىقتا بىۋاستە مەتبەئەچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلار بولۇپ، بۇلارمۇ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشىدىكى مۇھىم ۋاسىتە بولغان. 1289-يىلى رىم پاپاسى نىكولاس IV (مىلادى 1285~1292-يىللىرىغىچە پاپا بولغان) ئىلخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئەلچىسى راببان ساۋمانى قوبۇل قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن ئىتالىيە سان فرانسېسكو مەزھىبىنىڭ ئەزالىرىدىن جوۋاننى مونتې كورۋېنو(Giovanni da Monte Corvino،مىلادى 1247~1328-يىللاردا ياشىغان) بىلەن نىكولاس پىستويا ((Nicholas da Pistoiaھەمدە پېترو لۇكالونگا (Pietro da Lucalonga )

دېگەن سودىگەرنى يۇەن ئوردىسىغا ئەۋەتمەكچى بولغان. ئۇلار سەپەردە ئىلخانىيلار دۆلىتىدىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا بارغان، ھىندىستاندا نىكولاس كېسەل بولۇپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن. قالغان ئىككىيلەن دېڭىز يولى بىلەن 1293-يىلى فۇجيەننىڭ چۈەنجۇ دېگەن يېرىدە قۇرۇقلۇققا چىققان. ئاندىن قۇرۇقلۇق يولى بىلەن شىمال تامان يۈرۈپ جىيۇەن سەلتەنەتىنىڭ 31-يىلى( مىلادى 1294-يىلى) خانبالىققا يېتىپ بارغان، بۇ چاغدا يۇەن شىزۇ ئۆلگەن، يۇەن چېڭزۇڭ تەختكە چىققان چاغ ئىدى. مونتې كورۋېنو پادشاھقا پاپانىڭ مەكتۇبىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن خانبالىقتا ئولتۇراقلىششقا ئىجازەت

بىرىلگەن، ئۇ خانبالىختا قىلىپ ئۆلگىچە دىن تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولغان.
فرانسىيە دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا مونتې كورۋىنونىڭ رىم پاپاسىغا لاتىنچە
يازغان ئىككى پارچە خېتى ساقلانماقتا. ئۇنىڭ بىرىنچى پارچە خېتى يۇەن
چېڭزۇڭ دادې سەلتەنەتتىنىڭ 9-يىلى (مىلادى 1305-يىلى) 5-ئاينىڭ
18-كۈنى يېزىلغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ 12 يىللىق دىن تارقىتىش
پائالىيەتلىرىدىن مەلۇمات بەرگەن. ئۇنىڭ خېتىدە خانبالىقتا يېڭى كەلگەن
چېغىدا خرىستىيان دىنىنىڭ يەنە بىر مەزھىپى ـــ نېستورىيان مەزھىبىنىڭ «
نېستورىيان ئېتىقادىغا يات بولغان ھەرقانداق خرىستىيان ئەقىدىلىرىنى بېسىپ
تارقىتىشقا بولمايدۇ»دەپ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىغانلىقى، يۇەن چېڭزۇڭنىڭ
ھامىيلىقىدىلا دىن تارقىتىش ئىجازىتىگە ئېرىشكەنلىكى يېزىلغان. ئۇ يەنە
موڭغۇل ئاقسۆڭەك كۆرگىز ( مىلادى 1234~1298-يىللاردا ياشىغان) بىلەن
ئىتالىيەلىك سودىگەر پېترو لۇكالونگانىڭ ماددىي ياردىمىدە 1298-يىلى ۋە
1305-يىلى خانبالىختا ئىتالىيە ئۇسلۇبىدىكى چېركاۋدىن ئىككىنى
سالدۇرغانلىقىنى، 1303-يىلى گېرمانىيە فرىئارى ئارنولد ( Arnold de
Cologne ) نىڭ خانبالىقتا كېلىپ ئۆزىنىڭ دىن تارقىتىشىغا ياردەم
بەرگەنلىكىنى، مەلۇمات يوللانغىچە 6000دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ
چوقۇندۇرۇلغانلىقىنى، يەنە 40 بالىنى قوبۇل قىلىپ لاتىن تىلى ۋە دىن
ئەقىدىلىرى ئۆگىتىۋاتقانلىقى، بۇ بالىلاردىن قەسىدە خورچىلىرى ئەترىتى
تەشكىللەپ، مىسا بىجا كەلتۈرگەندە قەسىدە ئوقۇتۇۋاتقانلىقىنى يازغان. مونتې
كورۋىنو خەنزۇ تىلى بىلەن موڭغۇل تىلىنى ئۆگىنىۋالغان بولۇشى مۇمكىن،
چۈنكى بۇ چاغدا «ئىنجىل»بىلەن «زەبۇر»موڭغۇلچىگە تەرجىمە قىلىنغان، ئۇ
يەنە ئۇيغۇر تىلىنىمۇ ئۆگىنىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئىككىنچى پارچە

خېتى دادىي سەلتەنەتىنىڭ 10-يىلى يېزىلغان بولۇپ، خېتىدە : «مەن ‹ئىنجىل›بىلەن‹تەۋرات›قا ئاساسەن ساۋادسىزلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ رەسىمدىن ئالتە پارچە سىزدۇردۇم. بۇ رەسىمگە لاتىنچە، تۈركچە ۋە فارسچە ئىزاھات بەردىم، مۇشۇنداق قىلغاندا بۇ يېزىقنىڭ بىرەرسىنى بىلسىمۇ تونۇيدىغانلار كۆرسە ئوقۇيالايدۇ»(142). ئەينى چاغدا جۇڭگودا ئويىما بەت مەتبەئەسىدە بېسىش ئاللقاچان ئومۇملاشقان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار، غەربىي غىمالدىكى تاڭغۇت ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلغانلىقىغىمۇ 100نەچچە يىللار بولغان. خانبالىقتا دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كاتولىك مۇرتلىرى ئۈچۈن خانبالىقنىڭ مەتبەئەچىلىك ئىشلىرى ناتونۇش ئەمەس ئىدى، شۇ زامانلاردا خانبالىقتىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا زور مىقداردا بۇددا نوملىرى بېسىلغان، ئەلۋەتتە بۇلار ئىچىدە خانبالىقتىكى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ۋە بۇددىست ئۇيغۇرلارمۇ ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىنى باستۇرغان. بۇلارنىڭ ئۇنىڭغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دىن تارقىتىش زور مىقداردىكى تەرغىبات ماتېرىياللىرىغا ئېھتىياجلىق بولغاچقا مونتې كورۋىنو ئويىما مەتبەئە ياكى مىخ مەتبەئەدە بېسىش ئۇسۇلى ئارقىلىق «ئىنجىل» ياكى كاتولىك دىنىي رەسىملىرىنى بېسىشى تەبىئىي. ھېچ بولمىغاندىمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى «ئىنجىل»نى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان جۇڭگولۇقلار ئۇنىڭغا ئەينى چاغدا تازا ئېقىۋاتقان ھەم تەننەرخى تۆۋەن بولغان مەتبەئەدە بېسىش ئارقىلىق «ئىنجىل» ۋە ئۇنىڭ رەسىملىرىنى كۆپەيتىش تەكلىپىنى بەرگەن. خانبالىقتا مەتبەئە ناھايىتى تەرەققىي قىلغان تۈرۈغلۇق مەتبەئەدە باسماي قول بىلەن كۆچۈرۈشنى ئەينى چاغدىكى خانبالىقتا تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس

ئىدى. بۇنىڭدىن ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، مونتې كورۋىنو تۇنجى بولۇپ «ئىنجىل»نى مەتبەئەدە باسقان ياۋروپالىق بولۇشى مۇمكىن. تەتقىقاتچىلارنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، مونتې كورۋىنو «ئىنجىل»دىكى قىسسەلەرگە ئاساسەن سىزغان رەسىملىك تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى مەدەنىيەت سەۋىيەسى بىرقەدەر تۆۋەن مۇرىتلار ئۈچۈن تەييارلىغان بولۇشى مۇمكىن. رەسىم بىلەن تېكىست تەڭ بېرىلگەن بۇ تاق ۋاراقلىق تەشۋىقات بۇيۇمىنى چوقۇم مەتبەئەدە باسقان. ئامېرىكىلىق مەشھۇر مەتبەئە تارىخ مۇتەخەسسىسى كارتېر (T.F.Carter ): « دەسلەپتە دىن تارقىتىشقا باشلىغان بۇ دىن تارقاتقۇچىلار خىزمىتىنى يۈرۈشتۈرۈۋالغاندىن كېيىنكى يېرىم ئەسىردە ياۋروپادىمۇ مونتې كورۋىنونىڭ رەسىملىك تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىگە ئوخشاش «ساۋادسىزلار» ئۈچۈن لايىھەلەنگەن مەتبەئەدە بېسىلغان دىنىي رەسىملەر پەيدا بولغان، بۇ بەلكىم پۈتۈنلەي تەسادىپىيلىق بولمىسا كېرەك»(143). ئۇنىڭ بۇ قارىشى 60يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئىلىم ساھەسىدە ئېتىراپ قىلىنىپ كەلدى. مەسىلەن، يوسىف نېدخام باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن« جۇڭگو پەن- تېخنىكا تارىخى» 5-تومنىڭ 1-جىلدىدا« مىرىتلارغا ۋە ئاۋامغا تارقىتىلىدىغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنىڭ مىقدارى بەك كۆپ بولغاچقا بېسىپ تارقاتمىغاندا يېتىشتۈرۈپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ناۋادا دىن تارقاتقۇچىلار ئەينى چاغدا جۇڭگودا ھەقىقەتەن مەتبەئەدە بېسىش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولسا 14-ئەسىرنىڭ بېشىدا ياۋروپادا نېمە ئۈچۈن بىردىنلا دىنىي باسما بۇيۇملار ۋە مەتبەئەدە بېسىلغان كىتابلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ، دېگەن مەسىلىنى مۇۋاپىق چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ»(144).

يۇەن دەۋرىدە خانبالىقتا بارغان ياۋروپالىقلاردىن يەنە رىم پاپاسىنىڭ

ئەلچىسى مارىنورى (Giovanni di Marignori ) مۇ بار. فلورىنسالىق بۇ كىشىمۇ سان-فرانسىسكو مەزھىبىنىڭ ئەزاسى. مىلادى 1336-يىلى يۈەن شۇندى 15ئادەمنى رىم پاپاسىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە خانبالىقتىكى ئاسۇ ئاقسۆڭەكى فۇدىگىمۇ ئېپىسكوپ مونتې كورۋېنو ئالەمدىن ئۆتكىلى كۆپ يىللار بولغاچقا پاپاغا مەكتۇپ يوللاپ پاپانىڭ يەنە بىر ئېپىسكوپ ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلغان. شۇڭا رىم پاپاسى بېنېدىت(Benedict) مارىنورىنى يۈەن سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. 1336-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا مارىنورى قاتارلىقلار فرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى پاپا تۇرىدىغان جاي ئاۋىنون(Avignon ) دىن شەرق تامان يولغا چىقىپ، ئاۋۋال قىپچاق خانلىقىنىڭ ئاستانىسى ساراي شەھرىگە كېلىپ ئۆزبېك خانى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن داۋاملىق شەرققە يۈرۈپ چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاستانىسى ئالمالىق شەھرىگە يېتىپ كەلگەن. جىجېڭنىڭ 2-يىلى(مىلادى 1342-يىلى) مارىنورى قاتارلىقلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ يۇقىرى ئاستانىسىگە يېتىپ كېلىپ يۈەن شۇندىنىڭ قوبۇلىغا ئېرىشكەن. مارىنورى پاپانىڭ مەكتۇبىنى تاپشۇرۇش بىلەن بىللە يەنە خانغا بىر ئات ھەدىيە قىلغان، بۇ ئات ناھايىتى ئېگىز ھە چوڭ بولغاچقا يۈەن شۇندى ياقتۇرۇپ قېلىپ ئۇنىڭغا «تۇلپار» دەپ نام بەرگەن. مەشھۇر رەسسام جۇلاڭ بۇ ئاتنىڭ رەسمىنى سىزىپ چىققان، نۇرغۇن ئەدىب-شائىرلار بۇ ئارغىماقنى نەزم پۈتۈپ ماختاشقان. مارىنورى خانبالىقتا 3يىل تۇرۇپ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن چۈەنجۈدىن يولغا چىقىپ دېڭىز يولى بىلەن دۆلىتىگە سەپەر قىلىپ 1353-يىلى ئاۋىنونغا يېتىپ بارغان. مارىنورى خانبالىقتا خېلى ئۇزۇن تۇرغاچقا چوقۇم خانبالىقنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتى بىلەن خېلى پىششىق

تونۇشقانلىقىغا گۇمان كەتمەيدۇ، شۇ چاغدىكى خانبالىقنىڭ مەتبەئەچىلىكى تازا گۈللەنگەن بولۇپ، ياۋروپادىن كەلگەن يۇقىرى مەلۇماتلىق بىر زات ئۈچۈن بۇ تولىمۇ جەلىپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولماي قالمايدۇ، ئەينى زاماندىكى ياۋروپادا كىتاب تېخىچە قولدا كۆچۈرۈلۈپ كۆپەيتىلىدىغان بولغاچقا، جۇڭگونىڭ ئويما مەتبەئەسى ياكى مىخ مەتبەئەسسى مارىنورىدەك مەرتىۋىلىك دىنىي زاتنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسى ئىدىيىسى ۋە ئۇسۇلىنى تارقىتىشىغا ۋاستىچىلىك رولىنى ئوينايدىغانلىقى ئېنىق(145).

يۇقىرىقى يازما مەنبەدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى13- ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدە، شەرق-غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان يولنىڭ شىمالىي لىنىيىسى موڭغۇللار ھاكىمىيىتىنىڭ ھامىيلىقىدا بۇ مەزگىلدىكى ياۋروپا سودىگەرلىرى، سەيياھلىرى، دىپلوماتىيە ئەلچىلىرى، دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ شەرققە بېرىشىدىكى مۇھىم لىنىيەسىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان بولۇپ، جەنۇبىي لىنىيەگە ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ھەم مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان لىنىيەنىڭ بىرى بولغان.

فرانسىيەنىڭ مەتبەئە تارىخى مۇتەخەسسىسى پىئېغ گۇزمان ( Pierre Gusman) جۇڭگونىڭ مىخ مەتبەئەسى موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىككى خىل يول ئارقىلىق ياۋروپاغا كىرگەن، بىرى ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقە قىلىپ كەلگەن، كېيىنچە گوللاندىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەرمەنىيەلىك مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى كاستالدى مىخ مەتبەئەنى سىناق قىلىشقا باشلىغان چاغدا ياۋروپاغا ئېلىپ كىرگەن؛ يەنە بىر مۇمكىنچىلىك بولۇپ، گۇتتېنبېرگ پراگادا تۇرغان مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە رۇسىيە ئارقىلىق ياۋروپاغا كىرگەن مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ئىگىلىۋالغان بولۇشى

مۇمكىن، دەپ قارايدۇ(146).

جۇڭگونىڭ مەتبەئە تېخنىكىسى رۇسىيە ئارقىلىق ياۋروپاغا كىرگەن، دېگەن قاراشنى 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا ئىتالىيەلىك تارىخشۇناس پاۋلۇس جۇۋئىئۇس(Paolus Jovius ، مىلادى 1483~1553-يىللاردا ياشىغان) ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئۆزىنىڭ 1546-يىلى نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان تارىخى» دېگەن كىتابىدا مەتبەئە تېخنىكىسى جۇڭگودىن رۇسىيە ئارقىلىق ياۋروپاغا كىرگەن، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ھەقتە ئۇ :«ھازىر ئۇ يەردە ( گۇاڭجۇدا) كىتاب باسىدىغانلار بار، ئۇلار بىزگە ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن تارىخ ۋە ئەدەب-ئەخلاققا ئائىت كىتابلارنى باسىدۇ، ئۇلار كىتاب باسقاندا ناھايىتى ئۇزۇن قەغەزگە بېسىپ، ئىچىگە قاتلىنىدىغان چاسا كىتاب قىلىپ تۈپلەيدۇ. مەن پاپامىزنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن مۇشۇنداق بىر كىتابنى كۆرگەنمەن، بۇ كىتابنى پورتۇگالىيە پادشاھى بىر پىل بىلەن قوشۇپ پاپاغا ھەدىيە قىلغان. بىز شۇنىڭغا شەك-شۈبھىسىز ئىشىنىمىزكى، پورتۇگالىيەلىكلەر ھىندىستانغا بېرىشتىن بۇرۇنلا ئىلىم ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم بولغان بۇ خىل كىتاب سكىفىيەلىكلەر(Scythians) ۋە موسكۋالىقلار ئارقىلىقبىزنىڭ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن» دەپ يازغان(147). يەنە بىر فرانسىيەلىك تارىخشۇناس لۇئىس دېگەن كىشى(Louis Le Roy، مىلادى 1510~1577-يىللىرى ياشىغان تارىخچى) ئۆزىنىڭ 1575-يىلى نەشر قىلىنغان« دۇنيادا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەريانى» دېگەن كىتابىدامەتبەئە تېخنىكىسى ھەققىدە توختالغاندا : « بۇ يۇنانلىقلار(گرېكلار) ۋە رىملىقلار تېخى بىلىپ ئۈلگۈرمىگەن ئەمما بىز بۇگۈنكى كۈندىلا بىلۋاتقان بۇ خىل سەنئەت(مەتبەئەنى دېمەكچى) نىڭ كەشپىيات تۆھپىسىنى گېرمانلار (گېرمانىيەلىكلەرنى دېمەكچى)

ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋالماقتا. پورتۇگالىيەلىكلەر شەرق بىلەن شىمالدىكى ئەڭ يىراق جايلارغا بىرىپ-كىلىپ يۈرۈپ جۇڭگوغا بىرىپ قالغان ھەم شۇ يەردىن ئۇلارنىڭ بىسىپ چىقىرىلغان كىتابلىرىنى ئالغاچ كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلار ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى مۇشۇنداق مەتبەئەدە بىسىلغان كىتابلارنى ئىشلەتكەن ئىكەن، مانا بۇ ئادەمنى بۇ خىل كەشپىياتنىڭ قايسى دۆلەتتىن تاتارلار ئارقىلىق موسكۋاغا كىرىپ ئاندىن گېرمانىيەگە ئېلىپ كىرىلگەنلىكىنى ھەمدە كىيىنچە باشقا خرىستىيان ئەللىرىگە تارقالغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ»(148). بۇ نەقىلدىن ئېنىق بىلىش مۇمكىنكى، تارىخچى لۇئىس «مەتبەئە تېخنىكىسى»نى جۇڭگولۇقلارنىڭ كەشپ قىلغانلىقىنى ئېنىق يېزىپلا قالماستىن بەلكى گېرمانىيەلىكلەرنىڭ كەشپىياتى ئەمەسلىكىنىمۇ ئېنىق يازغان. كۆرستىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، گېرمانىيەلىكلەر ياۋروپالىقلارنىڭ ئېڭىدا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشپىياتچىسى، يۇقىرىقى نەقىلدە دېيىلىۋاتقان « مەتبەئە تېخنىكىسى» نىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى ئىكەنلىكى ئېنىق، دېمەك بۇ 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ياۋروپالىقلاردىن بەزى كىشىلەر گۇتېنبېرگنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشپ قىلغانلىقىدىن گۇمان قىلىشقان ھەم مەتبەئە تېخنىكىسى ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقى ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقالغان، دەپ قارىغان.

ئىسپانىيەنىڭ موندوزا(Gonzales de Mondoza Juan) ئىسىملىك مەشھۇر يازغۇچىسى مىلادى 1585-يىلى رىمدا جۇڭگو ھەققىدە يېزىلغان نوپۇزلۇق كىتابى«جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسى تەزكىرىسى» نى نەشر قىلدۇرغان. ئۇ بۇ كىتابىنىڭ 16-، 17- بابىدا جۇڭگونىڭ مەتبەئە تېخنىكىسى ۋە كىتابلىرىنى مەخسۇس تونۇشتۇرغان. 16- بابىنىڭ تېمىسى«بۇ دۆلەتنىڭ كىتاب بىسىش

ئۇسۇلى ھەم تارىخىنىڭ بىز ياۋروپالىقلارنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىدىن كۆپ بۇرۇنلىقى ھەققىدە» دەپ قويۇلغان. بۇ بابتا موندوزا ئاۋۋال ياۋروپا يازغۇچىلىرىنىڭ مىخ مەتبەئەنى 1458-يىلى گېرمانىيىلىك گۇتتېنبېرگ ياۋروپادا تۇنجى بولۇپ كەشپ قىلغانلىقى ھەم گېرمانىيەدىن ئىتالىيەگە كىرگەنلىكى ھەققىدىكى بايانلىرىنى نەقىل قىلىپ ئاندىن : « ئەمما جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ بالدۇر كەشپ قىلغانلىقىنى، كەشپىياتچىسىنىڭ ئۇلار ئەۋلىيا ، دەپ ئاتايدىغان بىر كىشى ئىكەنلىكىنى ئىپتىشىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇلار ناھايىتى ئۇزاق زامان ئىشلەتكەن بۇ مەتبەئە تېخنىكىسى رۇس (Rucia ) ۋە موسكۋا كىنەزلىكى (Moscovia) ئارقىلىق گېرمانىيەگە كىرگەن. ئەمما مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، كىشلەر ئۇ يەردىن قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق يۆرگەن، يەنە بەزىلىرى ئۇ يەردىن بۇ دۆلەتكە كىرگەن سودىگەرلەر بولۇپ، ئۇلار قىزىل دېڭىز ئارقىلىق ئەرەب فېلىكىسىدىن (Arabia Felix) بىر نەچچە كىتاب ئالغاچ كەلگەن، تارىخ كىتابلىرىدا مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشپ قىلغان، دېيىلگەن بۇ يوھان گۇتتېنبېرگ ئاشۇ كىتابنى ئۆز كەشپىياتىنىڭ دەسلەپكى ئاساسى قىلغان» دەپ يازغان. موندوزا يەنە:« كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، مەتبەئە تېخنىكىسىدىن ئىبارەت بۇ كەشپىياتنى ئۇلار (جۇڭگولۇقلار) بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن؛ۋەھالەنكى تېخمۇ ئىشەنچلىك بولغىنى شۇكى، ھازىر ئۇلاردا يەنە ناھايىتى نۇرغۇن كىتابلار بولۇپ، بۇ كىتابلارنىڭ بېسىلغان ۋاقتى گېرمانىيەدە كەشپ قىلىنىشقا باشلىغاندىن 500يىل بۇرۇن»(149). موندوزا گۇتتېنبېرگنىڭ كەشپىياتى جۇڭگو كىتابلىرىدىن ئىلھاملانغان، دەپ قاراپ قالماستىن بەلكى يەنە جۇڭگونىڭ مەتبەئە تېخنىكىسى نوقۇل قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىقلا ياۋروپاغا

كىرگەن بولماستىن بەلكى دېڭىز يولى ئۆرقىلىق ئەرەبلەرگە، ئاندىن ياۋروپاغا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان. موندوزا ياۋروپالىق بولغاچقا ياۋروپانىڭ تارىخى ۋە مەتبەئە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى خېلى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان ۋە سېلىشتۇرغان، ئۇ مەشھۇر تارىخ يازغۇچىسى بولغاچقا ئالغان نەقىللىرىنىڭ ئاساسى بار، ئۇ جۇڭگونىڭ مەتبەئە تېخنىكىسى ھەققىدىكى ماتېرىياللىنى جۇڭگوغا بارغان ئىسپانىيەلىك مارتىن رادا (de Rada Martin) نىڭ (مارتىن رادا 1533~1578-يىللار ئارىلىقىدا ياشىغان) ساياھەت قولىيازمىسىدىن ۋە باشقا ماتېرىياللاردىن ئالغان، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ماتېرىيالىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيىتى بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ياۋروپا تارىخ يازغۇچىلىرىنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خاتىرىلىرى ۋە باياناتلىرى بار، بۇلارنىڭ ھەممىسىدىكى بىر ئورتاقلىق شۇكى، ھەممىسىدە مەتبەئە تېخنىكىسى جۇڭگودا بارلىققا كېلىپ نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن ئاندىن ياۋروپاغا كىرىپ، گۇتېنبېرگنىڭ مىخ مەتبەئە كەشپىياتىغا ئىلھام بەرگەن، دېيىلگەن.

(2)يۈەن دەۋرىدىكى شەرق-غەرب قاتنىشىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسى ۋە مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ تارقىلىشى

جۇڭگونىڭ ئىچكىرىسىدىن قۇرۇقلۇق بىلەن بىۋاستە غەربكە يۈرۈپ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربى ئۈچىغا( خېشى كارىدورى) كەلگەندە غەربكە بارىدىغان نەچچە لىنىيە ئارىلىدۇ. بۇنىڭ بىرىدە لوپنور كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبى ئارقىلىق يۈرۈپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكى بىلەن غەربكە ماڭغاندا پامىر(كۆكئارت) ئېگىزلىكىگە بارغىلى بولىدۇ؛ يەنە بىرىدە لوپنور كۆلىنىڭ شەرقىي شىمالى ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي جەنۇبى بۆرجىگىدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ غەرب تامان يۈرگەندە تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇ،

كاشغەر قاتارلىق بوستانلىقلاردىن ماڭسىمۇ پامىر ئېگىزلىكىگە بارغىلى، ئېگىزلىكتىن ھالقىپ يەنە غەربكە ماڭغاندا فەرغانە ئويمانلىقىغا كىرىپ ئاندىن ئىككى دەريا ۋادىسىغا ( ماۋارائۇننەھر) كىرگىلى، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىراننى كېسىپ داۋاملىق غەربكە يۈرگەندە ئوتتۇرا شەرققە بارغىلى بولىدۇ؛ يەنە بىرى خېشى كارىدورىدىن غەربكە يۈرگەندە قۇمۇل بوستانلىقىدىن ئۆتۈپ غەربىي شىمال يۆنىلىشتىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى يايلاقا كىرىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ئارقىلىق غەربكە مېڭىپ ئىلى دەرياسى، چۇ دەرياسى ۋە تالاس دەرياسى ۋادىلىرىدىن سىر دەرياسى ۋادىسى ئارقىلىق ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بوستانلىققا كىرگىلى ياكى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبى ئارقىلىق پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي شىمالىي رايونىدىن غەربكە يۈرۈپ ئىران، ئىراق ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىزغا بارغىلى بولىدۇ.

مىلادى 1251-يىلى يۈەن شيەنزۇڭ مۆڭكۈخان تەختتىكى چېغىدا موڭغۇل قوشۇنلىرى پېرسىيەنىڭ كۆپ قىسىم رايوننى ئىشغال قىلغان. مۆڭكۈخان ئۆلگەندىن كېيىن موڭغۇل ئېلىنىڭ ئىچكىي قىسمىدا قۇبلاي بىلەن ئەلى بۇقا(ئەركبۇغ؟ ئارىخ بۇكە؟) ئوتتۇرىسىدا تەخت دەۋاسى نىزاسى پارتلاپ، بىرلىككە كەلگەن موڭغۇل ئېلى پارچىلاندى، نەتىجىدە يەنە بىر يېڭى موڭغۇل دۆلىتى ـــــ ئىلخانىيلار دۆلىتى غەربىي ئاسىيادا بارلىققا كەلدى. قۇبلاي ئەلى بۇقىنى يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن يارلىق چۈشۈرۈپ ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىدىن مىسىر چېگراسىغىچە بولغان زېمىن ۋە موڭغۇل، ئەرەب لەشكەر-ئاۋاملىرىنى ھالاكۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بۆلۈپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى موڭغۇل مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن ئىران رايونى ھالاكۇنىڭ تەسەررۇپىدىكى زېمىنغا ئايلاندى، ھالاكۇ ئۆلۈش ئالدىدا قۇبلاي تەرىپىدىن

ئىلخان، دېگەن بۇ سەلتەنەت نامى بېرىلدى، ھالاكۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن بۇ موڭغۇل دۆلىتى تارىختا ئىلخانىيلار دۆلىتى، دەپ ئاتالدى.

ھالاكۇنىڭ ۋارىسلىرى ئىزچىل ئىلخانىيلار، دېگەن نامنى قوللىنىپ كەلدى. ھالاكۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئەمىر-ۋەزىرلەر ھالاكۇنىڭ ئوغلى ئاباغانى تەختكە ئولتۇرغۇزدى، ئاباغا ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يۈەن شىزۇ قۇبلاينىڭ ئەلچىسى يارلىق ئېلىپ پېيىرسىيەگە كېلىپ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا قويغىچە ساقلاپ، ئەلچىلەر يارلىق ئېلىپ كەلگەندىلا ئاندىن تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ رەسمىي خان بولدى. ئاباغادىن كېيىن ئۇنىڭ ئىنىسى ئەھمەد ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ ئەمما ئارغۇن تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. ئارغۇن 1291-يىلى ئۆلگەندىن كېيىن ئىنىسى غەيقاتۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، زىيادە سېخىيلىقى بىلەن بۇزۇپ-چېچىپ، قالايمىقان ئىنئام-تارتۇق بېرىپ، ناھايىتى تېزلا دۆلەت خەزىنىسىنى قۇرۇغداپ قويدى. 1295-يىلى ئىلخانىيلارنىڭ ھىيلىمىكىرچى زالىم ۋەزىرى غەيقاتۇنى ئۆلتۈرۈپ، خانزادىلەر ئىچىدىن بايتۇنى (ھالاكۇنىڭ توقىلىدىن بولغان ئوغلى تاراغاينىڭ ئوغلى) يۆلەپ تەختكە چىقاردى. ئارغۇننىڭ ئوغلى قازانخان لەشكەر تارتىپ ئۆكتە قوپۇپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن يۈەن شىزۇنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. بۇ مەزگىلدە ئىرانغا كىرگەن موڭغۇل خان جەمەتى تەدرىجىي مۇسۇلمانلاشقان، قازانخان شۇ يەرلىك فېئوداللار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ۋە ئىلخانىيلار ئېلىدىكى موڭغۇللارنىڭ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغانلىقىنى جاكارلىغان ھەمدە ئىسمىنى مۇھەممەدكە ئۆزگەرتكەن. 1304-يىلى قازانخان ئۆلگەندىن كېيىن ئىنىسى

قارباندا تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئولجايتۇخان، دەپ ئاتالغان، ئۇزاق ئۆتمەي پايتەختنى يېڭىدىن قۇرۇلغان سۇلتانىيە (ھازىرقى ئەزەربەيجاندىكى سۇلتانىيە)گە كۆچۈرگەن. 1316-يىلى قارباندا ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى ئەبۇ سەئىد تەختكە چىقىپ پايتەختنى يەنە تەبرىزگە كۆچۈرۈپ كەتكەن. 1335-يىلى ئەبۇ سەئىد ئۆلگەندىن كېيىن جاي-جايلاردىكى موڭغۇللار تەخت تالىشىپ ئىچكى نىزا قوزغاپ، ئىلخانىيلار دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىشىنى تېزلەتكەن.

قازانخان تەختتىكى چېغىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، يېڭىدىن يەر، باج، ئۆتەڭ، پۇل قاتارلىقلارغا ئائىت تۈزۈمنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، موڭغۇل ئاقسۆڭەك-ئەمەلدارلىرىنىڭ يەرلىك خەلققە زۇلۇم سېلىشىنى قاتتىق چەكلىگەن. يېزا ئىگىلىكى، سودا-سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرغان. ئۇ يەنە ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، پايتەخت تەبرىزدە رەسەتخانا سالدۇرغان، ۋەزىرى رەشىدەددىن (Allah Rashid al-Din Fadl) « جامىئۇل تەۋارىخ» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىشقا يارلىق چۈشۈرگەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ پوچتا يەتكۈزۈش تۈزۈمى ئىلخانىيلار ئىلىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان، 1239-يىلى ئوگدايخان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغلاردىلا غەربىي يۇرتنى ساقلاۋاتقان ئۇيغۇر ۋەزىر كۆرگىز ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەۋەسىدە پوچتا ئۆتەڭلىرىنى تەسىس قىلىپ، يېتەرلىك ئاتلارنى سەپلەپ بەرگەن ۋە سارايلارنى سالدۇرۇپ ئەلچىلەرنىڭ راۋان يۈرۈشىگە قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن. قازانخان تەختكە چىققاندىن كېيىن پوچتا يەتكۈزۈش تۈزۈمىنى تەرتىپكە سېلىپ، پوچتا ئۆتەڭلىرىنى دۆلەتنىڭ مۈلكىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىسىنى

زېمىنسىگە ئالغان ئەلچىلەرنىڭ راۋان يۈرۈشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىشكە خىزمەت قىلدۇرغان. ئىلخانىيلار دۆلىتى مەملىكەت تەۋەسىدىكى مۇھىم يوللاردا ھەر ئۈچ پەرسەخ ئارىلىقتا(18كىلومېتىر) بىردىن پوچتا ئۆتەڭى تەسىس قىلىپ، ھەربىر ئۆتەڭگە ساغلام ئاتتىن 15نى سەپلەپ بەرگەن. ئەلچىلەرنىڭ پوچتا ئۆتەڭدە چوقۇم ئالتۇن دەستەكنى كۆرسىتىپ يۈرۈشى تەلەپ قىلىنغان. چېگرا ساقلىغۇچى ئەمەلدارغا يەنە ئايرىم «قارا سارايى» تەسىس قىلىپ بېرىپ، جىددىي ھەربىي مەلۇمات يەتكۈزۈشتە ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ خۇسۇسىي ئىشى ئۈچۈن پوچتا ئۆتەڭدىن پايدىلىنىشنى مەنئىي قىلغان. يەن سۇلالىسىنىڭ دەستەك تۈزۈمى ئىلخانىيلار ئېلىغا كىرگەن، ھۆكۈمەت ھەر دەرىجىلىك ھەربىي، مۇلكىي ئەمەلدارلار ۋە ئەلچىلەرگە دەرىجە دەستىكى تارقىتىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سالاھىيەت ۋە نوپۇزىنىڭ بەلگىسى قىلغان. ئەينى چاغدا بۇ قەدىمىي يىپەك يولى بىر مەزگىل چۆلدەرەپ قالغاندىن كېيىن موڭغۇللار دەۋرىگە كەلگەندە قايتىدىن گۈللەنگەن(150).

ئىلخانىيلار دەۋرى شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللەنگەن دەۋر بولغان. ھۇلاگۇنىڭ غەربكە جازا يۈرۈشىگە ئەگىشىپ پېرسىيەگە كەلگەن خەنزۇ مەدەنىيىتىگە پىششىق كىشىلەر ناھايىتى كۆپ بولغان، يۈەن دەۋرىدە نۇرغۇن جۇڭگولۇق ئالىملار ئىلخانىيلار دۆلىتىدە ئەمەل تۇتقان، جۇڭگونىڭ تېبابەت، ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، تارىخ قاتارلىقلارغا ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلىرىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە پېرسىيەگە تارقالغان(151). ئىلخانىيلار دەۋرىدە جۇڭگونىڭ تېببىي بىلىملىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پېرسىيەگە كۆپلەپ كىرگەن، نۇرغۇن جۇڭگولۇق تېۋىبلار بۇ دۆلەت

ئوردىسىدا تېۋىبلىق قىلغان. ھىلاكۇ جۇڭگولۇق تېۋىبلارنىڭ داۋالاش ئىقتىداردىن بەك رازى بولغان. قازانخان بىر قېتىم كۆز ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ قالغاندا، ئېيتىلىشىچە جۇڭگو تېبابىتى بويىچە داۋالانغاندا تېۋىب داغمال بىلەن ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئىككى جايىنى داغلاپ قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆز ئاغرىقى ساقىيىپ قالغان ئىكەن، بۇ بەلكىم قىزدۇرۇپ داۋالاش ئۇسۇلى بولسا كېرەك(152). ئىلخانىيلار دۆلىتىنىڭ قازانخان دەۋرىدىكى ۋەزىرى رەشىدەددىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە جۇڭگونىڭ تېبابىتى ۋە دورىگەرلىككە ئائىت ئەسەر ھەمدە جۇڭگو تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەر فارس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، «تەنسۇقنەمائىي ئىلخانى دەر فۇنۇنى ئۇلۇمى ختاي» ـــــ يەنى« ئىلخانىيلاردا جۇڭگو ئىلمى قامۇسى» دەپ ئاتالغان كىتاب دەل بۇنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسىسى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىر ئىستانبۇلدىكى ئايا سوفىياھ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا(153). نۆۋەتتە زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن جۇڭگونىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقالغىنىغا ئائىت تارىخىي مەنبەلەر ئىچىدە ناھايىتى مۇھىم بىر تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ، بۇ دەل رەشىدەددىن يۇقىرىقى كىتابتا خاتىرىلەپ قالدۇرغان. بۇ كىتابتا جۇڭگونىڭ جىن دەۋرىدىكى تېبابەت ئالىمى ۋاڭ شۇخې يازغان «تومۇر تۇتۇشنىڭ سىرلىرى»، قۇرۇق يىڭنە بىلەن داۋالاش، جۇڭگو دورىگەرلىكى قاتارلىق مەزمۇنلار زور ھەجىمدە تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلغاندىن باشقا يەنە بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە جۇڭگونىڭ قەغەز پۇل ياساش ھۈنىرى، قەغەز ياساش خام ئەشيالىرى ۋە ئويما بەت مەتبەئە تېخنىكىسى قاتارلىقلارمۇ تونۇشتۇرۇلغان. رەشىدەددىنىڭ بۇ كىتابتىكى ئويما بەت مەتبەئەسىگە ئائىت بايانى نۆۋەتتە

ساقلىنىۋاتقان ئەڭ بالدۇرقى فارسچە يازما مەنبەدۇر. كېيىنكى دەۋردىكى فارسچە يېزىلغان ئەسەرلەردە جۇڭگونىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىنى تىلغا ئالغان باناكاتىنىڭ بايانلىرى ئاساسەن رەشىدىددىننىڭكىنى ئاساس قىلغان(154).

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىلخانىيلار خانى غەيقاتۇ تەختتىكى مەزگىلدە زىيادە سېخىي-بەدخەجلىك قىلىپ دۆلەت خەزىنىسىنى قۇرۇغداپ قويغاندا، بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مالىيەگە مەسئۇل ۋەزىر سەدرىددىن ۋە بەزى ئەمەلدارلار يۈەن سۇلالىسىنى دوراپ قەغەز پۇل ياساپ تارقىتىپ مالىيە كىرزىسىدىن ئۆتۈۋېلىش تەكلىپىنى بەرگەن. غەيقاتۇ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ ۋەزىرى بولاتنى قەغەز پۇل ھەققىدە ئىزاھات بېرىشكە بۇيرۇغان، بولات يۈەن سۇلالىسىنىڭ قەغەز پۇل ياساش ۋە تارقىتىش ئۇسۇللىرىنى تەپسىلىي شەرھلىگەن. مىلادى 1294-يىلى غەيقاتۇ بولاتنىڭ نازارىتىدە پايىتەخت تەبرىزدە قەغەز پۇل بېسىپ مەملىكەتكە تارقىتىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن. يەنە تېخى قەغەز پۇل ئوبوروت قىلىشنى رەت قىلغۇچىلار، ساختا قەغەز پۇل ياسىغۇچىلار، خۇپىيانە ئالتۇن-كۈمۈش ئوبوروت قىلغانلار ناھايىتى قاتتىق جازالىنىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ يارلىق چۈشۈرۈلگەن. ئىلخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قەغەز پۇل خەزىنىسى تەسىس قىلىنغان. بېسىلغان بۇقەغەز پۇللار ئۇزۇن چاسا بولۇپ، يۇقىرى تەرىپىگە 8تال خەنزۇچە خەت بېسىلغان، ئوتتۇرىدىكى چەمبەر ئىچىگە قەغەز پۇلنىڭ قىممەت سانى بېسىلغان، ئاستىغا غەيقاتۇنىڭ لاما دىنىدىكى«يىلىگچىن دورجى»دېگەن لاماچە ئىسمى بېسىلغان. بۇنى تارقىتىش تۈزۈمى يۈەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىدىن ئۆرنەك ئېلىنغان. ئەمما ئىلخانىيلار بىلەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلخانىيلاردا تارىختىن بۇيان

ئالتۇن-كۈمۈش ئىشلىتىلگەچكە قەغەز پۇلنىڭ ئوبوروتى سودىگەرلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ، بازار پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان، شۇڭا قەغەز پۇل ئوبوروت قىلىش تۈزۈمى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. بۇ ۋەقەنىڭ جەريانىنى رەشىدەددىن «جامىئۇل تەۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدە: « 691-يىل12-ئاينىڭ6-كۈنى (مىلادى 1292-يىل1-ئاينىڭ 18-كۈنى) ئارراندىكى قىشلىق قارارگاھدا سەدرىددىن ساھىب دىۋانلىققا (باش ۋەزىر ، قوشۇمچە مالىيە ۋەزىرى) تەيىن قىلىندى... 693-يىلى 6-ئايدا (مىلادى 1294-يىل 5-ئايدا) نىڭ بېشىدا قەغەز پۇل تارقىتىشقا ئائىت يىغىن ئېچىلدى. چۈنكى سەدرىددىن ۋە باشقا ئەمىرلەرنىڭ كاللىسىغا بىردىنلا قەغەز پۇل ئوبوروت قىلىش خىيالى كېلىپ قالغان ئىدى، ئۇ بۇ دۆلەتتە (ئىلخانىيلار ئېلىدە) قەغەز پۇلنى قانداق ئىشلىتىش ھەققىدە كېڭەش قىلدى. ئاقىۋەتتە بۇ ساھىب دىۋان ۋە ئەمىرلەر پادىشاھقا بۇ ئىشنى مەلۇمات قىلدى. غەيقاتۇ ۋەزىر بولاتنى بۇ ھەقتە ئىزاھات بېرىشكە بۇيرۇدى. ‹قەغەز پۇل دېگەن شاھانە مۆھۈر بېسىلغان قەغەز، ئۇ قۇيما پۇلنىڭ ئورنىدا پۈتكۈل چىندا ئاقىدۇ، چىندا ئېقىۋاتقان قۇيما كۈمۈشنىڭ ھەممىسى دۆلەت غەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ› دەپ بايان قىلدى بولات. غەيقاتۇ ناھايىتى سېخىي پادىشاھ بولغاچقا ئۇنىڭ ئىنئام-تارتۇقلىرىمۇ كۆپ ئىدى، دۇنيادىكى بارلىق ئالتۇن بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا يېتىشمەيتتى، شۇڭا ئۇ بۇ ئىشنى يولغا قويۇشنى قوللىدى. سەدرىددىن مەملىكەتتە باشقىلار قارار قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قارار قىلىشنىلا ئويلايتتى، شۇڭا ئۇ بۇ جەھەتتە كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئەمىرلەر ئىچىدىكى ھەممىدىن دانىشمەن شىكتۈر نويان‹قەغەز پۇل دۆلەت ئىگىلىكىنى گۇمران قىلىپ پادىشاھىمىغا بەختسىزلىك كەلتۈرىدۇ، رەئىيەت (دېھقانلار) ۋە

لەشكەرلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغايدۇ›دەپ ئاگاھلاندۇردى، ئەمما سەدىرىددىن پادشاھقا ‹ئى پادشاھىم ، شىكتۇر نويان ئالتۇنغا بەك ھېرىسمەن ئادەم بولغاچقا قەغەز پۇلنىڭ يامان تەرىپىنى قىلىۋاتىدۇ›دەپ رەددىيە قايتۇردى.

ئاخىر كېچىكتۇرمەي قەغەز پۇل باستۇرۇش پەرمانى چۈشۈرۈلدى. 8-ئاينىڭ 27-كۈنى ( مىلادى 1295-يىلى 7-ئاينىڭ 23-كۈنى) ئەمىرلەردىن ئاق بۇقا، توغچار، سەدىرىددىن ۋە تەنماچى ئىنا ( ئاتلىق رازۋېتچىك ئىنا) لار تەبرىزگەقەغەز پۇل باستۇرغىلى ئالدىراپ كېتىشتى. 9-ئاينىڭ 19-كۈنى (8-ئاينىڭ 13-كۈنى) ئۇلار تەبرىزگە يېتىپ باردى ۋە نۇرغۇنقەغەز پۇل باستۇردى،قەغەز پۇلنى رەت قىلغۇچىلار بىردەك دارغا ئېسىلدى، بىرەر ھەپتىگىچە كىشىلەر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپقەغەز پۇلنى قوبۇل قىلدى، ئەمما كىشىلەرقەغەز پۇلغا ھېچقانچە نەرسە سېتىۋالالمىدى. تەبرىز شەھىرىنىڭ زور كۆپچىلىك ئاھالىلىرى شەھەرنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى ھېساباتا قەغەز پۇل ئوبوروت قىلىش ئىشى سۇغا چىلاشتى» دەپ ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلغان(155).

بۇ يازما خاتىرە مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىش تارىخىدا مۇھىم قىممەتكە ئىگە. چۈنكى بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئىلخانىيلار دۆلىتىدەقەغەز پۇل تارقىتىشنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئەھۋاللار، بۇ دۆلەتتىكى ئاۋامنىڭ يېڭىدىن تارقىتىلغانقەغەز پۇلغا كۆنەلمىگەنلىكى، يەنە ئىلخانىيلار دۆلىتىدەقەغەز پۇل تارقىتىلىشنىڭ دۆلەت خەزىنىسىنىڭ قۇرۇقدىلىنىپ قالغانلىقىدىن بولغانلىقى، قەغەز پۇل قىممىتىنىڭ تولۇق قوللاشقا ئېرىشەلمىگەنلىكى، ئاقىۋەتتەقەغەز پۇل تارقىتىشنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانلىقى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىلگەن. ئەمما بۇ يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭگو ئويما بەت مەتبەئە

تېخنىكىسىنىڭ ئىلخانىيلار دۆلىتىدە ئىشلىتىلگەنلىكىدەك بۇ بىر پاكىت چۈشەندۈرۈلگەن. ئىلخانىيلار ئېلىدە تارقىتىلغان قەغەز پۇل يۈەن سۇلالىسىنىڭ قەغەز پۇلنى ئۆرنەك قىلغان بولۇپ، بۇ پۇلغا تارقىتىلغان ۋاقىت، قىممىتى ۋە ساختا قەغەز پۇل ياسىغۇچىلار ھەم قەغەز پۇل ئىشلىتىشنى رەت قىلغۇچىلارنىڭ بىردەك ئېغىر جازاغا تارتىلىدىغانلىقى، شۇنىڭدەك يەنە خەنزۇچە«钞»دېگەن خەنزۇچە خەت ۋە بۇ خەتنىڭ فارسچە ئاھاڭ تەرجىمىسى، پادشاھنىڭ مۆھۈرى بېسىلغان. تەتقىقاتچىلار ئىلخانىيلار دۆلىتىدىكى بۇ قەغەز پۇل ياغاچ ئويما بەتتە بېسىلغان بولۇشى مۇمكىن، باسقۇچىلار ۋە بەتنى ئويغۇچىلار شۇ يەردىكى خەنزۇلار بولۇشى، يەرلىك مۇسۇلمان ئويمىكارلار بىلەن بىللە تاماملىغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىماقتا(156).

رەشىدەددىن بىلەن زاماندىش باناكاتى دېگەن كىشى ( Fakhr al-din Dawud Banakati) ئۆزىنىڭ «پازىللار ۋە ئۇلارنىڭ نەسەبلىرى ھەققىدە» دېگەن كىتابىدا رەسىدەددىنىنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسەن جۇڭگونىڭ ئويما بەت نەتىبەئەسىنى تونۇشتۇرۇپ : « ئۇلار (جۇڭگولۇقلار) ئۆزلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە كىتاب كۆچۈرگەن چېغىدا كىتابنىڭ ئەسلىي تېكىستىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيتتى ۋە بۇرمىلىۋەتمەيتتى، بۇ ئىلگىرىمۇ شۇنداق ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق بولماقتا. شۇڭا ئۇلار مەزمۇنى مۇھىم ، دەپ قارىغان ھەرقانداق كىتابلارنى نەفىس، توغرا ھەم نۇقسانسىز كۆپەيتىش ئۈچۈن ماھىر خەتتاتنى تەكلىپ قىلىپ ئەسلىي كىتابقا ئاساسەن كىتابنىڭ ھەر بىر بېتىنى ياغاچ تاختايغا يېزىپ، ئاندىن بىلىملىك كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ ، تاختايغا يېزىلغان مەزمۇننى ئەسلىي كىتابقا ئىنچىكە، تەپسىلىي سېلىشتۇرغۇزىدۇ، سېلىشتۇرغۇچىنىڭ نام-شەرىپى ياغاچ تاختاينىڭ ئارقا يۈزىگە يېزىلىدۇ. سېلىشتۇرۇش تاماملانغاندىن كېيىن ھۈنەردە

كامالەتكە يەتكەن ئويمكارغا تاختايغا يېزىلغان تېكستلەرنى ئويدۇرىدۇ. كىتابنىڭ ھەممە بەتلىرىنى ئويۇش تامامالانغاندىن كېيىن ياغاچ تاختايلارنىڭ رېتى بويىچە بەت نومۇرى سېلىپ، بالتىلارغا قاچىلاپ ئاغزىنى پېچەتلەپ قۇيىمچىلىق كارخانىسىنىڭ قېلىپىنى ساقلىغاندەك ئىشەنچلىك ئەمەلدارلارنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇپ مەخسۇس مۇشۇنىڭ ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان مەھكىمىدە ساقلايدۇ. ناۋادا ھەرقانداق بىرەيلەن بۇ كىتابنى قايتا باستۇرماقچى بولسا مەھكىمىگە ئىلتىماس سۇنۇپ ھۆكۈمەتكە بەلگىلىمە بويىچە ھەق تاپشۇرىدۇ. ئاندىن مەھكىمە خادىملىرى مەتبەئە تاختىسىنى ئېلىپ پېچىتىنى بۇزۇپ قەغەزگە باسىدۇ، بۇ خۇددى پۇل قۇيۇش تەرتىپىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئاندىن بېسىلىپ پۈتكەن كىتابنى كىتاب باستۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغۇچىغا بېرىدۇ(157)» دەپ يازغان.

رەشىدىددىن بىلەن باناكاتىنىڭ كىتابلىرى ئىسلام دۇنياسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ئەينى چاغدا ئىلخانىيلار دۆلىتى بىلەن ياۋروپانىڭ ئالاقىسى ناھايىتى قويۇق بولغان، ياۋروپا ئالىملىرى ۋە پەن ساھاسىدىكىلەر ياۋروپا ئەدەبىي گۈللىنىشى ئۈچۈن تولىمۇ كېرەكلىك بولغان مەتبەئە تېخنىكىسىغا ئالاھىدە خاتىرىلەرگە ھەم بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن كىتابلارنى كۆپەيتىپ بېسىشقا دىققەت قىلماي قالمايدۇ.

موڭغۇللارنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشقان شەخسلەر ئىچىدە يەنە ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى نېستورىيان مۇرىتلىرىمۇ بار. نېسيورىيان ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان رابان ساۋما (Rabban Bar Sauma، مىلادى 1225~1293-يىللاردا ياشىغان) خانبالىقتىكى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان،

نېستورىيان روھانىيلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيلىشى بىلەن ئالىي مەلۇماتلىق بولۇپ، نېستورىيان ، مەزھىبى ئىچىدە كاتتا شۆھرەت قازانغان.

مىلادى 1280-يىلى رابىان ساۋما ئوقۇغۇچىسى ماركۇس (Marcus)، مىلادى 1244~1317-يىللاردا ياشىغان) بىلەن خانبالىقتىن غەربكە قاراپ يولغا چىقىپ ئېرۇسالىمغا تاۋاب قىلىش ئۈچۈن ماڭغان. ئۇلار ئاۋۋال شىمالىي لىنىيە بىلەن موڭغۇللار رايونىغا بېرىپ، بۇ يەردىن تاڭغۇت ئارقىلىق قوۋۇقتىن چىققان. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى لىنىيە بويىچە مېڭىپ كاشىغەرگە يېتىپ بارغان، بۇ يەردىن تالاس دەرياسى بويىدىكى قايدۇنىڭ بارىگاھىغا بارغان. ئاندىن خۇراسان ئارقىلىق ئىراندىن ئۆتۈپ باغدادقا بارغان، بۇ يەردە ئۇ ئىككىسى نېستورىيان مەزھىبىنىڭ قىبلىگاھىنى تاۋاب قىلغان، نېستورىيان ئېپىسكوپى بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە ئاباغا خاننىڭ دىدارىغا مۇيەسسەر بولغان. 1280-يىلى رابىان ساۋما 55 ياش چېغىدا نېستورىيان ئېپىسكوپى تەرىپىدىن باش نازارەتچىلىككە تەيىنلەنگەن. 1281-يىلى رابىان ساۋما نېستورىيان ئېپىسكوپلىقىغا كۆتۈرۈلگەندە ياش ماركۇس باغداد رايونىدىكى نېستورىيان مەزھىبىنىڭ ئېپىسكوپلىقىغا تەيىنلەنگەن. قازانخان دەۋرىدە ماركۇس خاندانلىقنىڭ چوڭ-چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە تەبىر كۆرسىتىپ، نۇرغۇن قېتىم قازانخاننىڭ ئىنئام-تارتۇقلىشىغا ئېرىشكەن. ئىلخانىيلار سەلتەنەتى ئارغۇنخاننىڭ ئىلكىدىكى چاغدا ئارغۇنخان ماركۇسنى رىمغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. 1287-يىلى ئارغۇنخان يەنە رابىان ساۋمانى رىم پاپالىقىغا، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە، ئىتالىيە، فرانسىيە قاتارلىق ئەللەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، بۇ خرىستىيان ئەللىرى بىلەن «پەلەستىن ۋە سۇرىيەنى قايتۇرۇۋېلىش» قاتارلىق ئىشلار ھەققىدە كېڭەشكەن. بۇ چاغدا پاپا ئۆلۈپ،

يېڭى پاپا تېخى سايلانمىغان بولغاچقا، ئۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گېنوۋيەگە بېرىپ، ئاندىن يەنە پارىژغا باردى، ئۇ پارىژدا فرانسىيە پادشاھى فىلىپ IV بىلەن (PhilipIV le Bel) بىلەن كۆرۈشتى، ئۇ پارىژدىكى چېغىدا پارىژ ئۇنىۋېرستېتى قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى. كېيىن يەنە بوغدو (بوردو، Bordeaux) دا ئەنگلىيە پادشاھى ئېدۋارد (Edward I I) بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ بارغانلىكى ئەللەردە پادشاھلارنىڭ ئالىي ئېھترامىغا ئېرىشكەن. 1288-يىلى راببان ساۋما رىمنىڭ يېڭى پاپاسىغا ئارغۇنخاننىڭ مەكتۇبىنى تاپشۇرۇپ، بۇرچ-ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ باغدادقا قايتقان. رابابان ساۋما 1293-يىلى باغدادتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

رابىبان ساۋما ئالىي تەربىيە كۆرگەن يۇقىرى مەلۇماتلىق نېستورىيان مۇرتى بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بويىچە چوڭقۇر بىلىمى بار كىشى ئىدى، شۇڭا ئىچكىرى ئۆلكىلەردە، دۇنخۇاڭدا ۋە تۇرپاندا ئولتۇراقلاشقان مىللەتداشلىرىنىڭ مەتبەئەچىلىكتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئىدى. ئۇ غەربكە يۈرۈپ خېشى كارىدورىدىكى تاڭغۇت رايونىدىن، غەربىي يۇرتتىكى ئىدۇققۇت ئۇيغۇر ئېلىدىن ئۆتكەن چېغىدا تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئەچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرغىنىغا نەچچە ئون يىللار بولغان، مەتبەئەدە بېسىپ چىقارغان كىتابلىرىنىڭ تۈرى كۆپ ۋە تىراژىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولغان. ئاينى چاغدا خانبالىختىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇددىستلارنىڭ مەتبەئەچىلىكى تازا گۈللەنگەن. رابىبان ساۋما ئالىي تەربىيە كۆرگەن يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشى بولغاچقا ئۆز مىللەتداشلىرىنىڭ باشقا دىنىدا ياراتقان مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ناھايىتى سەزگۈر بولماي قالمايتتى، شۇنىڭدەك يەنە بۇ يەردىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دەستۇرلىرىنى

كۆپلەپ باسقانلىقىدەك پاكىتنى چوڭقۇر بىلمەي قالمايتتى. ئۇ ياۋروپادا پائالىيەت ئېلىپ بارغان چېغىدا ئاربىلاشقىنىنىڭ كۆپىنچىسى دىن ھەم سىياسىي، ئىلىم، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى زاتلار بولغاچقا، يۇقىرى مەلۇماتلىق بۇ كىشىلەرمۇ شەرقنىڭ مەدەنىيىتى ۋە يېڭى شەيئىلىرىگە قىزىقىپ، يېڭى ئۇچۇرلارنى ئىگىلەشتە سەزگۈر بولماي قالمايتتى. گەرچە راببان ساۋماغا ئائىت تارىخ ماتېرىياللىرىدا ئۇنىڭ ياۋروپادا مەتبەئە تېخنىكىسىنى تارقاتقىنىغا ئائىت بىۋاستە خاتىرە بولمىسىمۇ ئەمما مۇەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىنكى، ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدىكى جۇڭگونىڭ مەتبەئەچىلىكىگە ياكى كىتابلىرىغا قىزىقىدىغان كىشىلەر بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللارنى سورىماي قالمايدۇ ھەم سوراپ قالغانلىرىدا راببان ساۋما چوقۇم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مىخ مەتبەئەسى، ئۇيغۇرلار ۋە تاڭغۇتلارنىڭ مىخ مەتبەئەسىدىكى تەرەققىياتلارنى تونۇشتۇرماي قالمايدۇ. ئۇ ئىلخانىيلار دۆلىتىگە ۋاكالىتەن ياۋروپاغا ئەلچىلىككە بارغاندا، جۇڭگونىڭ مەتبەئە ئىشلىرى قالتىس تەرەققىي قىلغان، شۇڭا جۇڭگونىڭ كىتاب ۋە قەغەز دەستەك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور مىقداردىكى مەتبەئە بۇيۇمى ئىلخانىيلار ئېلىگە كىرگەن، ئۇ بۇ ئەھۋاللارنى بىلمەي قالمايتتى. مۇشۇنىڭدىن ھۆكۈم قىلىش مۇمكىنكى، شەرقنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى دەل مۇشۇ راببان ساۋما تونجى بولۇپ ياۋروپا ئىلىم ساھەسىگە يەتكۈزۈپ، جۇڭگو مىخ مەتبەئەسىنىڭ تارقىتىلىشى ئۈچۈن بەلگىلىك رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن(158).

## 3.گېرمانىيەلىك گۇتېنبېرگنىڭ مىخ مەتبەئەسى

جۇڭگو سۇڭ سۇلالىسى بىلەن يۈەن سۇلالىسىدىن ئىبارەت مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن، جۇڭگونىڭ ئىچكىرى جايلىرى، تاڭغۇتلار، ئۇيغۇرلار ۋە چاۋشيەندە مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى كۆلەمدە قوللىنىلغان ھەم بۇ جەھەتتە 200نەچچە يىللىق تەجرىبە ھاسىل قىلىنغان چاغدا، ياۋروپا مەتبەئە تارىخىدا گېرمانىيەلىك يوھان گۇتتېنبېرگ دېگەن كىشى (Johann Gutenberg، مىلادى 1395~1468-يىللاردا ياشىغان) لاتىن يېزىقىدىكى ھەرپ بىرلىك قىلىنغان مېتال مىخ مەتبەئە ھەرپىنى سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ياۋروپا مەتبەئە تارىخىدا مۇھىم سەھىپە ياراتتى.

گۇتتېنبېرگ رېيىن دەرياسى بويىدىكى مېينز شەھرىدە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئاتىسى شۇ يەردىكى پۇل قۇيۇش زاۋۇتىدا ئىشلەيتتى، ئاتىسىنىڭ كەسپىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسا كېرەك، گۇتتېنبېرگ كىچىكىدىنلا شۇ يەردە زەرگەرلىك ھۈنىرىنى ياخشى ئۆگەنگەن. 1434~1444-يىللار ئارىلىقىدا ستراسبۇرگقا (Strasbourg) بېرىپ، بۇيەردە شۇ جايلىق ئاندىرى درىتزېن ۋە ئانتون ھېلمان (Andreas Dritzen ۋە Anton Heilmann) دېگەن كىشىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ ياقۇت پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئەينەك ياساش بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىنچە گۇتتېنبېرگ ئۆزى خۇپىيانە ھالدا مىخ مەتبەئە ھەرپى ياساپ بېسىش سىنىقى ئېلىپ بارغان، ئۇ دەسلەپتە ھەرخىل ماتېرىيالدىن مىخ مەتبەئە ھەرپى ياساپ سىناق قىلغان، دەسلەپتە ياغاچتا مىخ مەتبەئە ھەرپى ياسىغان، خەت شەكلى چوڭراق لاتىن ھەرپىنى ياساش ئوڭاي بولغان ھەم بېسىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئەمما خەت شەكلى

كىچىكرەك مىخ مەتبەئە ھەرپىنى ياساشتا ياغاچنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى ناچار بولغاچقا بېسىش ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان. شۇڭا ئۇ مېتالدا ياساشقا ئۆزگەرتكەن. ئۇنىڭ ستراسبۇرگدا ئېلىپ بارغان سىنىقى تازا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقمىغان ھەم مەبلەغدە قىيىنلىپ قالغان، شۇڭا يۇرتىغا قايتىپ مەبلەغ غەملەپ داۋاملىق سىناق قىلغان.

مىلادى 1448ـ يىلى گۇتتېنبېرگ مېتالدىن مىخ مەتبەئە ھەرپى ياساشتا مېتال بىرىكتۈرۈش، ھەرپ قۇيۇش ۋە بېسىش ھۈنىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلغان. گۇتتېنبېرگ ياغاچتىن مىخ مەتبەئە ھەرپى ياساش داۋامىدا ياغاچتا كىچىك شەكىلدىكى ھەرپنى ياساشتا قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەچكە يەنمۇ تىرىشىپ مېتالدا مىخ مەتبەئە ھەرپى ياساش تېخنىكىسىنى ئىجاد قىلغان. ئۇ تەركىبىدە Stibium(سۈرمە) بولغان Plumbum(قوغۇشۇن) بىلەن Stannum(قەلەي) بىرىكمىسى ماتېرىيالىنى ئىشلەتكەن، قوغۇشۇن بىلەن قەلەي بىرىكمىسىگە سۈرمە تەركىبى قوشۇلغاندا مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ شەكىلگە كەلتۈرۈشمۇ ئاسان بولغان. ئامېرىلىق مەتبەئە تارىخى مۇتەخەسسىسى ئوسۋالد (John Cyde Oswald) گۇتتېنبېرگ مىخ مەتبەئە ھەرپى قۇيغاندا ئاۋۋال ياغاچتا مىخ مەتبەئە ھەرپى ئويۇۋېلىپ سىغىز لايغا بېسىپ پېتىنقى خەت نۇسخىسى چىقىرىۋالغان، ئاندىن ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپىنى چىقىرىۋېلىپ پېتىنقى ھەرپ قېلىپىغا قوغۇشۇن ـ قەلەي ئېرىتمىسىنى قۇيۇپ سوۋۇغاندىن كېيىن قىرىپ سىلىقداپ مۇكەممەل مېتال مىخ مەتبەئە ھەرپى ياسىغان، بۇ جۇڭگونىڭ قەلەي مىخ مەتبەئە خېتى قۇيۇش ئۇسۇلىغا تامامەن ئوخشايدۇ، دەپ قارايدۇ(159).

گۇتتېنبېرگ ياسىغان مېتال مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ شەكلى ھەققىدە

پايدىلىنىشقا بولىدىغان ماددىي پاكىت بار. مىلادى 1468-يىلى گۇتتېنبېرگنىڭ شاگىرتى زېل (Ulrich Zell، مىلادى 1440~1505-يىللاردا ياشىغان) گېرمانىيەنىڭ كولىن(Köln) شەھرىدە نەشر قىلغان لاتىنچە «خۇشخۇي قىزغا مەدھىيە» دېگەن كىتابتا، بەت ياسىغاندا بىر بەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوش ئورۇنغا ھەرپ توغرىسىغا تىزىلىپ قالغانلىقتىن ھەرپنىڭ ئەتراپىدا بوشلۇق قالغان، نەتىجىدە تازا كۆڭۈلدىكىدەك بېسىلماي قالغان. شۇنداقتىمۇ مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ ئەسلىدىكى تىك ئۇزۇنچاق شەكلى ناھايىتى ئوچۇق بېسىلغان، ھەرپنىڭ ئوتتۇرىسىدا يىڭنە تۆشۈكىگە ئوخشاش بوشلۇق بولۇپ، بۇ جۇڭگونىڭ مېتالدىن ئىشلەنگەن مىخ مەتبەئە خېتىگە تامامەن ئوخشايدۇ(160).

ياۋروپانىڭ دەسلەپكى ياغاچ بەت باسمىسىدا چوتكىلاپ بېسىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، ئەمما بۇ خىل ئۇسۇل ياۋروپانىڭ قىلىن كەندىر قەغىزىگە بېسىلغاندا ئۈنۈمى تازا ياخشى بولمىغاچقا كېيىنچە تەدرىجىي ئۈزۈم شەربىتى ئىشلىگەندە ئىشلىتىدىغان پرېسلاش ماشىنىسى(باسما ماشىنىسى) ئىشلىتىلگەن. گۇتتېنبېرگ ياغاچتىن ياسالغان پرېسلاش ماشىنىسى ئىشلەتكەن بولۇپ، تەگلىك قىسمىغا تىزىلىپ بولغان نابور تاختىسىنى مۇستەھكەم ئورنىتىپ،ئۈستى قىسمىدىكى بېسىم تاختىسىنى تۆمۈردىن ياسالغان تۇتقۇچلۇق ئايلانما ماشىنا بىلەن تىزگىنلىگەن، بۇنىڭ ئېگىز-پەسلىكىنى تەڭشىگىلى بولىغان. تۇتقۇچلۇق ئايلانما ماشىنا ئادەم كۈچى ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ بېسىم دەرىجىسى تىزگىنلەنگەن. كىتاب باسقاندا ئاۋۋال سىياھ تىزىلىپ بولغان نابور تاختىسىنىڭ يۈزىگە سۈرتۈلگەن، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە قەغەز يېپىشتۇرۇلۇپ تۇتقۇچلۇق ئايلانما ماشىنا ئايلاندۇرۇلغان، بېسىم

تاختىسى ئارقىلىق مۇۋاپىق بىسىم كۈچى ھاسىل قىلىنىپ مىخ مەتبەئە ھەرپى تىزىلغان نابور تاختىسىدىكىدىكى تېكىست قەغەزگە بېسىلىپ چىققان. ئەينى چاغدا بېسىلغان كىتاب بىر ۋاراقنىڭ ئىككى يۈزىگە بېسىلغان، ئاندىن تۈپلىنىپ كىتاب بولۇپ چىققان. بۇ ئۇسۇل بىلەن سائىتىگە 20 نەچچە ۋاراق بېسىلغان، كۈنىگە 300بەت بېسىلغان(161).

مىلادى 1455-يىلى گۇتېنبېرگ ئۆزىنىڭ مەتبەئەچىلىك ھاياتىدىكى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتىنى تاماملاپ، مىخ مەتبەئەدە مەشھۇر«42 قۇرلۇق ئىنجىل»نى بېسىپ تاماملىغان، بۇ «42 قۇرلۇق ئىنجىل»نىڭ قەغەزگە بېسىلغىنى 180 پارچە، تېرە قەغەزگە بېسىلغىنى 30 پارچە بولۇپ، جەمئىي 210 پارچە كىتاب باسقان. بۇ كىتابنىڭ فورماتىنىڭ كەڭلىكى30.5 cm، ئۇزۇنلۇقى(ئېگىزلىكى) cm 40.6 بولۇپ چىققان. ھەربىر ۋارىقى ئىككى بەت (بىر ۋاراقنىڭ ئىككى يۈزى) بولۇپ، 1~9-بېتى 40 قۇرلۇق، 10-بېتى 41قۇرلۇق بېسىلغاندىن باشقا قالغان بەتلىرى 42قۇر بولۇپ بېسىلغان، بۇ كىتاب(ئىنجىل) جەمئىي 1282بەت يەنى 641ۋاراق بولغان. تېكىستى لاتىن يېزىقىنىڭ گوت نۇسخىسىنىڭ توم خەت شەكلى بولۇپ، قارا سىياھتا بېسىلغان. بىرىنچى تومنىڭ بىرىنچى بېتىدىكى تۇنجى ھەرپ مىخ مەتبەئە ھەرپى بىلەن بېسىلماستىن بەلكى كىچىك بىر چاسا بوشلۇق قالدۇرۇلۇپ، كاتەكچىگە قىزىل ۋە قارا بوياق بىلەن ھۆسنخەت شەكلىدىكى بەدىئىي خەت نۇسخىسى قول بىلەن يېزىلغان. ھەربىر بەتنىڭ ئەتراپىدىكى رامكىسىغا ياغاچقا ئويۇلغان گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن، ياغاچ بەتنىڭ بەت رامكىسىغا ھەرپ تىزىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئويما بەت مەتبەئەسى بىلەن مىخ مەتبەئە بىرلەشتۈرۈلۈپ بېسىلغان تەۋەرۈك نۇسخا بولۇپ قالغان. بەت نۇسخىلىرى قەغەزگە ئېلىنغاندىن كېيىن ئىككى توم

قىلىپ تۈپلەنگەن. بۇ باسمىنىڭ ھازىر 20 نەچچە پارچىسى ساقلىنىپ قالغان. دەسلەپتە 1760-يىلى پارىژدىكى قىزىل تونلۇق ئېپىسكوپ مازارىن( Jules Mazarin، مىلادى 1602~ 1661-يىللاردا ياشىغان) 1642-يىلى قۇرغان ، كېيىنكىلەر مازارىن كۇتۇپخانىسى(Bibliotheque Mazarine)دەپ ئاتىغان كۇتۇپخانىدا بايقالغان بولۇپ، ھازىر پارىژدىكى فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا(162). 1455-يىلى گۇتتېنبېرگ ۋە ئۇنىڭ شېرىكى فوستېرنىڭ توختام مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، گۇتتېنبېرگ قەرزىنى تۆلەشكە ئامالسىز قالغانلىقتىن باسما زاۋۇتى ئۈسكىنە-ئەسلىھەلىرى ۋە تېخنىك ئىشچىلىرى بىلەن بىراقلا فوستېرنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. كېيىنچە گۇتتېنبېرگ ھۇمېرىي(Conrad Humery) نىڭ مەبلەغ ياردىمى بىلەن 1456-يىلى مېئىنزدا قايتىدىن بىر باسما زاۋۇتى قۇرغان. شۇ يىلى تاق بەتلىك«1457-يىللىق كالېندار» نى بېسىپ تارقاتقان، 1459-يىلى يەنە بىر قېتىم «36قۇرلۇق ئىنجىل»نى باسقان، 1460-يىلى پۇقرالار دەرسلىكى بولغان«چېركاۋ ئوقۇشلۇقى»نى باسقان، بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى لاتىن يېزىقى گراماتىكىسى ۋە ئىلاھشۇناسلىق لۇغىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، 748 بەتلىك بىر توم قىلىپ تۈپلەنگەن.

گۇتتېنبېرگنىڭ مېتالدا قۇيۇلغان مىخ مەتبەئە باسما پائالىيىتى ياۋروپادا ئىجادكارلىق ۋە ئۈلگىلىك رول ئوينىغان. ياۋروپادىكى گرېتسىيەدىن باشقا ئەللەرنىڭ يېزىقى لاتىن يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان بولغاچقا، مۇتلەق كۆپ ھەرپى ئاساسەن ئوخشايدۇ، شۇڭا بۇ ياۋروپادا ناھايىتى تېزلا ئومۇملاشقان. گۇتتېنبېرگ مېئىنزدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا گېرمانىيەنىڭ باشقا شەھەرلىرىگە تارقىلىپ ئومۇملاشقان، ئارقىدىنلا

پۇتكول ياۋروپاغا تارقىلىپ، ئاساسلىق مەتبەئەچىلىك ئۇسۇلى بولۇپ قالغان.

1465-يىلى ئىتالىيەنىڭ رىم شەھرى ئەتراپىدا تۇنجى مىخ مەتبەئە باسما زاۋۇتى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ۋە سىياھ، قەغەزلىرى گېرمانىيەدىن توشۇپ كېلىنگەن. دەسلەپكى ئىككى يىلدا «لاتىن تىلى گراماتىكىسى»، قەدىمقى رىم سىياسىيئونى سىسپرونىڭ «نۇتۇقلار توپلىمى»قاتارلىقلار ھەمدە دىنىي ئەدەبىياتقا ئائىت كىتابلار بېسىپ چىقىرىلغان. ئارقىدىنلا ئىتالىيەنىڭ ۋېنتسىيە، فلورېنسا ۋە مىلان قاتارلىق شەھەرلىرىدىمۇ ئارقا-ئارقىدىن مىخ مەتبەئە باسما زاۋۇتى بارلىققا كەلگەن.

فرانسىيەدە، پادىشاھ چارلىزVII (VIICharles )، (مىلادى 1403~1468-يىللاردا ياشىغان) گۇتتېنبېرگنىڭ مىخ مەتبەئە باسمىسىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن 1458-يىلى فرانسىيە پۇل بېسىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نىكولاس ژانسون( Nicholas Jenson، 1420~1480-يىللاردا ياشىغان) نى مېئىنز شەھرىگە مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. نىكولاس ژانسوننىڭ تېخنىكا ئىگىلەپ قايتىشى پادشاھ ئۆلگەن، شاھزادە لۇئىXI تەختكە چىققان پەيتكە توغرا كېلىپ قالغان، لۇئىXI مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىغا قىزىقمايدىغان پادشاھ چىقىپ قالغاچقا نىكولاس ژانسون ئاچچىقىدا فرانسىيەدىن ۋېنتسىيەگە بېرىپ ئۆز ئالدىغا باسما زاۋۇتى قۇرغان ھەمدە كۆركەم رىم خەت شەكلىدە 150 نەچچە خىل كىتاب باسقان. ژانسوننىڭ كېتىپ قېلىشى بىلەن فرانسىيەنىڭ مىخ مەتبەئەچىلىكى خېلى يىللار كېچىككەن، 1470-يىلىغا كەلگەندىلا فرانسىيە شۋېيتسارىيەدىن ئۈچ گېرمانىيەلىكنى يۇقىرى ھەق بېرىش بەدىلىگە تەكلىپ قىلىپ كېلىپ پارىژدا تۇنجى باسما زاۋۇتى قۇرغان.

15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئىسپانىيەنىڭ ۋالىنسىيە، ھۇنگارىيەنىڭ بۇداپېست، گوللاندىيەنىڭ برۇججې(Brugge)، دانىيەنىڭ ئودېنسې(Odense)، پورتۇگالىيەنىڭ لىسسابوندا مىخ مەتبەئە باسما زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1476ـ يىلى ئەنگلىيىلىك كاكستون لوندوندا تۇنجى باسما زاۋۇتى قۇرۇپ، 1477ـ يىلى ئىنگلىز تىلىدا «پەيلاسوپلار ئەقلىيەلىرى ۋە تەلىم ـ تەربىيەسى» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدى، ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر 30نەچچە خىل كىتاب بېسىپ چىقارغان. مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ياۋروپادا قوللىنىلىشى ۋە ئومۇملىشىشى كېيىنكى چاغلاردىكى ياۋروپادا پەن ـ مائارىپ ۋە ئەدەبىي گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ روناق تېپىشى ئۈچۈن مۇھىم ئاساس بولغان.

ياۋروپادا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى كىم ئاۋۋال ئىشلەتكەنلىكى مەسىلىسى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش بولغان. بۇ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ گېرمانىيەدىن باشقا ياۋروپا ئەللىرىدە بىرلا ۋاقىتتا ئايرىم ـ ئايرىم ئىشلىتىلىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ھەقىقىي چۈشەنمىگەن ياۋروپالىقلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن تۇنجى كەشپىيات ھوقۇقىنى تالىشىش مۇنازىرىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەلۋەتتە بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. مەسىلەن ئىتالىيەلىك دوختۇر، باسمىكار كاستالدى دېگەن كىشى ( Pamfilo Castaldi، 1398~ 1490 ـ يىللاردا ياشىغان) 1426ـ يىلى ۋېنتسىيەدە چوڭ شەكىللىك مىخ مەتبەئە ھەرپى بىلەن چوڭ فورماتلىق قاتلىما كىتاب باسقان. ئەنگلىيىلىك شەرقشۇناس كەرزون (Robert Curzon) نىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئىتالىيەنىڭ بېللۇنو(Belluno)نىڭ ئۆلكىسى فېلترې (Feltre)ئارخىپخانىسىدا

ساقلانغانىكەن(163).كاستالدى 1398-يىلى تۇغۇلغان، مانا بۇ كىشى ياۋروپا مىخ مەتبەئەسىنىڭ تۇنجى ئىجادچىسى، دەپ قارالماقتا. مۇشۇنىڭ ئۈچۈن 1868-يىلى لۇمباردىئا(Lumbardia)دا ئۇنىڭ مىس ھەيكىلى تىكلەنگەن. ئېيتىلىشچە، كاستالدىنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئۇنىڭ شاگىرتى فۇست (Johann Fust) گېرمانىيەلىك گۇتتېنبېرگقا ئاشكارىلاپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن ياۋروپادا تۇنجى بولۇپ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئىجاد قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىش تالاش-تارتىشى پەيدا بولغان. كاستالدى 1426-يىلى باسقان مىخ مەتبەئە نۇسخىنىڭ يىل دەۋرى ھازىر ساقلىنىۋاتقان ياۋروپادىكى ئەڭ بالدۇرقى ياۋروپا ئويما مەتبەئە باسما نۇسخىسىنىڭ يىل دەۋرىدىن پەرقلىنىدىغان ۋاقتى 30 يىلغا يەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىخ مەتبەئە نۇسخىسىنىڭ بىر باسما بېتى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى بەتكە بېسىلىپ ئاندىن قاتلىما كىتاب قىلىنغان، ئۇنىڭ شەكلى ئويما بەت مەتبەئەسى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ(164). بۇ ياۋروپا ئويما بەت مەتبەئەسى ئىشلىتىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىدا لىتاب بېسىلىشقا باشلاپ مىتالدىن ياسالغان مىخ مەتبەئەنىڭ قوللىنىلىشىغا ئاساس يارىتىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## خاتىمە

تاڭغۇتلارنىڭ مىخ مەتبەئە باسما بۇيۇملىرى بىلەن دۇنخۇاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ بايقىلىشى جۇڭگو ۋە دۇنيا مەتبەئە تارىخىدا ناھايىتى گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچى، جۇڭگونىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشپ قىلغانلىقى يەنە بىر قېتىم تارىخىي يادىكارلىقتا ۋە ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەن بولۇپ، دەسلەپكى

مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى تارىخىدىكى گۇمان ۋە مۇجمەللىك ئايدىڭلاشتى. تاڭغۇت يېزىقىدىكى مىخ مەتبەئە بۇيۇملىرى دۇنيادا ھازىرغىچە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى مەتبەئە بۇيۇمى، دۇنخۇاڭدىن بايقالغان ئۇيغۇرچە ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپى دۇنيادا ھازىرغىچە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ ماددىي پاكىتى. جۇڭگونىڭ قەدىمقى مىخ مەتبەئەنى كەشپ قىلغانلىقى ۋە ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بى شېڭنىڭ سىغىز مىخ مەتبەئەسىنى كەشپ قىلغانلىقىغا ئائىت يازما خاتىرىلەرلا بولسىمۇ ئەمما مىخ مەتبەئەگە ئائىت ماددىي پاكىت كەمچىل ئىدى، شۇڭا نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتچىلار جۇڭگونىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى تۇنجى بولۇپ كەشپ قىلغانلىقىغا گۇمان قىلىشقان، ھەتتا سىغىز لايدىن ياسالغان مەتبەئە تارىختا مەۋجۇد بولمىغان، دەپ يەكۈن چىقىرىشقان. تاڭغۇتچە مىخ مەتبەئە باسما بۇيۇمى ۋە ئۇيغۇرچە ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ تېپىلىشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى كەشپ قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي تاڭغۇت ۋە ئۇيغۇرلار رايونىغا تارقالغانلىقى ۋە قوللىنىلغانلىقىنى، نەتىجىدە ئېلىمىزنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى تۇنجى بولۇپ كەشپ قىلغانلىق ئورنىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇئەييەنلەشكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى، تاڭغۇت ۋە ئۇيغۇر مىخ مەتبەئە ماددىي پاكىتىنىڭ بايقىلىشى تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلار مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى ماكان جەھەتتە غەربىي يۇرتقا كېڭەيتىپ، مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقالغانلىقىنى پاكىت بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. زور مىقداردىكى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى ئىشلىتىلىشكە باشلاپ

ئۇزاق ئۆتمەي غەربىي شىمال رايوندىكى تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايوندىكى مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ تەسىرىدە ئارقا-ئارقىدىن مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئىشلەتكەن. تاڭغۇتلارنىڭ جۇڭشىڭ مەھكىمىسى (بۈگۈنكى نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ يىنچۇەن شەھىرى ئەتراپىدا)ئەتراپى، لياڭجۇ ئايمىقى(ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي)، دۇنخۇاڭ، خېيشۈي (قاراسۇ) شەھىرى، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن زور مىقداردا تاڭغۇتلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئە ماددىي بۇيۇمى بايقىلىپلا قالماستىن بەلكى يەنە بېسىشتا ئىشلىتىلىدىغان باسما تاختىسىمۇ تېپىلدى. بۇ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىپ، مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشى ئۈچۈن مۇئەييەن ماكان ۋە مەدەنىيەت شارائىتى ياراتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. جۇڭگونىڭ مىخ مەتبەئەنى كەشىپ قىلغان ۋە ئىشلەتكەن ۋاقتى مىلادى 11-ئەسىر، ھالبۇكى ياۋروپانىڭ مىخ مەتبەئەنى ئىشلەتكەن ۋاقتى 15-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولغان، بۇ ئىككىسىنىڭ ۋاقىت پەرقى بىرقەدەر ئۇزۇن، جۇغراپىيىلىك ئارىلىقى ناھايىتى يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇچە مىخ مەتبەئە سۆز بىرلىك قىلىنغان چاسا خەت، ياۋروپانىڭ بولسا ھەرپ بىرلىك قىلىنغان مىخ مەتبەئە ھەرپى بولغاچقا ئىلگىرى بەزىلەر جۇڭگو مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ياۋروپاغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ كەلگەن، جۇڭگو مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ياۋروپاغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەر بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ قانداق يوللار ئارقىلىق غەربكە تارقالغانلىقىنى قايىل قىلارلىق چۈشەندۈرۈش قىيىن بولۇپ كەلگەن ئىدى. تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلار جۇڭگونىڭ غەربىدە جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ

ئالاقە قىلىدىغان مۇھىم يولى بولغان خېتى كارىدورىنى تىزگىنلەپ تۇرغان بولۇپ، ئەينى چاغدا شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى شەرقتىن غەربكە تارقىلىش جەريانىدا تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلار ناھايىتى بۇرۇنلا مىخ مەتبەئەنى ئىشلەتكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. مىخ مەتبەئەنى ئىشلەتكەن ۋاقىتتىن قارىغاندا بى شېڭ مىخ مەتبەئەنى 11-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كەشپ قىلغان بولسا تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلار يەخمىنەن 12-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئىشلەتكەن، ياۋروپادا بولسا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى 15-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن ئىشلىتىلگەن. تاڭغۇتلارنىڭ مىخ مەتبەئە ماددىي بويۇمى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ تېپىلىشى مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئىشلىتىش زامان جەھەتتىن غەربكە تارقىلىش داۋامىدىكى ئىككى ئەسىرلىك ئۆتكۈنچى مەزگىلنى تولدۇرغان بولسا، ماكان جەھەتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربكە 2000كىلومېتىردىن كۆپرەك سوزۇلغەنلىكنى تولدۇردى.

ئۆچىنچى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى كەشپ قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي خەنزۇلار رايونىدىكى مەدەنىيەت بىلەن تۇپتىن ئوخشىمايدىغان تاڭغۇت ۋە ئۇيغۇرلار رايونىغا تارقىلىپ كىرىپ، شۇ مىللەتلەرنىڭ يېزىق ئالاھىدىلىكىگە باب كېلىدىغان مىخ مەتبەئە ھەرپى ئىجاد قىلىندى. نەتىجىدە مىخ مەتبەئەنىڭ تىپمۇ بۇرۇلۇش، تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ تىپمۇ مىللەتلەر تىل-يېزىق تىپىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۆزگىرىپ بارغان.

بى شىك كەشپ قىلغان خەنزۇچە مىخ مەتبەئە چاسا خەنزۇچە خەت (سۆز) بىرلىك قىلىنغان مىخ مەتبەئە. تاڭغۇت يېزىقى خەنزۇچە خەت ياساش قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىپ تاڭغۇت تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئىجاد قىلىنغان چاسا خەتلىك يېزىق بولۇپ، خەنزۇ يېزىقىغا ئوخشاشلا مەنا ئىپادىلەيدىغان يېزىق تۈرىگە مەنسۇپ. تاڭغۇتلارنىڭ مىخ مەتبەئەسى يەككە خەت بىرلىك قىلىنغان ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ يېزىقىنىڭ مىخ مەتبەئەسى بىلەن ئوخشاش تىپتىكى سۆز بىرلىك قىلىندىغان مىخ مەتبەئەدۇر. ئۇيغۇر تىلى بولسا يېپىشقاق تىللار تىپىدىكى تىل. بۇ تىلنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى تۈپ سۆزنىڭ ئارقىسغا مۇئەييەن تەرتىپ بويىچە ئوخشاشمىغان گىراماتىكىلىق قوشۇمچە ياكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق سۆز ياسىلىدىغان بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئوخشاشمىغان سۆز مەناسى ياكى گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلى ھەرپلىك ( ئېلىپبەلىك) يېزىق. ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپنى ياسىغۇچىلار ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇش بىلەن بىللە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپلىك يېزىق ئىكەنلىكىدەك بۇ مۇھىم ئامىلىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماي، خەنزۇچە مىخ مەتبەئەگە ھەم تاڭغۇتچە مىخ مەتبەئەگە ئوخشىمايدىغان يېڭى تىپتىكى مىخ مەتبەئەنى ئىجاد قىلغان. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى نوقۇل سۆز بىرلىك قىلىنغان بولماستىن بەلكى ھەرپ، بوغۇم (سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار) ۋە سۆز بىرلىك قىلىنغان ئارىلاش مىخ مەتبەئە ھەرپىدۇر، بۇ غەربنىڭ ھەرپلىك مىخ مەتبەئەسىنى شەكىللەندۈرۈدىغان تۈپ قانۇنىيەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئەدىكى ھەرپ بىرلىك قىلىنغان مىخ

مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ تۇنجى بولۇپ ئىجاد قىلىنىشى دۇنيا مىخ مەتبەئە تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇچە خەت مىخ مەتبەئە چاسا خەنزۇچە خەت بىرلىك قىلىنغان مىخ مەتبەئە بولۇپ، ئەڭ بۇرۇن 11-ئەسىرگە ئائىت يازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلەنگەن، ۋەھالەنكى گېرمانىيەنىڭ گۇتتېنبېرگ ئىشلەتكەن ھەرپ بىرلىك قىلىنغان مېتال مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى 15-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا تەۋە، بۇ ئىككىسىنىڭ ۋاقىت پەرقى نەچچە يۈز يىللىق پەرق بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئارىلىقمۇ ناھايىتى يىراق. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ئېلىمىز مىخ مەتبەئە ئىدىيىسى ۋە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشىدىكى ۋاستىچى تېپىتۇر. تاڭغۇتلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئە بۇيۇمى تېپىلغانلىقتىن، مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى تارقىلىشنىڭ ماكانى جەھەتتىن بىز ھازىر12-ئەسىر بىلەن 13-ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە جۇڭگونىڭ مى مەتبەئە تېخنىكىسى ئىدىيىسى ۋە تېخنىكىسى ئالىلقاچان غەربىي يۇرتقا تارقالغان ھەمدە مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ داۋاملىق غەربكە تارقىلىشى ئۈچۈن كۈچلۈك مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا ئارقا كۆرۈنۈشى ھازىرلىغان، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتالايمىز.

تۆتىنچى، تاڭغۇتچە مىخ مەتبەئە بۇيۇملىرىدا ئۇچرايدىغان نۇرغۇن بىغىشلىما ۋە خاتىمە تاڭغۇتچە مىخ مەتبەئە بۇيۇملىرىنىڭ يىل دەۋرىنى بىلىشنىڭ بىۋاستە ئاساسى بولۇش بىلەن بىللە مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا ئىشلىتىلگەن ۋە غەربكە تارقالغان يىل دەۋرىنى بىلىشتىكى قىممەتلىك ئاساس. چۈنكى نوۋەتتە ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنغىنىغا ۋە قوللىنىلغانلىقىغا ئائىت تارىخىي يازما خاتىرىلەر تېپىلمىدى، شۇڭا ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى پەقەت ۋاستىلىك ماتېرىياللار ۋە

ئالاقدار تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئارقىلىقلا تەخمىن قىلالايمىز. دۇنخۇاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار پائالىيەت ئېلىپ تارىخىي ماتېرىياللار ۋە موگاۋ تاشكېمىرىنىڭ گۈللىنىش-خارابىلىشىش تارىخى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى يىل دەۋرىنىڭ 12-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 13-ئەسىرنىڭ باشلىرى ئارىلىقىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. بۇ دەۋرمۇ دەل تاڭغۇتلار رايونىدا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى تەرەققىياتقا ئېرىشكەن دەۋر بولغان، تاڭغۇتلارنىڭ بۇددا دىنى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى زىچ بولۇپ، ئىككى رايوننىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشمۇ ناھايىتى قويۇق بولغان، شۇڭا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى قوللىنىش جەھەتتىمۇ چوقۇم ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشمەي قالمايدۇ، شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى ئىجاد قىلغان ۋە ئىشلەتكەن ۋاقتىمۇ مۇشۇ مەزگىلدىن كېيىن ئەمەس. 13-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا دۇنخۇاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىر كۈچى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى داۋالغۇپ تۇرغان، ئۇرۇش مالىمانچىلىقنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمىگەن، شۇڭا بۇ رايوننىڭ بۇ مەزگىلدىكى سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشى مىخ مەتبەئە ھەرپى ئىجاد قىلىپ بۇددا نومى بېسىش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت ھازىرلاپ بېرەلمەيتتى.

بەشىنچى، مىلادى 13~14-ئەسىر جۇڭگو بىلەن ياۋروپانىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى بىرقەدەر كۆپ ھەم ئەڭ بىۋاستە بولغان مەزگىل ئىدى، نۇرغۇن ياۋروپالىق دىن تارقاتقۇچى، رىم پاپاسىنىڭ ئەلچىلىرى، سودىگەرلەر، سەيياھلار جۇڭگوغا كەلگەن، شۈبھىسىزكى،مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو مەدەنىيىتى ئۇلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان، بۇ ئامىللارنىڭ

ئۇلارنى مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى ياۋروپاغا تارقىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى زور.

13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۇيغۇرلار رايونى موڭغۇل ئىلىگە قارام بولدى، نۇرغۇن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بۇ مەزگىلدە چىڭگىزخان ئۇچۇن ئەقىل كۆرسەتكۈچى تەدبىركار ۋە مەلھەتچى بولدى ياكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى ياكى بولمىسا پەرمان پۈتۈشقا مەسئۇل پۈتۈكچى(Bitikchi) بولدى، ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنىڭ يۇەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە ئۇيغۇر يېزىقى دۆلەت ئىشلىرى ۋە دىپلوماتىيە ھۆججەتلىرى يېزىلىدىغان يېزىق ئىدى(165). بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن ماھىر ھۈنەرۋەنلىرى ۋە پۇقرالىرى موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىللە غەربكە بارغان، ئۇلار مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئۆزئىچىگە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ غەربكە تارقىلىشىدا مۇھىم ۋاستىچى بولغان. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن، بۇ تەسىرنىڭ دائىرىسى يېزىق، ئەدەبىي تىل، سەنئەت قاتارلىق جەھەتلەردە گەۋدىلىك بولۇپ، داۋاملاشقان ۋاقتىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن بولغان(166). شۇنداق ئېيتىش كېرەككى، مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى مۇشۇ مەزگىلدە تاڭغۇت ۋە ئۇيغۇر رايونى ئارقىلىق ياۋرو-ئاسىيا قاتنىشىنىڭ شىمالىي لىنىيىسى ياكى پېرسىيە ـ ئەرەب رايونىدىن غەربكە تارقالغان. خۇددى يوسىيف نىدھام باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن « جۇڭگونىڭ پەن-تېخنىكا تارىخى» دا يېزىلغىنىدەك « ئەگەر مەتبەئە تېخنىكىسى شەرقتىن غەربكە تارقىلىش جەريانىدا شۇنداق بىر ۋاستىلىك ھالقا بولغان، دېيىلسە ئۇنداقتا ھەم ئويما بەت مەتبەئەسىگە ھەم مىخ مەتبەئەگە

پىششىق بولغان ئۇيغۇرلارنىڭلا مۇشۇنداق تارقىلىش داۋامىدا مۇھىم رول ئويناش پۇرستى ھەممىدىن زور »(167). ھازىر تاڭغۇتچە مىخ مەتبەئە بۇيۇملىرى ۋە ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ كۆپلەپ تېپىلىشى يۇقىرىقى بۇ دەلىللىنىڭ ھەققەتەن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

ئومۇمەن، تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى قوللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشى ھەمدە قىممەتلىك مىخ مەتبەئە ماددىي بۇيۇملىرىنى قالدۇرۇشى جۇڭگو ھەتتا دۇنيا مىخ مەتبەئە مەدەنىيىتىگە قوشقان گەۋدىلىك تۆھپە بولۇپ، مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

★بۇ كىتابتا پەقەت بىرلا خىل شەكلى مىسال كەلتۈرۈلدى .

★★ بۇ جەدۋەللەردىكى ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ بەلگىلىرىنى ئاپتور ياسىن ھوشۇر ئەلى دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىدىن نۇسخا ئالغاندا بىر تۇتاش قويغان نومۇر، تولۇق نۇسخىسى ئاپتورنىڭ «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى تەتقىقاتى» ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلىنماقچى.

ئىزاھلار:

① ۋېي لياڭتاۋنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىلى نەشر قىلغان «قاراخانىلار سۇلالىسى تارىخىدىن بايان» دېگەن كىتابىنىڭ 72-،73-بەتلىرىگە قاراڭ.

② «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»490-جىلد«ئىدۇققۇت تەزكىرىسى».

Zwei Pfahlinschriften aus den :F.K.Múller③
.Turfanfunden, Berlin, APAW 1915,s.3 – 13

④ گېك شىمنىنك «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1978-يىل 4-سانىدا ئېلان قىلىنغان «مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىدا ساقلانغان ئۇيغۇرچە مانى دىنىغا ئائىت ھۆججەتلەر ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

⑤ ملك سۇلالىسىدە ئۆتكەن سۇڭ لىيەن قاتارلىقلار يازغان «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»124-جىلد«تاتاتوڭانىڭ تەرجىمھالى»،جۇڭخۇا كىتابچىلىق نەشرىياتى بېيجىڭ،1976-يىل نەشرى،3048-،3049-بەتلەر.

⑥ «يۈەن تارىخىدىن بايان»مەجمۇئەسىنىڭ 6-تومىدا بېسىلغان شاڭ يەنبىننىڭ «يۈەن ئوردىسىدىكى ئۇيغۇر ۋەزىرلەر» دېگەن ماقالىسىدىن (خەنزۇچە مەزكۇر مەجمۇئەنىڭ شۇ تومى 189 -، 200-بەتلىرى).

⑦ ملك سۇلالىسىدە ئۆتكەن سۇڭ لىيەن قاتارلىقلار يازغان «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»130–جىلد «ئارغۇن سالىنىڭ تەرجىمھالى» ،جۇڭخۇا كىتابچىلىق نەشرىياتى بېيجىڭ،1976-يىل نەشرى،3174-،3180-بەتلەر.

⑧ ملك سۇلالىسىدە ئۆتكەن سۇڭ لىيەن قاتارلىقلار يازغان «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 125–جىلد «بۇرۇلمىش قايانىڭ تەرجىمھالى» ،جۇڭخۇا كىتابچىلىق نەشرىياتى بېيجىڭ،1976-يىل نەشرى،3246-بەت.

⑨ ملك سۇلالىسىدە ئۆتكەن سۇڭ لىيەن قاتارلىقلار يازغان«يۈەن سۇلالىسى تارىخى»124–جىلد «تاتاتوڭانىڭ تەرجىمھالى»،جۇڭخۇا كىتابچىلىق

نەشرىياتى بېيجىڭ،1976-يىل نەشرى،3043-بەت.

⑩ «يۈەن تارىخدىن بايان»مەجمۇئەسىنىڭ 6-تومىدا بېسىلغان شاڭ يەنبىننىڭ«يۈەن ئوردىسىدىكى ئۇيغۇر ۋەزىرلەر» دېگەن ماقالىسىدىن (خەنزۇچە مەزكۇر مەجمۇئەنىڭ شۇ تومى 189-، 200-بەتلىرى).

(11) مېڭ فەنرېننىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»ژۇرنىلىنىڭ1982-يىللىق1-سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئىدۇقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

⑫ «بەش دەۋر تارىخى خاتىرىلىرى» 74-جىلد ، «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

⑬ روڭ شىنجياڭ : «بەيئەتچى قوشۇنلار تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، شاڭخەي قەدىمقى ئەسەرلەر نەشرىياتى 1996-يىل نەشرى. جى شيەنلىن تۈزگەن « دۇنخۇاڭشۇناسلىق لۇغىتى»، شاڭخەي قامۇس - لۇغەت نەشرىياتى، 1998 - يىل نەشرى، 4 ~ 6-بەتلەر.

⑭ لىيۈيىڭشېڭ : «غەربىي شىمال مىللەتلەر تارىخى ۋە چاغاتاي خانلىقى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، 168-بەت، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994-يىل نەشرى.

(15) يۈجى:«ئىدۇقۇت خانلىرىنىڭ تۆھپىلىرى»، «تەرىقەت باغچىسى ئىلمىدىن نەمۇنىلەر» 24-جىلد؛ گېڭ شىمىن : «ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردىكى ئىدۇقۇت خانلىرى تۆھپىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»،«ئارخېئولوگىيە ئىلمى ژۇرنىلى»1980-يىل 4-سان؛ ۋاڭ زوڭۋېي : «ئىدۇقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىدۇقۇت جەمەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يۈگچاڭغا كۆچۈشىنىڭ باش - ئاخىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1989-يىل 2-سان.

⑯ V.V. بارتولد [سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى]: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن

12 لېكسىيە» 71 ~ 80-بەتلەر ،لوجېپىك تەرجىمە قىلغان، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى 1984-يىل نەشرى، بېيجىڭ.

(17) ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىلار خانلىقى تارىخى تىزىسلىرى»،137~155-بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، ئۈرۈمچى، 1986-يىل .

(18) مونىك مەيلارد(Monique Maillard) ——— فرانسىيە) : «قەدىمقى ئىدۇقۇت خانلىقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تارىخى»، گېڭ شىن تەرجىمىسى، جۇڭخۇا كىتابچىلىق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1995-يىل نەشرى، 104~115-بەتلەر.

(19) «جۇڭگو گۈزەل سەنئەت قامۇسى. رەسىملەر»نىڭ 6-تومى(«شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدىكى تام رەسىملىرى»، سۇ بەي تۈزگەن) 75~97-بەتلەر،ئاسارئەتىقىلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ،1989-يىل.

(20) جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن چىقىرىلغان«بەشبالىقتىكى ئىدۇقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى»دېگەن كىتابنىڭ 80~81، 169~180-بەتلىرى، لياۋنىڭ گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى ، 1991-يىل نەشرى.

(21) گۇلپىيە بىلەن سەي جيەنخۇاڭ بىرلىكتە يازغان «بەشبالىقتىكى ئىدۇقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىلىكىدە ساقلىنىپ قالغان جەسەت كۆلى تالىشىش توغرىسىدىكى رەسىم ئۈستىدە دەسلەپكى ئانالىز» دېگەن ماقالىغا قاراڭ، دۇنخۇاڭ ئاكادېمىيىسى تۈزگەن دۈەن ۋېنجى دۇنخۇاڭ تەتقىقاتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش توغرىسىدىكى ئىلمىي ئەسەرلەر مەجمۇئەسى»نىڭ 168~171-بەتلىرىگە قاراڭ، دۇنيا كىتاب نەشرىياتى شىركىتى،بېيجىڭ، گۇاڭجۇ، شاڭخەي، شىئەن، 1996-يىل.

chinesischer buddhistischer  Katalog  (22)
Berlin  ,Textfragmente, I,eds. G.Schmitt and Th. Thilo
.1975;II, ed.Th.Thilo, Berlin 1985
Древне тюкской  Памятники >> :С.Е.Малов (23)
;М~ Л. 1951 ,<< Письменности
گېلك شمىن: «دۇنخۇاڭ تۈرك-ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتىنىڭ مۇقەددىمىسى»، شىنۋېنفېڭ نەشرىياتى، تەيبېي، 1994-يىل نەشرى؛
جۇاڭيۇەن نېيجېڭخۇڭ: «ئۇيغۇرچە ئىستىقامەتتىكى بۇددساتۋا ـــــ پىيللىئوت ئېلىپ كەتكەن 4521-نومۇرلۇق ۋەسىقە»، «چەتئەللشۇناسلىق تەتقىقاتى»نىڭ 31-سانى 33~96-بەتلەر، 1995-يىل نەشرى، شىنخۇ؛

Altturkische Grammatik, 3, Auflage,  :A von Gabain
.Wiesbaden, 1974

Грамматика Яазыка Древне  >> : А.Н.Кононов (24)
во Наука , - , изд ,<<тюкских Рунических Памятников
.Ленинград , 1980 , с. 57~ 75

(25) يۈمىن: «سانسكرىت تىلىدىكى مىڭ سۆزلۈك ماقالىلەر ئوقۇشلۇقى»، «جۇڭگو تىل-ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىي ماقالىلىرى مەجمۇئەسى»، 254~268-بەتلەر، گۇاڭشېڭ باسمىخانىسى، توكيو، 1984-يىل نەشرى.
(26) پىڭشەن جيۇشيۇڭ [ياپونىيە] : «ياپونىيەلىك راھىب ئەنرەننىڭ ‹سىددام

دەستۇرى›دىكى تاڭ دەۋرىنىڭ تەلەپپۇزى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر»، شىاڭگاڭ جۇڭگو تىل-ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتى تۈزگەن «ۋاڭ لى ئەپەندىنى خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلىرى مەجمۇئەسى» 1~20-بەتلەر، سەنلىيەن كۇتۇپخانىسىنىڭ شىاڭگاڭ شۆبىسى نەشرى، 1987-يىل.

Gulik(高罗佩): Siddham,Mrs.Sharada R.H.Van (27)
.Rani,Delhi,1980,pp.3~15

al-Kashghari: Compendium of the Turkic Mahmud(28)
Introduction and Dialects, Edited and Translated with
